مۇھەممەد يۇسۇپ

# ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى

ئىسلامي ئەسەرلەر نەشرىياتى

ⓒ محمد يوسف محمد تورسون، 1431هـ

**فهرسة مكتبة الملك فهد الوطنية أثناء النشر**

تورسون، محمد يوسف

نظام الأسرة في الإسلام /محمد يوسف تورسون-الرياض، 1431هـ

ص؛..س

ردمك: 978-603-00-5435

(الكتاب باللغة الأويغورية)

نظام الأسرة في الإسلام العنوان

ديوي 1, 219 1431/5589

رقم الإيداع: 1431/5589

ردمك: 0-5435-00-603-978

# نظام الأسرة في الإسلام

الطبعة الرابعة

تأليف

محمد يوسف  محمد تورسون

# ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى

تۆتىنچى نەشرى

ئاپتورى

مۇھەممەد يۈسۈپ م. تورسون

بۇ كىتابنى كىچىكىمدىن ياخشى تەربىيەلەپ، ئىسلامىي ئاڭدا يېتىشتۈرگەن ۋە ئوقۇشۇمغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ماڭا ئىلھام بەرگەن مەرھۇمە ئانام پاتەمخاننىڭ مۇبارەك روھىغا بېغىشلايمەن.

- ئاپتور

﴿ وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴾

﴿ئۇنىسى ـ ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەر يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقىمۇ ئاللاھنىڭ (كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾

(رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەت)

# بىرىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارى، ئىنسانلارنى ئەر - ئايال قىلىپ يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېھرى - مۇھەببەت ئادا قىلغان جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن ۋە ئۇلارغا ئىنسانى ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆگەتكەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۇئمىنلەرگە سالام يوللايمەن.

ئىسلام دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ھەرتۈرلۈك ئىللەتلەر ۋە خۇراپاتلىقدىن ئازاد قىلىپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چاقىرىدىغان ئەڭ ئىلغار، مەدەنىي ۋە ئىلمىي بىر دىندۇر. ئائىلە ھاياتىمۇ ئىجتىمائىي ھايات بولغاچقا، جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىشنى ئائىلىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئائىلە ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىپتىدائى مەكتىپى بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق بولۇپ چىقىشى پەقەت

ئۈنىڭ ئائىلىسىدە كۆرگەن تۇنجى تەربىيەسىگە باغلىقتۇر، ياخشى ئائىلە ياخشى ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ.

ئىسلام دىنى يۇقىرىسى دۆلەت تۆۋىنى ئائىلە ھاياتىغىچە بولغان ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھايات ئۈچۈن مەلۇم قانۇن ـ تۈزۈم ۋە پرىنسىپلەرنى بېكىتكەن. ئائىلە ھاياتىدىمۇ مەلۇم قانۇن ـ تۈزۈملەر ۋە پرىنسىپلار بار. ئائىلە ھاياتىنىڭ بەختلىك ھەم خاتىرجەم ھالدا داۋام قىلىشى ئۈچۈن دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ئائىلە تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز تولىمۇ مۇھىمدۇر.

مەملىكىتىمىزدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان دىنىي ئەسەرلەرنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئەسەرلەرگە بولغان ئېھتىياجى ئىنتايىن كۆپ، بولۇپمۇ ئائىلە ھاياتى ھەققىدە نوپۇزلۇق بىرەر كىتابنىڭ بولمىغانلىقى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئائىلە مەسىلىلىرىدىكى بىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولغان قائىدە ـ تۈزۈملەردىن خەۋەرسىز قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ كەلمەكتە.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» ناملىق كىتابنى يۇقىرىقى بوشلۇقنى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇش نىيىتىدە، سەۋىيەمنىڭ يېتەرسىزلىكىگە قارىماي مۇسۇلمانلارغا پايدىسى بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن يېزىپ چىقتىم. بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتا قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ۋە ئائىلە ھەققىدە يېزىلغان نوپۇزلۇق كىتابلارنى مەنبە قىلدىم. كىتابنىڭ ئىخچام ۋە سىستېمىلىق بولۇشى ئۈچۈن ماۋزۇلارنى مۇمكىن قەدەر ئىخچاملاشقا تىرىشتىم، شۇنداقلا ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەرەبچە تېكىستلىرىنى

كەلتۈرمەستىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىلىرىگە كۆپايە قىلدىم. ،

سەۋىيەمنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە تەجرىبەمنىڭ يوقلىقىدىن بۇ كىتابنى تولۇق سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلىرىمىزنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمەن.

ـ مۇھەممەد يۇسۇپ م. تۇرسۇن

1995-يىلى 15-ماي

ئالمۇتا- قازاقىستان.

# ئىككىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

بارچە ئىنسان ماختاشلار ۋە مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ رەببى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا جىمى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلاردىن پاكتۇر. ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ۋە يولباشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ، دۇئا ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولى ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مەڭگۈلۈك ئامانلىق تىلەيمەن.

ئائىلە ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئائىلىدىن سۆز ئاچقىنىمىزدا ئاياللارنىڭ ئائىلە ھاياتىدىكى رولى بىرىنچى بولۇپ كېلىدۇ. چۈنكى ئاياللار جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر. ئاتاقلىق ئالىملار، سىياسىيونلار، ئىجادكارلار ۋە باشقىمۇ ئەربابلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال شۇ ئانىلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ. ئاياللار مەسىلىسى ھەرقانداق ئاتا ۋە بالىنىڭ مەسىلىسى بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئاتا ـ بالا مەۋجۇتلا ئىكەن، ئانىلارغا بولغان سانسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام مەۋجۇت دېمەكتۇر. دىن دۈشمەنلىرى مۇقەددەس دىنىي ئېتىقادىمىزغا ۋە ئىسلامىي ئەنئەنىلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بوشلۇقنى ئاياللاردىن تاپقان بولۇپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئارقىلىق كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان ياش نەسىللەرنى يولدىن چىقىرىشنى مەقسەت قىلماقتا. ئاياللار جەمئىيەت ھاياتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغاندىمۇ، ئۇلار ئەرلەرگە نىسبەتەن يەنىلا سالماقلىقنى ئىگىلەيدۇ. باللارمۇ ئانىلارنىڭ دىيانىتى ۋە ئەخلاقىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرىگە يەرلەشتۈرىدۇ. چۈنكى، ئانىلار

بىرىنچى مۇئەللىملەردۇر.

«ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» ناملىق بۇ كىتاب 1996ـ يىلى ئىستانبۇلدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ، قولىڭىزدىكى ئىككىنچى قېتىملىق نەشرىگە 40 تىن كۆپرەك يېڭى ماۋزۇلارنى كىرگۈزدۈم، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماۋزۇلارنى سەۋىيەمنىڭ يېتىشىچە كېڭەيتتىم.

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنىڭ نەشرى ئۈچۈن ماددىي ياردىمنى ئايىمىغان مەرھۇم ئابدۇقادىر ئەھمەد ھاجىمغا رەھمەت ئېيتىمەن.

بىلگەنگە ئوخشايمەن، بىلگەنچە بىراق،
پاراسەت بابىدا ئەمەسمەن ئويغاق.
ئوقۇدۇم يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئۇزاق،
بىلمەيمەن يېزىشنى ھەرقاچان قايناپ.

ۋەلېكىن يازدىممەن، بىلگەننى تۇتۇپ،
ياشلىقىم كەتمىسۇن، مەنىسىز ئۆتۈپ .
بىلگىنىم ئاز بىراق، ھىممىتىم كۆپتۇر،
يازدىممەن ئاللاھتىن ياخشىلىق كۈتۈپ.

ـ مۇھەممەد يۇسۇپ م. تۇرسۇن

1999ـ يىل 30 ـ ئىيۇل

مەدىنە مۇنەۋۋەرە ـ ئەرەبىستان

# ئۈچىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

ئىنسانلارغا ئائىلە قۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ نېمەتنى ئاتا قىلىپ، ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مېھىر-مۇھەببەت ۋە سۆيگۈنى سالغان، ئائىلە ھاياتىنى بۇ ئۇلۇغ سۆيگۈنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن بەخت-سائادەتلىك ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك قىلىپ بېيىتقان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيمەن ۋە ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن ئۇلۇغلايمەن. يېگانە رەھبىرىمىز ۋە يولباشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت، دۇئا ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولى ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مەڭگۈلۈك ئامانلىق تىلەيمەن.

ئائىلە ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق تىرىكى. ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتكە، ئومۇم خەلققە پايدىلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئالغان تۇنجى تەربىيىسىگە باغلىق. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىمىز ئائىلىگە ۋە ئائىلە تەربىيىسىگە زور ئەھمىيەت بەرگەن، ئائىلە تەربىيىسىنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان.

ئائىلە نىزامى، ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئەر-ئايالنىڭ، بالىلارنىڭ ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ، شۇنداقلا ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى توغرۇلۇقمۇ كەلگەن ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ.

ئىسلام دۇنياسىدا ئائىلە نىزامى ۋە ئائىلە تەربىيىسى ھەققىدە ئۆتمۈشتىن تا ھازىرغىچە يېزىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلامىي ئەسەرلەر

ناھايىتى كۆپ، ھەتتا ئىسلام ئۈممىتىمىدىن ھەر بىر مىللەتنىڭ بۇ ماۋزۇدىكى ئىسلامىي ئەسەرلىرى سان-ساناقسىز بولۇپ كەلمەكتە.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدا يېزىلغان ئىسلامىي ئەسەرلەر يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ كەلمەكتە. ئۆتمۈشتە ئۇيغۇرلاردىن دۇنياغا تونۇلغان كاتتا ئالىملار ئاز بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەسەرلىرىنى ئەرەبچە ياكى پارسچە يازغان ئىكەن. پەقەت 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئوت يۈرەك ئالىم مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى مىللىي ئويغىنىش ۋە ئىسلاھات سايىسىدا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دىنىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەنىدى. ئەمما ئائىلە نىزامى ۋە ئائىلە تەربىيەسى ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا بىرەر ئەسەر يېزىلىپ باقمىدى. شۇ سەۋەبتىن «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» ناملىق بۇ ئەسەرنى زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم دەپ ئويلايمەن.

«ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» ناملىق بۇ كىتاب تۇنجى قېتىم 1996-يىلى، ئىككىنچى قېتىم 2002-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. قولىڭىزدىكىسى كېڭەيتىلگەن نۇسخىسى بولۇپ، بىر قانچە يېڭى ماۋزۇلارنى كىرگۈزدۈم. بۇ ئىشىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشى ئەمەل قاتارىدا قوبۇل بولۇشىنى تىلەيمەن.

- مۇھەممەد يۈسۈپ م. تۇرسۇن

1431/04/29-ھىجرى

2010/04/15-مىلادى

# تۆتىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

ئەڭ گــــۈزەل ماختـــاش ۋە ئەڭ ئېســـل مەدھىـــيەلەر ئالەملەرنىـــڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىشچىسى ئـاللاھ تائالاغـا خاسـتۇر. ئـاللاھ تائـالانى چىـن يـۈرەكتىن مەدھىـيىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغـا شـۈكۈر قىلىـمەن. ھەق دىننـى بىـزلەرگە يەتكـۈزگەن سـۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامغا دۇرۇد، دۇئـا ۋە سـالام يـوللايمەن. ئۇنىـڭ ئـائىلە تاۋابىئاتلىرىغـا، سـاھابىلىرىگە ۋە تـا قىيـامەتكىچە ئۇنىـڭ يولىـدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت ـ سائادەت تىلەيمەن.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىنىڭ سىرىدۇر. ئاللاھ تائالادىن كەلگەن دىنلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بارلىق دەۋەتنى ھەم ئىسلاھاتنى ئەڭ ئاۋۋال ئائىلىدىن باشلىغان. ھازىرقى زاماندىمۇ ئائىلە ئەھمىيەت جەھەتتە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان دۇنياۋى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالماقتا. چۈنكى قۇرئان كەرىم:《 سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر》دېگەن ئايەتتە مەقسەت قىلغان 《ياخشى ئۈممەت》 بىلەن پەيلاسوپلار ئارمان قىلغان «پەزىلەتلىك جەمئىيەت» ئەنە شۇ ئائىلىدىن چىقىدۇ. يەنى ياخشى ئائىلىدىن ياخشى ئۈممەت،

پەزىلەتلىك ئائىلىدىن پەزىلەتلىك ئىنسانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياخشى ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدۇ. كۈچلۈك ۋە پەزىلەتلىك ئائىلە ئۆزى چىقارغان پائالىيەتچان ئەزالىرى بىلەن جەمئىيەتنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كېرەكلىك ھەسسىلەرنى قوشالايدۇ. چۈنكى ئائىلە ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تايانچىدۇر.

ئائىلە ئەنە شۇنداق ئەھمىيەتلىك بىر مۇئەسسەسە بولۇپ، ئائىلە ھەققىدە قانچىلىك كۆپ يازساقمۇ، ئۇنىڭ ئىنسانلار جەمئىيتىگە بولغان زور ئەھمىيىتىنى ۋە تەسىرىنى تولۇق پايان قىلىپ بولۇشىمىز ناتايىن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»ناملىق بۇ ئەسەر 2010-يىلى قايتا رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان ئۈچىنچى نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. بەزى مۇھىم دەپ قارالغان يېڭى ماۋزۇلار قوشۇلدى.

كىتابنىڭ تۈزۈلىشى تۆۋەندىكىچە بولدى:

بىرىنچى بۆلۈم: ئائىلىنىڭ قۇرۇلىشى

ئىككىنچى بۆلۈم: ئەر-ئاياللىق ھايات

ئۈچىنچى بۆلۈم: ئائىلىنىڭ بۇزۇلىشى

تۆتىنچى بۆلۈم: ئاتا-ئانىلار ھەققىدە

بەشىنچى بۆلۈم: بالىلار ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە بىر نۇسخىدىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئاددىي ئەمگىكىمنى

ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان ياخشى ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن.

ـ مۇھەممەد يۈسۈپ م. تۇرسۇن

1434/11/14ـ ھىجرى

2013/09/20ـ مىلادى

# ئاپتور ھەققىدە

مۇھەممەد يۈسۈپ 1968-يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا قارىيلىققا كىرىشكەن بولۇپ، كىچىك يېشىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغان. 1984 - يىلى ناھىيىلىك چوڭ جامەدە تونجى خەتمىنى ئوقۇغاندا كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغىغان.

1984- ۋە 1985-يىللار ئارىسىدا يوشۇرۇن مەدرىسەدە ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە باشلاپ، دەسلەپكى ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1986 - يىلى 6- ئايدا چەت ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتى بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلغان ۋە شۇ يىلى ھەج پەرىزىنى ئادا قىلىپ، مىسىرغا ئوقۇشقا كەتكەن.

1986-يىلى9-ئايدا مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرىپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. تولۇقنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىقىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇسابىقە ئارقىلىق تۆتىنچى يىللىققا ئاتلىغان. شۇنداق قىلىپ 4 يىللىق تولۇق ئوتتۇرىنى 3 يىلدا پۈتتۈرگەن.

1989 - ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1993- يىلى تاماملىغان.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1995 - يىلىنىڭ بېشىغىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى «ئۈسكۈدار رايونلۇق قۇرئان يادلاش مەدرىسەسى»دە ئەرەب تىلى ۋە قىرائەتتىن دەرس بەرگەن.

1995 – يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى«قازاق-تۈرك ئىنىستىتوتى»دا ئەرەب تىلىدىن مۇئەللىم

بولــۇپ ئىشــلىگەن. بــۇ جەريانـــدا قازاقســـتاننىڭ جۇمھۇرىيەتلىـــك گېزىتلىرىدىن «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە « يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇن ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

2001 ـ يىلىدىن بىرى سەئۇدى ئەرەبىستان رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

**مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ پىكىر ـ قارىشى**

مۇھەممەد يۈسۈپ دىنىي جەھەتتە ئوتتۇراھالىلىقنى ئاساس قىلغان ئىلغار پىكىر ـ قاراشقا ئىگە بولۇپ، رادىكاللىقتىن ۋە چەكلىك مۇھىت تەسىرىدىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىغا ئىگە مۇھەممەد يۈسۈپ ھازىرغىچە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغاننىڭ سىرتىدا، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا 10 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تەرجىمە قىلغان ھەمدە ھەر قايسى تور بەتلىرىدە 100 پارچىدىن كۆپرەك ماقالە ئېلان قىلغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

**مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ نەشر قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرى:**

1. «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» بىرىنچى نەشرى 1996ـ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2002ـ يىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2010ـ يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

2.« ئىسلام ئەقىدىلىرى» بىرىنچى نەشرى 1997ـ يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئىككىنچى نەشرى 1998ـ يىلى قەشقەردە، ئۈچىنچى نەشرى 2003ـ يىلى قازاق تىلىدا ئالمۇتا، تۆتىنچى نەشرى

2004ــ يىلــى ئىســتانبۇلدا، بەشــىنچى نەشــرى 2005-يىلــى (ئۇيغــۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئالتىنچى نەشرى 2006-يىلى قازاق تىلىدا ئالمۇتــىدا، يەتتىنچــى، ســەككىزىنچى ۋە توققــۇزىنچى نەشــىلىرى2008- 2009- ۋە 2010-يىللىرى ئالمۇتىدا ئارقا-ئارقىدىن (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) نەشر قىلىنغان.

3. «نامـاز ۋە ئۇنىـڭ قائىدە- تەرتىپلىـرى» بىرىنچى نەشـرى 1998ــ يىلــى (ئۇيغــۇر ســىلاۋيان ۋە ئەرەب يېزىقلىرىــدا) ئالمۇتىــدا، ئىككىنچــى نەشــرى 2007-يىلــى ئىســتانبۇلدا، ئــۈچىنچى نەشــرى 2008-يىلــى، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

4. «نامــاز ھەققىــدە ســاۋات» بىرىنچــى نەشــرى 1998ــ يىلــى، ئىككىنچــى نەشــرى 2006-يىلــى، ئــۈچىنچى نەشــرى 2008-يىلــى، تــۆتىنچى نەشــرى 2009-يىلــى، بەشــىنچى نەشــرى 2010-يىلــى (ئۇيغــۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا بېسىلغان.

5.«روزا ۋە ئۇنىــڭ ئەھكــاملىرى» بىرىنچــى نەشــرى 1999ــ يىلــى ئەرەب ۋە ســىلاۋيان يېزىقلىرىــدا ئالمۇتىــدا، 2004-يىلــى ئىككىنچــى نەشرى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

6.« دىنىمىزنىــڭ ســاپلىقىنى قوغــدايلى» ( يېڭــى ھايــات ۋە ئۇيغــۇر ئاۋازى گېزىتلىرىـدە ئېلان قىلىنغـان ماقالىلىرىنىـڭ تـوپلىمى)، بىرىنچـى نەشرى 1999-يىلـى، ئىككىنچى نەشـرى 2005-يىلـى ئىسـتانبۇلدا نەشـر قىلىنغان.

7.« زاكات كىتابى» بىرىنچى نەشـرى 2003ـ يىلـى ئىسـتانبۇلدا نەشـر قىلىنغان.

8. «دۇئــا ۋە ئۇنىــڭ پەزىلەتلىــرى» بىرىنچــى نەشــرى 2004-يىلــى

ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

9.«ئىلاھىي قۇرغان» بىرىنچى نەشرى 2005ـ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2006-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2010-يىلى ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

10.« غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز» 2004 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

11. « ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى» بىرىنچى نەشرى 2005 - يىلى ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2007- يىلى رىياد، ئۈچىنچى نەشرى 2009-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2011-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

12. « ئىسلامدىكى ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىدا ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2010- يىلى (سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

13. «بەش پەرز ۋە ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 6 كىتابنىڭ توپلىمى بولۇپ، 2009-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

14. «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى بەيرۇتتا قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ بېسىلغان. قىسقارتىلغان ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەشرلىرى 2012-يىلى بەيرۇتتا ۋە ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2013-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، بەشىنچى نەشرى2013-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

15. « دىن ۋە ھايات (1600سوئالغا جاۋاب)» 2009-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان. كېيىنچە تولۇقلىنىپ، «دىن ۋە ھايات(2000سوئالغا

جاۋاب)» دېگەن ئىسىم بىلەن ئىككىنچى نەشرى 2010-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2011-يىلى بەيرۇتتا، ئۈچىنچى نەشرىنىڭ ئۇيغۇر سلاۋيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى2013-يىلى ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2013-يىلى بەيرۇتتا ئىككى توملۇق نەشر قىلىنغان.

16. «ئىسلام ئەخلاقى» بىرىنچى نەشرى 2010-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

17. «ھەج بەدەل تىجارىتىنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ئۇچۇق سۆز» 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

18. « پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟»2013-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

19. « مانا بۇ ئىسلام ».

**نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئەسەرلىرى:**

1.«قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرى».
2. «غۇربەتتىكى ياشلىق» (شېئىرلار توپلىمى).
3.«يۈرەك سىرى»(شېئىرلار توپلىمى).
5.«قۇرئان كەرىم بىزنىڭ نىجات يولىمىز».
6.« پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى!»(ماقالىلار توپلىمى).

**ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى:**

1.«التفسير الواضح»( روشەن تەپسىر). ئاپتورى: دوكتور مەھمۇد ھىجازى.

2. «الأديان في القرآن»(قۇرئاندىكى دىنلار). ئاپتورى: دوكتور مەھمۇد

شەرىف.

3.«مختصر كتاب إظهار الحق»(ھەقىقەتنىڭ ئىپلانى). ئاپتورى: ئەللامە رەھمەتۇللا ھىندى.

4.«كتاب التوحيد»(تەۋھىد كىتابى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلفوزان.

5.«العقيدة الصحيحة» (توغرا ئەقىدە). ئاپتورى: سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئىبنى باز.

6. «شرح أصول الإيمان»( ئىمان ئاساسلىرىنىڭ شەرھى). ئاپتورى مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇسەيمىن.

7.« منهج اهل السنة والجماعة»(ئەھلى سۈننىلەرنىڭ يولى). ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب.

8.«النصرانية في الأصل والواقع»(خرىستىئان دىنىنىڭ ئەسلى ۋە بۈگۈنى). ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللا سەھىم.

9. «صفة صلاة النبي»(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيتى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانى.

10. «الوسائل المفيدة للحياة الطيبة» ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر ئەل سەئدى.

11. «الدروس المهمة لعامة الأمة»(مۇسۇلمانلارغا مۇھىم تەلىماتلار). ئاپتورى: ئىبنى باز.

12. «33سببا للخشوع في الصلاة»(نامازدا خۇشۇنىڭ33 سەۋەبى). ئاپتورى: مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىد.

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى ...................... 7**
**ئىككىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى .....................11**
**ئۈچىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى ......................13**
**تۆتىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى ......................15**
**مۇندەرىجە...........................................25**
**ئائىلە قۇرۇش ......................................40**
ئائىلە قۇرۇش چوڭ نېمەت .................................................40
ئائىلە قۇرۇش بىر مۆجىزە ..................................................41
ئۆيلىنىشنىڭ ھۆكمى.............................................................41
مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆيلىنىشتىكى مۇددىئاسى.....................45
1. ھارامدىن ساقلىنىش ......................................................45
2. پەرزەنت كۆرۈش...............................................................46
**ئىنسانلارنى ئۆيلىنىشكە تەشەببۇس قىلىشنىڭ ھېكمىتى ....48**
**تۇرمۇش قۇرغۇچىلاردا بولىدىغان سۈپەتلەر.................51**
**تۇرمۇش قۇرۇشتا ئەرلەرنىڭ جور تاللاش پرىنسىپى.........54**
**تۇرمۇش قۇرۇشتا ئاياللارنىڭ جور تاللاش پرىنسىپى .......63**
مۇھەببەت ............................................................................65
ئىشق .................................................................................68
كۆنلەش ...............................................................................69
ئىسلام دىنىدىكى كۆنلەشنىڭ مەنىسى.......................................70
ئالدانغان ئىشەنچ .................................................................73
غورۇرنىڭ يوقالغانلىقى ئەرلىكنىڭ ئۆلگەنلىكىدۇر ......................75
**يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان بوشلۇقلار ............77**

**مەھرەم ۋە نامەھرەم ئۇقۇملىرى.........................82**
مەھرىمى يوق ئايال سەپەرگە چىقىش مەسىلىسى ..............................84
**ئەۋرەت ۋە ئۇنىڭ چەك-چېگراسى .......................86**
ئەرنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگراسى..................................86
ئايالنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگراسى ...............................86
ئايالنىڭ يات ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئالدىدا ئەۋرەت سانىلىدىغان ئورگانلىرى ..........................................................................87
ئايالنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى ......................87
ئايالنىڭ دىنداش ئايال جىنسلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى...89
**ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس .......................90**
**مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشتىكى پرىنسىپى ............91**
مۇسۇلمان ئەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئايالغا ئۆيلىنىش مەسىلىسى .........91
**مۇسۇلمان قىزلار مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ھارامدۇر ...........98**
مۇسۇلمان ئاياللارنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياتلىق قىلماسلىقنىڭ سىرى...99
**ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنىڭ ھاراملىقى ........................ 101**
نىكاھلىنىشتا مەڭگۈلۈك بولۇش نىيىتى شەرت................................ 101
**ئىسلام دىنى ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى ....... 104**
كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلىشنىڭ سەۋەبى......................... 105
**ئۆيلەنگۈچىلەرنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈشى ................. 109**
تويدىن بۇرۇنقى ئۇچرىشىشنىڭ شەرتلىرى.................................... 110
قىز - ئوغۇللارنىڭ جور تاللاشتىكى ئىختىيارى................................ 112
ئۆيلىنىشتىكى بەزى قىيىنچىلىقلار.............................................. 115
**نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ......................... 118**
مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ................................ 118
نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار..................... 118
ئېمىلداشلىق سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ........... 120

قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان ئاياللار ........... 120
مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار.................... 122
**ئېمىلداشلىق ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى ..................... 125**
1. ئېمىش كەيپىيتى........................................... 125
2. ئېمىش مىقدارى ........................................... 125
3. ئېمىشنىڭ ۋاقتى ........................................... 126
ئېمىلداشلىقنىڭ دائىرىسى........................................... 127
**سۆز سالدۇرۇش ........................................... 130**
نىشانلىنىش ........................................... 130
**ئىددەت ئىچىدىكى ئاياللارغا نىشانلىنىش مەسلىسى .... 132**
بىر تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال ........................... 132
ئىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ........................................... 133
ئۈچ تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال ........................... 134
**بىراۋنىڭ نىشانلانغىنىغا نىشانلىنىشنىڭ هاراملىقى ....... 136**
**تويدىكى خوشاللىق تەنتەنىسى ........................... 139**
نىكاھنى ئېلان قىلىش........................................... 139
تويدا ناخشا ئېيتىش ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىش ................ 142
**نىكاھ ۋە ئۇنىڭ ئەهكاملىرى ........................... 146**
نىكاهنىڭ شەرتلىرى........................................... 146
نىكاهنىڭ لەۋزىلىرى........................................... 150
ئېغىر ئاياغ ئايالغا نىكاھ چۈشەمدۇ؟ ........................... 151
ئۆزى زىنا قىلىپ ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان ئايالنى ئالسا بولامدۇ؟ ........ 151
باشقىلار بىلەن زىنا قىلىپ، ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان ئايالنى ئېلىشقا
بولامدۇ؟ ........................................... 152
**نىكاھ بىلەن بەلگىلىنىدىغان ئىشلار ........................... 155**
مەهرى ........................................... 155

مەھرى مىقدارى.......................................................... 155
نەپىقە ........................................................................ 156
مىراس........................................................................ 156
**مىراس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ............... 158**
تەرىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار.......................... 158
مىراس ئېلىشنىڭ سەۋەبلىرى ......................................... 159
مىراس ئېلىشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلار ............................. 159
مىراس ئېلىشنىڭ شەرتلىرى ........................................... 160
**قۇرئان كەرىمدىكى مىراس ئايەتلىرى ......................... 162**
بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى بېرىشنىڭ ھېكمىتى............ 165
**قۇرئان كەرىمدە مىراس ئېلىشى بەلگىلەنگەنلەر ............ 168**
مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغانلار.................................... 168
مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغانلار ............................. 169
مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدىغان كىشى ..................... 169
مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىغانلار ........................ 170
مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغانلار ............................. 171
مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغانلار............................. 172
**ئەر-خوتۇنلۇق ھاياتى ............................................ 181**
دەسلەپكى ئۇچرىشىش ................................................. 181
جىنسى ئالاقە............................................................ 182
1. ھالال قىلىنغان جىنسىي ئالاقە ....................................... 182
2. ھارام قىلىنغان جىنسىي ئالاقە ...................................... 183
يېقىنچىلىقنىڭ مۇقەددىمىلىرى.......................................... 185
1. زىننەتلىنىش ۋە خۇشبۇي قوللىنىش ................................ 185
ئاياللارنىڭ زىننەتلىرى تۆۋەندىكىچە:................................. 186
ئەرنىڭ زىننىتى ............................................................ 187
2. بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى جەلب قىلىش.............................. 187

**يېقىنچىلىقنىڭ ئەدەپلىرى ............................ 189**
1. بىسمىللا دېيىش ............................................. 189
2. تەييارلىنىش ............................................... 189
3. يۆگىنىش ................................................... 190
4. سىر ساقلاش ................................................ 191
**ئاياللارغا خاس ھالەتلەر ............................ 193**
ئاياللارنىڭ ئايلىق ئادەت كۆرۈش ھالىتى ........................ 193
ئايلىق ئادەتنىڭ مۇددىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ............ 193
ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتى .................................. 193
تۇغۇتلۇق ھالىتىنىڭ مۇددىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ..................... 194
ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالىتى .................................. 194
ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر .............. 194
ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق ھالىتى ............................... 195
ئاياللارغا يۇقىرىقى خاس ھالەتلىرى ئىچىدە يېقىنچىلىق قىلىش مەسىلىسى
.............................................................. 195
ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ مۇتلەق ھالاللىقى ۋە چەكلەنگەن تەرىپى ............ 201
ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىشنىڭ ھاراملىقى ........................ 202
ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى يېيىشنىڭ زىيىنى ..................... 202
**ئىنسانىنىڭ جىنسي ئورگىنىدىن چىقىدىغان سۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى ............................................ 203**
سپېرما (مەنى) .................................................. 203
مەزى ........................................................ 203
ۋەدى ........................................................ 204
سۈيدۈك ....................................................... 204
**سپېرما ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ............... 205**
سپېرما يۇقۇپ قالغان كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇش مەسىلىسى ............. 207

هايۋانلارنىڭ سپېرمىسى ........................................ 208

**جىنسىي ھەۋەسنىڭ نورمالسىزلىقى ۋە ئېھتىلام ............ 209**

جىنسىي ھەۋەسنىڭ نورمالسىزلىقى ........................................ 209

ئېھتىلام ........................................................................ 210

**ئائىلىنىڭ مەسئۇللۇقى ........................................ 212**

ئەرلەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئارتۇقچىلىقى ........................................ 215

ئايالنىڭ ئېرىگە بويسۇنۇشى ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن مۇھىم .... 217

ئەر ئائىلىدە مۇتلەق قارار ئىگىسى ئەمەس ........................................ 221

**ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەرلىكى ........................................ 223**

ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولىدىغان مەسىلىلەر........................................ 224

ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولالمايدىغان مەسىلىلەر........................................ 228

1. ئىدراك قىلىش........................................................ 228

2. گۇۋاھلىق........................................................ 229

3. مىراس ........................................................ 230

4. تالاق........................................................ 235

**ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەپلەر ........................ 237**

ئايالنىڭ ئېرىگە قىلىدىغان ياخشىلىقلىرى ........................................ 239

**ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھەق-ھوقۇقلار .................. 241**

ئەرنىڭ ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر ........................................ 241

**ئىناقلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ ............... 250**

ئائىلە ئەر ـ ئايالنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى بىلەنلا ئۆرە تۇرىدۇ ............... 250

ئاياللارنى ھۆرمەتلەش گۈزەل ئەخلاق ........................................ 251

ئاياللارغا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش زۆرۈر ........................................ 252

ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر........................................ 255

ئايالنىڭ كىيىنىشى ۋە سەپەر قىلىشىدىكى بەلگىلىمىلەر........................................ 258

ئايالنىڭ سىرتقا چىقىش ئۈچۈن ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەكمۇ؟. 258

ئالدانغان ئىشەنچ ........................ 260
غۇرۇرنىڭ يوقالغانلىقى ئەرلىكنىڭ ئۆلگەنلىكىدۇر ........................ 262
**يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان بوشلۇقلار ........ 264**
**هاملىدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى ........ 270**
تۇغۇش ياكى تۇغماسلىق ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ ئىختىيارىدۇر ........................ 270
قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش جىنايىتى ........................ 271
قانداق شارائىتتا قورساقتىكى بالىنى ئېلىۋەتسە بولىدۇ؟........................ 271
بوۋاقنىڭ ئەيىبلىك تۇغۇلىدىغانلىقى ئېنىقلانسا نېمە قىلىش كېرەك؟ .... 272
تۆرەلمىگە قاچان جان كىرىدۇ؟ ........................ 273
ئاز تۇغۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ باهانىلىرى ........................ 274
تۇغۇشنىڭ ۋاقىتلىق ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە پەتىۋا ........................ 276
سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش مەسىلىسى ........................ 277
**ئەقىقە ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ........................ 279**
**ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ۋە خەتنە توي ........................ 284**
خەتنە قىلىشنىڭ ھۆكمى ........................ 284
خەتنە قىلىشنىڭ ۋاقتى ........................ 285
ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ تېببىي جەھەتتىكى پايدىسى ........................ 286
خەتنە توي ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىدۇر ........................ 287
**ئانا-بالا ھەقلىرى ........................ 289**
بالا ئېمىتىش مەسىلىسى ........................ 289
بوۋاقلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقى ........................ 292
**بوۋاقلارنىڭ ئانا قۇچىقى ۋاقتى-ھەزانە ........................ 293**
ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن باللار كىمگە بېرىلىدۇ؟........................ 294
ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى تاشلاپ كەتكەن بالىنىڭ ئەھۋالى ........................ 295
بالا باققۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭغا ھەقلىق بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ........................ 296
**ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ........................ 297**

ئاياللارنىڭ بىلىم ئېلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى.......................................... 297
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ئاياللىرى ياخشى ئۈلگە ... 298
بىلىمسىزلىك ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىش دەۋرى.............................. 299
ئانىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشى ئاتىلارنىڭكىدىن مۇھىم........................... 300
ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى......................................................... 300
ئايال ۋە ئىشلەش.......................................................................... 302
باللار ھەر زامان ئۆز ئانىسىغا مۇھتاج................................................. 303

**ئەر ـ ئايال ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى ................. 305**

نەسىھەت قىلىش ......................................................................... 306
بىر تۆشەكتە ياتماسلىق ................................................................ 307
يېنىك ئۇرۇش.............................................................................. 308
ئاياللىرىنى ئۇرىدىغانلار ياخشى ئادەملەر ئەمەس................................. 308
ئاياللارنى ئۇرۇش سەلبىي نەتىجىگە سەۋەب بولىدۇ.............................. 311

**ئاياللارنىڭ كىيىنىش ئۆلچىمى ........................................ 312**

ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى .............................................................. 312
ھىجابنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئۆلچىمى ........................................ 315
ھىجابلىنىش قالاقلىق ئەمەس .......................................................... 316

**ئائىلىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.............. 319**

ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........................ 319
ئائىلىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.... 319
ئائىلىنىڭ قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.................................... 320
كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىكى ئەدەپ ئەخلاقلار .............................. 321
ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىدىكى ئەدەپلەر.......................................... 321

**سىلە ـ رەھىم ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى .......................... 324**

سىلە ـ رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ تەرتىبلىرى ..................................... 326
سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ ھۆكمى ...................................................... 326
سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ پەزىلىتى.................................................... 327

ئومۇمىي سىلە - رەھىم ........................................ 331
خۇسۇسىي سىلە ـ رەھىم ........................................ 332
سىلە - رەھىمنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى ........................................ 333
**قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىڭ پرىنسىپلىرى ........... 336**
قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش زۆرۈر ........................................ 336
قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى ........................................ 337
قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تەرتىپى ........................................ 338
**رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان ئەدەپ-ئەخلاقلار ............. 340**
ئىسلامىي سالاملىشىش ئەنئەنىسى ........................................ 340
ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىشنىڭ ئۆزگىچىلىكى ........................................ 340
سالاملىشىشنىڭ قائىدىسى ........................................ 341
ئىسلامدا سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................................ 341
سالام بېرىشنىڭ تەرتىپى ........................................ 343
**كېسەللەرنى يوقلاشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى... 344**
مۇسۇلمان ئەمەس كېسەللەرنىمۇ يوقلاش ساۋابلىقتۇر ........................................ 345
كېسەل يوقلاشتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار ........................................ 346
**سورۇن ۋە سورۇنداشلاغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ-ئەخلاقلار 347**
سورۇندا جاي تالاشماسلىق لازىم ........................................ 348
چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق لازىم ........................................ 348
سورۇننىڭ ئەدەپلىرى ........................................ 349
**داستىخاندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ........................ 350**
يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلەر ........................................ 351
**ئۆيگە كىرىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى.......... 353**
ئۆيگە كىرىشتە ئەدەپسىزلىك سانىلىدىغان ئىشلار ........................................ 354
**ئائىلە ھاياتىدىكى بىر يۈرۈش ئەدەپ-ئەخلاقلار ......... 356**
**ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ................... 369**

ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار....... 369
1. نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش.......................................... 369
2.ئاياللار نىڭ نامەھرەملەر گە ئەۋرەت ئەزالىرىنى ئېچىشى ........ 371
3. نامەھرەم بىلەن يالغۇز قېلىش ......................................... 372
4. ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىكى ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ........................................................... 373
5. نامەھرەم كىشىلەر بىلەن چاقچاقلىشىش .............................. 374
6. تانسا ۋە باشقا ئويۇن ـ تاماشالارغا بېرىش ............................ 374
7. ئاياللارنىڭ يالغۇز شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىشى.................... 374
8. ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى يېيىش ......................... 375
زىنا ئائىلە بۇزۇلۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى ................................ 376
**تالاق ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى........................ 379**
تالاق ئالدىرايدىغان مەسىلە ئەمەس ........................................ 380
**تالاق قىلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ............ 385**
تالاقنىڭ تۈرلىرى ............................................................... 386
1. تالاق رەجئى ................................................................. 386
2. تالاق بائىن ................................................................... 388
ئۈچ تالاقنى تەھلىل قىلىشنىڭ هاراملىقى .................................. 389
بىر لەۋز بىلەن ئۈچ تالاق قىلىش ............................................ 390
**تالاق قىلىشنىڭ تۈرلىرى ............................ 391**
مەسىنىڭ، زورلانغۇچىنىڭ، هوشىنى يوقاتقۇچىنىڭ ۋە قاتتىق غەزەبتىن ئەقلىنى يوقاتقۇچىنىڭ تالىقى ھەققىدە ................................. 391
مەس ھالەتتىكى تالاق چۈشەمدۇ؟ ........................................... 391
ھوشىنى يوقاتقان ھالەتتىكى تالاق چۈشەمدۇ؟............................. 392
زورلانغۇنچىنىڭ مەجبۇرلىغان ھالەتتىكى تالىقى چۈشەمدۇ؟ .............. 393
غەزەپتىن ئەقلىنى يوقاتقان كىشىنىڭ تالىقى چۈشەمدۇ؟ .................. 394
غائىبنىڭ تالىقى.................................................................. 395

ئايال ئېرىدىن خېتىنى ئالماستىن ياتلىق بولمايدۇ.......................... 395
ئەرنىڭ ئايالنى ئۇزۇن ۋاقىت تاشلاپ كەتمەسلىكى لازىم................. 396
بېخىلنىڭ تالىقى................................................................. 397
شەرت بىلەن تالاق قىلىش ........................................................ 398
مۇرتەد بولۇش بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلىشى ...................................... 399
بەدەللىك تالاق(تالاقى خۇلئ) ..................................................... 399
تالاقتىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلار ................................................. 401
1. ئايالنىڭ قېپقالغان مەھرىنى بېرىش ........................................ 401
2. نەپىقە.......................................................................... 401
3. بالىلارنىڭ چىقىمى............................................................. 402
4. بوۋاقلارنى ئېمىتكەنلىك ھەققى................................................. 403
ئىددىتى توشمىغان ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش ھەققى بار ........ 404
ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى.......................................................... 405
زىنا قىلغان ئايال ئەرگە تېگىشى ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇشى كېرەكمۇ؟...... 406
**ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ........... 411**
ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلۇغلىقى.............................................................. 416
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئۇلۇغ ئىش......................................... 417
ئاتىنىڭ ئەجرىمۇ ئانىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ ....................................... 418
**ئاتا ـ ئانىڭىزنى ھايات ۋاقتىدا خوش قىلىڭ ................ 420**
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى........................ 421
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش جىھاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلدۇر ................... 425
ئاتا ـ ئانىغا ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىش .............. 427
ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىدىن چوڭدۇر.......................................... 428
ئاتا-ئانىلارغا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى........................ 429
**ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە تەۋسىيەلەر .......................... 432**
**ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشنىڭ گۇناھى ........................ 436**

ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشىتىش كەچۈرۈلگۈسىز گۇناھ.................. 436
ئاللاھ تائالا زۇلۇمنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرمەيدۇ ......................... 439
**بالىلار نېمەت ۋە ئامانەتتۇر ........................ 445**
بالىلار ئائىلىنىڭ گۈللىرىدۇر .............................................. 445
بالىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئامانەتلىرىدۇر ..................................... 447
**بالا تەربىيەسى ئاتا-ئانىنىڭ بۇرچى ..................... 449**
بالىلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇش كېرەك ....................................... 449
نەسىھەت قىلىشقا مۇناسىپ ۋاقىت تاللاش لازىم ............................ 451
بالىلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى.............................. 451
مىراستا بالىلار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشنىڭ ھارام‍لىقى ..................... 452
بالىلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى................................ 453
نەسەبنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكى.............................................. 455
ئاتىنىڭ ئۆز بالىسىغا تېنىشى دۇرۇس ئەمەس.................................. 456
**ئاتا ـ بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتى............................. 458**
**بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى............. 462**
بالىلارنىڭ ئانىسىنى تاللاش ................................................... 462
بالىلارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش.............................................. 464
ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ...................................................... 465
بالىلارنى بېقىش................................................................... 466
بالىلارنى تەربىيىلەش ........................................................... 467
بالىلارنى ئوقۇتۇش................................................................ 474
بالىلارنىڭ تويلىرىنى قىلىش ..................................................... 477
**تەربىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى ..................................... 478**
بالىلارنى ئېتىقادىي جەھەتتىن تەربىيىلەش..................................... 478
بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ..................................... 481
ئەخلاق دېگەن نېمە؟................................................................ 482

بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيەلەش ......................................... 483
بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەش .................................... 485
**ئائىلە ھاياتى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار .................. 491**
**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار .................................. 507**

## بىرىنچى بۆلۈم

# ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشى

# ئائىلە قۇرۇش

ئەر- خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ مۇستەھكەم ھالدا قۇرۇلۇشى ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە بىر - بىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى تونۇشىغا باغلىقتۇر.

ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ سائادىتى ئەر خوتۇن - ھەر ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىگە ۋە سەمىمىي مۇئامىلىسىگە باغلىقتۇر.

ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ بەختلىك ھالدا داۋام قىلىشى ئەر - ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى ۋە بىر - بىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قانداق ئادا قىلىشىغا باغلىقتۇر.

## ئائىلە قۇرۇش چوڭ نېمەت

ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتى ۋە بۈيۈك رەھمىتىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى:﴿ ئۇنسى - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەر يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقمۇ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار ﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

(1) رۇم سۈرىسى 21- ئايەت

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر ئائىلە مېھىر- مۇھەببەت ۋە شەپقەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. پەقەت بەزىلەرنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى سەۋەبلىك بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قەلبىدىن رەھىم-شەپقەت بىلەن مېھىر-مۇھەببەت سۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدىن كېيىن، جەننەت بولۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئائىلە دوزاخقا ئايلىنىدۇ.

## ئائىلە قۇرۇش بىر مۆجىزە

تۇرمۇش قۇرۇپ بىر ئائىلىنى تەسىس قىلىش چوڭ بىر مۆجىزە. چۈنكى بىر-بىرى بىلەن ياشاپ باقمىغان، بىرگە ئۆسمىگەن، ھەتتا بىر-بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە تونۇمايدىغان، بىرى ئەر، يەنە بىرى ئايالدىن ئىبارەت يات ئىككى ئىنسان بىر-بىرىگە ئۆيلىنىپ بىرگە تۇرمۇش قۇرۇش ئارقىلىق دۇنيادا بىر-بىرىگە ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئامراق ۋە سەممىي ھايات شېرىكلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار شۇنداق شېرىكلەرگە ئايلىنىدۇكى، مۇھەببىتىنى، بەخت- سائادىتىنى، مال-دۇنياسىنى ۋە بارلىق نەرسىسىنى بىر-بىرىگە ئاتاپ، تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ.

ئۆيلىنىش مۆجىزىسى ئىككى يات مىللەت كىشىلىرىنىمۇ بىر ياستۇقتا باش قويغۇزۇش ئارقىلىق ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر تەنگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۆيلىنىشتىن باشقا قايسى سەۋەب ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە مۇنداق يېقىن قىلالايدۇ؟!

## ئۆيلىنىشنىڭ ھۆكمى

ئۆيلىنىش - ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تۇرمۇش قۇرۇشقا قادىر بولالىغان كىشىلەر ئۈچۈن سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ

ھەقتە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن «ئۆيلىنىش ـ مېنىڭ يولۇمدۇر. كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس»[1].

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى ئەگەر باشقا بىر يولنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئەلا كۆرۈپ يۈز ئۆرۈگەن بولسا، ئۇ، مۇسۇلمانلىقتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقى يۈزىسىدىن، يالغۇز ئۆتۈپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشنى مەقسەت قىلىپ ئۆيلىنىشتىن يۈز ئۆرۈگەن بولسا، ئۇ بىدئەت (دىندا بولمىغان ئىش) نى سادىر قىلغان بولىدۇ، بۇ ھالەتتە ئۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ، بۇ دۇنيادا بولسا بىھۇدە جاپا تارتىپ، ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئۆزىنى قىيناشقا ئورۇن يوق. بۇ دىننى قىيىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان ھەر قانداق كىشى ئۆزىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلغان بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

ئىسلام دىنىدا ھەرقانداق ئىشنىڭ مەلۇم بىر سىستېمىسى بار. مۇسۇلمانلار شۇ سىستېما بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇلغان. كىشىلەر دىنغا قانچىلىك ئاكتىپ بولۇپ، ئىخلاسمەنلىك كۆرسىتىمەن دېسىمۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەرگىزمۇ ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پېشۋاسى ۋە پۈتۈن ئۈلگىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى مەدھىيەلەپ:﴿ وَإِنَّكَ لَعَلى

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

﴿خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾يەنــى ﴿ســەن ھەقــقەتەن بۈيــۈك ئەخلاقتــا ئىكەنســەن﴾ دەيدۇ[1].

ئـاللاھ ئۇنىـڭ تۇتقـان يـولىنى ماختـاپ مۇنـداق دەيـدۇ:﴿ عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾يەنى ﴿سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىسەن﴾[2].

ئەنەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ (ئـاللاھ ئۇنىڭـدىن رازى بولسـۇن) دىـن رىــۋايەت قىلىنىــپ مۇنــداق دېــيىلگەن: «ئــۈچ نەپەر زاھـــد (دۇنيــا مەنپەئەتلىرىــدىن يــۈز ئــۆرۈپ، ئــۆزلىرىنى ئــاخىرەت ئىشــلىرى ئۈچــۈن ئــاتىۋەتكەن) كىشــى پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ ئــۆيىگە كېلىــپ، پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ ئاياللىرىـدىن ئۇنىـڭ ئىبـادىتى توغرىلىـق سورىشــدۇ. ئايــاللار پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ قانــداق ئىبــادەت قىلىــدىغانلىقىنى بايــان قىلىــپ بەرگەنــدىن كېــيىن، ئــۇلار پەيغەمــبەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ ئىبـادەتلىرىنى ئـاز، دەپ ھــېس قىلغانلىقلىرىـدىن « بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسـالامغا قارىغانـدا نەدە؟ ئـاللاھ ئۇنىـڭ ئىلگىرىكـى ۋە كېيىنكى پۈتـۈن كەمچىلىكلىرىنـى كەچۈرىـۋەتكەن تۇرسـا دېيىشـىدۇ» يەنـى ئۇنـداق بولغـان ئىـكەن، پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام ئـازلا ئىبـادەت قىلسـىمۇ يېتەرلىـك، ئەمما بىـز ئۇنىڭـدىن كـۆپرەك ئىبـادەت قىلىشـىمىز كېرەك دېگەن چۈشـەنچىگە كېلىـدۇ ـ دە، ئـۇلاردىن بىـرى «مەن يىـل بـويى كۈنــدە روزا تــۇتىمەن» دەيــدۇ. يەنە بىــرى «مەن ئايالــدىن يىــراق تۇرىمەن، ئۆمـۈر بـويى ئـۆيلەنمەيمەن» دەيـدۇ، ئۈچىنچىسـى «مەن كـېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىمەن» دەيدۇ، بۇ ۋاقىتتـا پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام

---

(1) نۇن سۈرىسى 4 ـ ئايەت
(2) ياسىن سۈرىسى 4ـئايەت

كېلىپ ئۇلارغا: «سىلەر ئۇنى، بۇنى دېيىشىپسىلەر، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتالايمەنكى، ئاراڭلاردا، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان، ئەڭ تەقۋا كىشىڭلارمەن. لېكىن مەن كېچىلىرىنىڭ بەزى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇيمەن، بەزى ۋاقىتلىرىدا بولسا ئۇخلايمەن، (رامىزاندىن باشقا كۈنلەردە) گاھىدا روزا تۇتىمەن، گاھىدا تۇتمايمەن. مەن ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ بۇ يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دەيدۇ»[1].

دېمەك: ئۆيلىنىش ــ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۇنىڭغا قادىر بولالىغان كىشىلەر ئۈچۈن نورمال ھاللاردا (يەنى ئۆيلەنمىسە زىنا ـ ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قالماسلىقىدىن خاتىرجەم بولالىغان، ئەگەر ئۆيلەنسىمۇ ئائىلىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولۇپ، ئىقتىسادىي شارائىتىمۇ ھازىر بولغان كىشىلەر ئۈچۈن) سۈننەتتۇر.

ئەگەر كىشى زادى ئۆيلەنمىسە ئۇنىڭ زىنا ـ ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆيلىنىشكە قۇدرىتى يېتىدىغان ۋە شەرت ــ شارائىتى تولۇق بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دەرھال ئۆيلىنىشى پەرزدۇر. بۇ ھالەتتە، ئەگەر ئۇ ئۆيلەنمىسە گۇناھكار بولىدۇ.

ئەگەر كىشى ئۆيلەنسە ئائىلىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەقلىرىنى ئادا قىلالماسلىقىدىن، ياكى ئائىلىگە زۇلۇم قىلىپ قويۇپ گۇناھكار بولۇشىدىن قورقسا، يەنى ئۆزىدە قەتئىي ئىشەنچ بولمىسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى ھارامدۇر. چۈنكى ئائىلىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالمايدىغان كىشىنىڭ ئۆيلىنىشى ھەم ئۆزىگە ھەم

(1) بۇخارى رىۋايىتى

ئايالىغا ياخشى نەتىجە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

## مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆيلىنىشتىكى مۇددىئاسى

ئۆيلىنىش- ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېكىتىپ بېرىلگەن تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. ئۆيلىنىش كۆپلىگەن ئېسىل غايە ۋە ياخشى مەقسەتلەرنىڭ ۋاستىسىدۇر. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆيلىنىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى ئىككى بولۇپ: بىرى، پەرزەنت كۆرۈش، يەنە بىرى، ئۆيلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى زىنا - ھارام ئىشلارغا بېرىلىشتىن قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت.

## 1. ھارامدىن ساقلىنىش

مەلۇمكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆيلىنىشتىكى بىرىنچى مۇددىئاسى ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى ھالالدىن قاندۇرۇش ئارقىلىق ھارام - زىنا ئىشلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

جىنسىي ھەۋەسنى ئۆزىنىڭ ھالال ئايالى ئارقىلىق ئادا قىلىش كىشىنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ، لېكىن بۇنداق ئىپپەتنى ھاسىل قىلىش ئاۋۋال نىيەت بىلەن بولىدۇ، ئەگەر كىشى بارلىق ھىممىتىنى ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشقىلا بېغىشلىغان ھالدا ئۆيلىنىدىكەن، ئۇ باشقا مەخلۇقاتلاردىن قىلچە پەرقلەنمىگەن بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم جىنسىي ھەۋەسنى ھالالدىن قاندۇرۇش ئارقىلىق ھارامدىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولۇشنى مەقسەت قىلىپ ئۆيلەنسە ساۋاب تاپىدۇ. چۈنكى ھارامدىن ساقلىنىش ۋە ھالال دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش ساۋابلىق ئەمەلدۇر.

دېمەك: ھارامدىن ساقلىنىپ ئىپپەتلىك بولۇش نىيىتىدە ئۆيلەنگەن كىشى، ئۆيلىنىش ئارقىلىق چوقۇم ئىپپەتلىك بولالايدۇ. ئەمما، پەقەت ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش نىيىتى بىلەنلا ئۆيلەنگەن كىشى، ئۆيلىنىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھارامدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت بولغان ياخشى نىيەت بولمىغاچقا، ئۇنىڭدا قانائەتمۇ بولمايدۇ. ئىنساننىڭ نەپسى تويسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى تويمايدۇ. ئۇنى پەقەت قانائەتلا تويغۇزالايدۇ. قانائەت بولمىغان ئادەم تۆت خوتۇنىنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىغان بولسىمۇ يەنە تويمايدۇ. ھازىرقى چىرىكلەشكەن ئەرەب جەمئىيىتىدە بۇنىڭ مىسالىنى كۆپرەك ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

## 2. پەرزەنت كۆرۈش

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆيلىنىشتىكى ئىككىنچى مۇددىئاسى پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنى دىن، مىللەت ۋە ۋەتەن ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان دىيانەتلىك، ياخشى ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ تۇغىدىغان، ئېسىل خىسلەتلىك ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىڭلار! مەن قىيامەت كۈنىدە باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئالدىدا، سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلاردىن پەخىرلىنىمەن»[1].

ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدىمۇ پەرزەنت كۆرۈشنى، باللىرى بىلەن

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

خۇشاللىنىپ دۇنيانىڭ سائادەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇلايدۇ، باللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نام-نىشانىسىنى داۋام قىلدۇرۇشنى خالايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ﴾ يەنى﴿ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر﴾[1].

پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنى دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ياخشى پەرزەنت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ھەقىقىي مۇسۇلمانغا خاس بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

(1) كەھف سۈرىسى46 ـ ئايەت

# ئىنسانلارنى ئۆيلىنىشكە تەشەببۇس قىلىشنىڭ ھېكمىتى

بۇ ماۋزۇدا سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغانلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ھېكمەتتىنلا ئىبارەت دېسەك مۇبالىغە قىلمىغان بولىمىز. ئۇلاردا مەنىسىز، پايدىسىز ھېچ نەرسە يوقتۇر. چۈنكى ئۇلار ھەر نەرسىنى تولۇق بىلگۈچى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئەھكاملاردۇر. لېكىن شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا مەلۇممۇ ؟ جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ ئىلمى ۋە ئەقىل ئىدراكى چەكلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ھېكمەتلىرىنى ۋە مەقسەت ـ غايىلىرىنى ئىدراك قىلىپ بىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا أُوتِيتُمْ مِنَ الْعِلْمِ إِلَّا قَلِيلًا ﴾ يەنى﴿سىلەر ئازلا ئىلىم بېرىلدىڭلار﴾[1].

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۈچۈن چۈشۈرگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسىنى ـ مەيلى بىز ئۇلارنىڭ ھېكمەت ـ سىرلىرىنى بىلەيلى، مەيلى بىلمەيلى ـ رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىنىڭ ھېكمىتىنى بىلمىگەنلىكىمىز، ئۇنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىسى يوق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھېكمىتىنى بىلىشكە بىزنىڭ ئەقىل، ئىدراكىمىزنىڭ يېتەرلىك ئەمەس ئىكەنلىكىدۇر.

شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن، ئەر ــ

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 85 ـ ئايەت

ئاياللىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى جىنسنىڭ بىر ــ بىرى بىلەن ئۆيلىنىشى ئارقىلىق جۈپلىشىشنى ئىلاھىي قانۇن قىلىپ بېكىتكەنلىكىنىڭ بەزى ھېكمەتلىرىنى بىزنىڭ چەكلىك بولغان ئىنسانىي ئەقلىمىز بىلەن بىلەلىگەنچە سۆزلەپ ئۆتكۈم كېلىدۇ:

1. ئۆيلىنىش ئارقىلىق كىشىلەر ئەر ـــ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقاندىن كېيىن، ئۇلار زىنا ـ پاھىشە ئىشلاردىن ساقلىنالايدۇ، تېگى پاك نەسىللەرنى تېرىيالايدۇ.

2. ئۆيلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى يامان ئىشلاردىن، ئەخلاقسىزلىقتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۆيلىنىش بولمايدىغان بولسا، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا رەزىللىكلەر ئورتاقلاشقان بولاتتى.

3. ئۆيلىنىش ئارقىلىق ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تېگىشلىك بولغان ھەق ـ ھوقۇقلاردىن ئورتاق مەنپەئەتلىنەلەيدۇ. ئەر ئايالنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ھاياتتىكى بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاشنى ئۆز ـ ئۈستىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللىرىڭلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشىڭلار، ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەقلىرىدىندۇر»[1].

ئايالمۇ ئېرىنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ئېھتىياجلىرىدىن چىقىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج قىلغان ۋاقتىدا، ئەرەفات تېغىدا سۆزلىگەن « ۋىدا خۇتبىسى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر نۇتقىنىڭ بىر قىسمى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى.

«ئايـــال ئېرىنىـــڭ ئـــۆيىگە مەســـئۇلدۇر، ئـــۇ، ئـــۆي ئىشـــلىرىدىكى مەسئۇلىيىتىدىن سورىلىدۇ»[1].

4. ئـۆيلىنىش ئـارقىلىق كىشـىلەر يـات ئـائىلىلەر، قەبىلـىلەر، ھەتتـا مىللەتـلەر ئوتتۇرىسـىدا ئۆزئـارا تۇغقـانچىلىق رىشـتىنى باغلايـدۇ، بىـر ـ بىرىنى تونۇمايدىغان ئائىلىلەر، ئۆزئارا قۇدىلىشـىش ئـارقىلىق بىرـ بىـرى بىـلەن تونۇشـۇپ تۇغقـان بولـۇپ كېتىـدۇ. ئـۇلار ئـاخىرى بىـر ـ بىرىـدىن مىراس ئالىدۇ.

5. يەر يۈزىدە ئىنسـان نەسـلىنىڭ سـاغلام ھالـدا داۋام قىلىشـى پەقەت ئەر بىلەن ئايال ئىككى جىنسنىڭ بىرـ بىرى بىـلەن ئۆيلىنىشـى ئـارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَاءً ﴾يەنـى﴿ ئـى ئىنسـانلار! سـىلەرنى بىـر شەخسـتىن ياراتقـان، شـۇ شەخسـتىن ئۇنىـڭ جۈپتىنى ياراتقان ۋە بـۇ ئىككىسـىدىن نۇرغـۇن ئەرلەرنـى ۋە ئاياللارنى ياراتقان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾[2].

ئەگەر ئىنسـانلار ئوتتۇرىسـىدا ئۆزئـارا ئـۆيلىنىش بولمايـدىغان بولسـا، تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىـرى بـولاتتى، يـاكى ئىنسـانىيەتنىڭ نەسـلى تۈگەشكەن، ياكى زىنـا ـ پاھىشـە ئـارقىلىق ئەسـلى ـ پەسـلى بىلـىنمىگەن ئەخلاقسىز ئىنسانلار مەيدانغا كەلگەن بولاتتى.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى
(2) نىسا سۈرىسى 1 ـ ئايەت

# تۇرمۇش قۇرغۇچىلاردا بولىدىغان سۈپەتلەر

قىز يىگىتلەر بالاغەتكە يېتىپ، كۆڭۈللىرىگە خىياللار كىرىشكە باشلىشى بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ زېھنىي كېلەچەك تۇرمۇشىدىكى شېرىكى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە تەربىيە ئالغان مۇھىتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغىنىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن جۆر تاللاشتىكى قىزىقىشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان جۆرىسىنىڭ شەكلى گۈزەللىكىنى كۆزدە تۇتسا، بەزىلەر ئۇنىڭ بايلىقىنى ياكى جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقلا بىر جەمئىيەتتە بولمىسۇن، تۇرمۇش قۇرغۇچىلاردا ئومۇمەن كۆزدە تۇتۇلىدىغان ئاساسلىق سۈپەتلەر. لېكىن يۇقىرىقى سۈپەتلەر ئىچىدە ھەممىدىن ئېسىل ۋە ئەڭ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەيدىغان سۈپەت قايسى دېگەندە، ئۇ دىيانەت بىلەن ئەخلاقتۇر.

تۇرمۇش قۇرغۇچىنىڭ جۆرىسىدىن ئىزدەيدىغان ئەڭ ئاۋۋالقى نەرسىسى دىيانەت بىلەن ئەخلاق بولۇشى لازىم. ئەر- خوتۇنلۇق ھاياتى كۆپلىگەن مەسئۇلىيەت ۋە مۇشەققەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھايات بولۇپ، شارائىتلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەر- خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ ئاساسى ئەگەر پۇل - مالنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا ، يەنى ئۇلار بىر- بىرىنىڭ مال دۇنياسىنى كۆزلەپ ئۆيلەنگەن بولسا، پۇل - مال دېگەن بىرخىل تۇرمايدۇ. جاھان ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، تۈنۈگۈنكى باينىڭ بۈگۈن گاداي بولۇپ قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال. مال - دۇنيا قولدىن كەتكەن ۋاقىتتا، بۇ تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي يىقىلغان

بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق تۇرمۇش مال - دۇنيانى كۆزلەپ، بايلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇرۇلغان.

ئەگەر بۇ تۇرمۇش گۈزەللىك ياكى مەنسەپنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇرۇلغان بولسا، گۈزەللىك ھەمىشە بىر خىل تۇرمايدۇ. ئۇ، يىللار بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەنسەپ دېگەنمۇ بۈگۈن بار، ئەتە يوق بولۇپ تۇرىدۇ. ئەر - ئاياللىق ھاياتى ئۆز ئاساسىنى يوقاتقاندىن كېيىن نېمە بولماقچى؟

شۈبھىسىزكى: بۇنداق شارائىتتا، ئەر – ئايال ئوتتۇرىسىدا چوقۇم جېدەل - ماجىرا چىقىدۇ، نەتىجىدە، ئۇلار ئاجرىشىدۇ ياكى بەختسىز ھالدا بۇ تۇرمۇشنى داۋام قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى بۇ تۇرمۇش ئۆزگەرمەيدىغان سابىت نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلماستىن، بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شەخسىي مەنپەئەتلەرنى ئاساس قىلغان تۇرمۇشتۇر.

ئەر– خوتۇنلۇق ھاياتى ئەگەر دىيانەتنى ئاساس قىلىپ دىننىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدىكەن، دىن - مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ سابىت ۋە ئەڭ كۈچلۈك نەرسىدۇر. شۇڭا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بارلىق نەرسىسى يوقالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ دىنى قەتئىي يوقالمايدۇ، ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنى ھېچبىر كۈچ تارتىۋالالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدىكىلىرىگە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئىگە بولالمايدۇ.

مەلۇمكى، مۇسۇلمان كىشى مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئۇ باياشاتلىق، ياخشى كۈنلەردە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. قاتتىقچىلىق ۋە ئېغىر كۈنلەردە ئاللاھ تائالاغا سەۋر قىلىدۇ. رىئاللىققا

ئىمانى ۋە سەۋرچانلىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئامەت كەلگەندە بىر ـ بىرىگە ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ، زىيان تارتقاندا بىرـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلمايدۇ. دىيانەتنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايال مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇلار رىئاللىققا قانائەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قارشى تەرەپنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تونۇيدۇ ۋە يولىدا ئادا قىلىدۇ.

# تۇرمۇش قۇرۇشتا ئەرلەرنىڭ جور تاللاش پىرىنسىپى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَلَا تَنْكِحُوا الْمُشْرِكَاتِ حَتَّى يُؤْمِنَّ وَلَأَمَةٌ مُؤْمِنَةٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكَةٍ وَلَوْ أَعْجَبَتْكُمْ وَلَا تُنْكِحُوا الْمُشْرِكِينَ حَتَّى يُؤْمِنُوا وَلَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ أُولَئِكَ يَدْعُونَ إِلَى النَّارِ وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى الْجَنَّةِ وَالْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِ وَيُبَيِّنُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ﴾يەنى ﴿مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. ھەر مۇشرىك ئايال ھۆسىن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دىدەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، ھەر مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. ئەنە شۇلار (مۇشرىكلەر) سىلەرنى دوزاخقا چاقىرىدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە سىلەرنى جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، كىشىلەر پەند ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئاللاھ ئۇلارغا ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ﴾[1].

ئىسلام دىنى نەزىرىدە، ئاياللار سۆيەتلىنىدىغان ۋە زىننەتلىنىدىغان ئەڭ ئېسىل ۋە گۈزەل سۆيەتلەرنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان خىتابىدا مۇنداق بايان قىلىپ كۆرسىتىدۇ:﴿ عَسَى رَبُّهُ إِنْ طَلَّقَكُنَّ أَنْ يُبْدِلَهُ أَزْوَاجًا خَيْرًا مِنْكُنَّ مُسْلِمَاتٍ مُؤْمِنَاتٍ قَانِتَاتٍ تَائِبَاتٍ عَابِدَاتٍ سَائِحَاتٍ ثَيِّبَاتٍ وَأَبْكَارًا﴾يەنى ﴿ئەگەر ئۇ

(1) بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەت

سىلەرنى قويۇۋەتسە رەببى (ئۇنىڭغا) سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، بويسۇنغۇچى، ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى بېرىشى مۇمكىن﴾[1].

بۇ ئايەت، خاتىرجەم، بەرىكەتلىك ۋە ئېسىل بىر ئائىلىنى تەسىس قىلىشتا ئايالدىن تەلەپ قىلىنىدىغان بارلىق ئېسىل پەزىلەت ۋە گۈزەل سۈپەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا:

1. «بويسۇنغۇچى» دېگەن سۈپەت بايان قىلىنغان، چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغان ئايال ئېرىنىڭ خاھىشىغىمۇ چوقۇم بويسۇنىدۇ ۋە ئۆستىدىكى ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تونۇيدۇ.

2. «ئىمان ئېيتقۇچى» دېگەن سۈپەت بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار ئايال ھەر قانداق ياخشى ئىشنى ئۆزلۈكىدىن ، ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ. ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقلاردىن يىراق بولىدۇ. ئېرى ئۇنىڭ يېنىدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئېرىگە ھەمىشە ۋاپادار بولىدۇ.

3. «تەۋبە قىلغۇچى»دېگەن سۈپەت بولۇپ، بۇرۇن قىلغان خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى بىلىدىغان ئايال ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك توغرا ئىشلىرىنى بىلىدۇ. ئېرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى بەختلىك قىلىشنى بىلىدۇ. ئېرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى بەختلىك قىلىش

(1) تەھرىم سۈرىسى 5 ـ ئايەت

ئۇچۇن ھەمىشە توغرا ياخشى ئىش قىلىشقا تىرىشىدۇ.

4. «ئىبادەت قىلغۇچى» دېگەن سۈپەت بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ئايال ئەلۋەتتە، ئېرىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ھەققىنى تونۇپ، قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى جايىدا ئورۇنلايدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ ئېرىنى ھۆرمەتلىشىدە ئىبادەتنىڭ ساۋابى باردۇر.

5. «روزا تۇتقۇچى» دېگەن سۈپەت بولۇپ، روزا تۇتۇش بىلەن بولسۇن، مەيلى باشقا نەپلە (ئىختىيارىي) ئىبادەتلەر بىلەن بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنى خالىغان ئايال ھەر ھالدا ئېرىنىمۇ رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئېرىنىڭ رازىلىقى ئايالنىڭ ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ يېقىنلىشىشىغا ۋاستە بولىدۇ.

يۇقىرىقى سۈپەتلەر ئىسلام نەزەرىدىكى ئەڭ ئۈلگىلىك ئايالنىڭ مىسالىدۇر. ئۈلگىلىك ئايال - ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن قورقىدىغان، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئايال دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن : «دۇنيا مەنپەئەتتۇر، دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتى ئۈلگىلىك ئايالدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرمۇش قۇرغۇچىنىڭ ئۆز جورىسىنى قانداق تاللىشى ھەققىدە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن : «كىشىلەر ئاياللارنى تۆت نەرسىگە قاراپ تاللايدۇ، ئۇنىڭ بايلىقىغا، چىرايىغا، نەسەبىگە ۋە ئۇنىڭ دىيانىتىگە. سەن ئەڭ ئاۋۋال دىيانەتلىك بولغىنىنى

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

تاللىغىن، شۇنداق قىلساڭ پايدا تاپىسەن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە، كىشىلەرنىڭ بىرگە تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئاياللاردىن تەلەپ قىلىشىدا ئومۇم بولغان تۆت خىل سۈپەتنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا، دىيانەتنى ئاۋۋال تاللاپ، ئۇنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

بەزى كىشىلەر جورىسى بولىدىغان ئايالنى تاللاشتا، ئۇنىڭ دىيانىتى ۋە ئەخلاقىدىن قەتئىينەزەر ھالدا، دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا تاقابىل كېلىشتە ياردەمچى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭ بايلىقىنىلا كۆزدە تۇتىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئايالنىڭ مەنسىپى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆزلەپ ئۇنىڭ دىيانىتىدىن ۋە ئەخلاقىدىن قەتئىينەزەر ھالدا، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال، ئايالنىڭ دىيانەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇنى تاللايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسى مانا مۇشۇ.

«دىيانەتلىك» دېگەن سۈپەت يۇقىرىقى ئۈچ سۈپەت بىلەن بىرگە تېپىلسا تېخىمۇ ياخشى، ئەگەر باشقىسى بولمىسىمۇ، دىيانەت ئۆزى يالغۇزلا يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ئەلۋەتتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئايالنىڭ دىيانىتىدىن خەۋەرسىز ھالدا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىغا ياكى گۈزەللىكىگە ياكى نەسەبىگە

(1) بۇخارى رىۋايىتى

ياكى جەمئىيەتتىكى ئابرۇيىغا بىرىلىپلا، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ پالاكىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئايالنى ئۇنىڭ ئابرۇيىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن، ئۇ خورلۇقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. كىمكى ئۇنى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن، ئۇ پېقىرلىقتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. كىمكى ئۇنىڭ نەسەبىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن، ئۇ پەقەت رەزىللىكتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. كىمكى ئايالنى، كۆزىنى نامەھرەمگە تىكىلىپ قاراشتىن، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاشنى مەقسەت قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ دىيانەتنى دەپ ئالىدىكەن، ئالاھ تائالا ھەر ئىككىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ»[1].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاياللارنى ئۇلارنىڭ چىرايىنىلا كۆزلەپ ئالماڭلار. ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، ئۇلارنىڭ سىلەرنى كۆزىگە ئىلماسلىقىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ بايلىقىنى كۆزلەپ ئالماڭلار، بايلىقى ئۇلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنى دىيانەتنى كۆزلەپ ئېلىڭلار. دىيانەتلىك بولغان، قارا تەنلىك دېدەك ، دىيانىتى بولمىغان ھۆر گۈزەلدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر»[2].

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىدىن، بايلىقىدىن ۋە ئابرۇيىدىن پايدىلىنىشتىن توسمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى بەزى ئاياللاردىكى ئاقىۋەتسىز، ۋاقىتلىق گۈزەللىككە، مال ـ دۇنياغا ۋە داۋامى يوق ئابرۇيغا قىزىقىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ دىيانەتنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار

---

(1) تەبەرانىي رىۋايىتى

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەرنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى، بەلكى ئەڭ ئاساسلىق ھەم مەڭگۈلۈك بولغان دىيانەتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئۆزلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئايالنىڭ ئىقتىسادىنى ياكى گۈزەللىكىنى ياكى جەمئىيەتتىكى ئابروينىلا كۆزلەپ، ئۇنىڭ دىيانىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماستىن، قۇرۇلغان تۇرمۇش كىشىنى داۋامسىز، ۋاقىتلىق نەرسىلەرگە قۇل قىلغان بولىدۇ. بۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ سائادىتىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى ۋاقىتلىق لەززەتلەر ئارىسىدا ئىزگىرىپ تۇرىدىغان ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنى سىرتمىسىغا ئاسقان بولىدۇ. تۇرمۇشتا ئۇ ھەرگىزمۇ خاتىرجەملىك ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى، دىيانەتسىز گۈزەل ئايال مەغرۇر ۋە ھاكاۋۇر كېلىدۇ. دىيانەتسىز باي ئايال ھەددىنى بىلمەيدىغان، چوڭچى كېلىدۇ. دىيانەتسىز ئالىي نەسەبلىك ۋە ئابرۇيلۇق ئايال تەكەببۇر كېلىدۇ. ئەمما دىيانەتلىك ئايال كەمتەر، ئىتائەتچان، ئېسىل، ئەخلاقلىق، سەۋر ــ تاقەتلىك كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ، گۈزەل جامالغا، بايلىققا، ئابرۇيغا ئىگە ئايال بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزى دىيانەتلىك بولغاچقا، ئۆز ھەددىنى بىلىدىغان، ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان، ئېسىل، پەزىلەتلىك كېلىدۇ. شۇڭا دىيانەت يۇقىرىقى ئۈچ خىل سۈپەتنى بېسىپ چۈشىدۇ.

11ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا داڭلىق ئەسىرى«قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق دەپ يازغان:

دېسە كىم ئۆيلىنەي، ئەي ئەرلەر بېشى،

ئالار شۇ تۆت خىلدىن بىرىنى ئۇ كىشى،
بىرى باي خوتۇننى ئالماق ئىستەر ،
ئۇ بىرسى چىرايلىق ئۇچۇن كۆز تىكەر،
يەنە بىرسى ئېسىل نەسەبلىك تىلەر،
ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قوۋانىپ يۈرەر.
بىرسى ئىستەر نەپىس تەقۋادارنى،
ئۇنى تاپسا باغلار ئاڭا كارىنى،
بۇلارنىڭ ئۇبدىنىنى ئېيتاي مەن ساڭا،
ئالۇر بولساڭ قۇلاق سال ماڭا،
ئايا باي خوتۇنغا ئىنتىلگۇچى جان،
ئەسىر بولما ئاڭا ئى ئالىم ئىنسان،
گۈزەلنى تىلەگەن ئى ئەر ياخشىسى،
ئۇنى ئالساڭ ياغار ئەلنىڭ كۈلكىسى.
ئەي ئەسلى بۈيۈككە ئىنتىلگۈچى سەن،
ئۆمرۈڭنى خار ئەتمە بۇنىڭ بىلەن.
ئېرىغ تەقۋا بولسا ئۇ، ئېسىل بولۇر،
قالغان ئۈچ نەرسىمۇ ئۇندا تېپىلۇر.
ھېكىم سەن بىر تەقۋا خوتۇن ئىستىگىل،
ئۇ بولسا، بولۇر بۇ تۆت شەرتىمۇ بىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ يۇقىرىقى بېيىتلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ توغرىدا ئېيتقان ھەدىسلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ توغرىدىكى پرىنسىپى كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ھەقىقەتتەك ئايلانماقتا. جەمئىيىتىمىز ۋە پۈتۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تەكرارلىنىپ كەلگەن تەجرىبىلەرمۇ، بۇ پرىنسىپنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە.

ئىسلام نەزىرىدىكى ئۈلگىلىك ئايالنىڭ سۈرىتىنى تۆۋەندىكى ھەدىستە كۆرىمىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق ئايال ئەڭ ئۈلگىلىك ياخشى ئايال سانىلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئېرى ئۇنىڭ چىرايىغا قارىسا ئۇنى مەمنۇن قىلالايدىغان، ئۇنى بىرەر ئىشقا بۇيرىسا ئورۇنلايدىغان، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشتىمۇ ئېرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشمايدىغان، ئېرىنىڭ ئامانىتىنى ھەر ھالەتتە ساقلىيالايدىغان ئايال ئەڭ ئۈلگىلىك ئايالدۇر»[1].

ئىمام غەززالىي «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» ناملىق ئەسىرىدە، ئەسما ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ، قىزىنىڭ توي كۈنىدە ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

ئەسما قىزىغا مۇنداق دېگەن: «ئى قىزىم! سەن ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇۋاڭدىن ئايرىلىپ، ساڭا تونۇشلۇق بولمىغان ئۆيگە ۋە سەن بىرگە بولۇپ كۆرمىگەن دوستنىڭ يېنىغا كېتىپ بارىسەن!

---

(1) نەسائىي رىۋايىتى

سەن ئۇنىڭغا يەر بولساڭ، ئۇ ساڭا ئاسمان بولىدۇ. سەن ئۇنىڭغا بىسات بولساڭ، ئۇ ساڭا تۈۋرۈك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسە سورىما، ئۇ سەندىن زېرىكىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن يىراقلاشما، ئۇ سېنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ساڭا يېقىنلاشسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىن. ئەگەر ئۇ سەندىن يىراقلاشسا، سەنمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلاشقىن. ئۇنىڭ نومۇسىنى ۋە ئىپپىتىنى ساقلىغىن. ئۇ سەندىن پەقەت خۇشپۇراقنىلا بۇرىسۇن. ئۇ سەندىن پەقەت گۈزەل سۆزنىلا ئاڭلىسۇن. ئۇ سەندىن پەقەت گۈزەللىكلەرنىلا كۆرسۇن»[1].

(1) « احياء علوم الدين» (دىنىي ئىلىملەرنى راۋاجلاندۇرۇش)» ناملىق ئەسەر، 4 ـ توم، 163 ـ بەت

# تۇرمۇش قۇرۇشتا ئاياللارنىڭ جور تاللاش پرىنسىپى

ئىسلام نەزەردىكى ياخشى ئەر ـ ئۇنىڭدا پۈتۈن ئىنسانلىق پەزىلەتلەر ۋە ئەرلىك خىسلەتلەر مۇجەسسەملەنگەن، ھاياتلىقتا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان، دىيانەتلىك، راستچىل ئەردۇر.

ئەر قانچىلىك باي بولۇپ كەتسۇن ياكى چوڭ مەنسەپلىك بولسۇن، دىيانەتتىن ۋە گۈزەل ئەخلاقلاردىن خالىي بولىدىكەن، ئۇ، ئىسلام نەزەردىكى ياخشى ئەر سانالمايدۇ.

ئۆيلەنمەكچى بولغان قىز ـ چوكانلار ئەگەر تۇرمۇشتا بەختلىك بولاي دېسە، ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام نەزەردىكى ياخشى ئەرنى تاللىشى، شۇنىڭدەك دىيانەتسىز ئەرلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە، مال دۇنياسىغا، يۈز ـ ئابرۇيىغا، ئالىي مەنسىپىگە ئالدىنىپ كەتمەسلىكى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام نەزەردىكى ياخشى ئەرنىڭ خىسلەتلىرىنى ئىخچاملىغان ۋە ئۇنى دىن بىلەن ئېسىل ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىگە مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «دىنى بىلەن ئەخلاقى سىلەرنى رازى قىلىدىغان، قانداقلا بىر كىشى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، ئۇلارنى تىز ئۆيلەندۈرۈڭلار! ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە چوڭ بۇزۇقچىلىقنى تېرىغان بولىسىلەر»، ساھابىلار ـ يا رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇنىڭدا ئۇنداق-مۇنداق ئىشلار(يەنى پېقىرلىك ياكى تېگى پەسلىك) بولسىچۇ؟ـ دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «دىنى ۋە ئەخلاقى سىلەرنى رازى قىلىدىغان، قانداقلا بىركىشى

سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، ئۇلارنى تىزدىن ئۆيلەندۈرۈڭلار» [1] دېگەن ئىبارىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى زەيد ئىبنى ھارىسەگە ياتلىق قىلماقچى بولغاندا، زەينەپ ئېسىل نەسەبلىك بولغىنىنىڭ ئۈستىگە، گۈزەل جامالغا ئىگە ئايال بولغاچقا، زەينەپ ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى زەيدنى ياقتۇرمىغان پوزىتسىيەدە بولدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇنۇ ئايەت چۈشىدۇ: ﴿ وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُبِينًا ﴾يەنى﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغاندا، ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ) كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾[2].

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا بىر- بىرىدىن ئارتۇق بولۇشىنىڭ ئۆلچىمى تەقۋالىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پرىنسىپىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە تەتبىق قىلغانلىقىنىڭ بىر نەمۇنىسىدۇر. ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئارتۇقچىلىقنىڭ مىقياسىنى ۋىجداننى ئىدارە قىلىدىغان، ھاياتلىققا سادىق نەزەر بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان، ئېسىل پرىنسىپلارغا باغلىق قىلدى.

---

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى
(2) ئەھزاپ سۈرىسى 36 - ئايەت

ئـاللاھ تائـالا بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴾يەنـى ﴿ ئـى ئىنسـانلار! بىـز سـىلەرنى بىـر ئەر، بىـر ئايالـدىن يـاراتتۇق، ئـۆز ئـارا تونۇشـۇشـۇڭلار ئۈچـۈن سـىلەرنى مىللەتلەرگە ۋە قەبىلىلەرگە ئايرىـدۇق. شەكسىزكى، ئاللاھنىـڭ نەزىرىـــدە ئەڭ ھۆرمەتلىـــك ســـانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقـــۋادار بولغـانلىرىڭلاردۇر. ئـاللاھ ھەقىـقەتەن ھەممىنـى بىلگۈچـىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر ﴾[1].

چۈنكى، دىيانەتلىـك كىشى ئۈسـتىدىكى ئايالىغا مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقـۇقلارنى تونۇيـدۇ. ئايـالىنى ياقتۇرغانـدى ھـۆرمىتىنى قىلىـدۇ، ئۇنىڭغـا ئـاچچىقلاپ قالغانـدا زۇلـۇم قىلمايـدۇ، ئايـالى ئەگەر يېتەرلىـك ئـۆزرىلەر ســەۋەبلىك ئاجرىششــنى تەلەپ قىلســا، ئۇنىڭغــا زىيــان يەتكۈزمەستىن ئايرىلىدۇ. چۈنكى، تەقـۋا كىشى دېـگەن ئـاللاھ تائالانىـڭ ئەمرـ پەرمانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقىدىغان كىشى دېگەنلىكتۇر.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت ـ قەلبنىڭ مەھبۇبى تەرەپكە بولغـان مـايىللىقى دېمەكتـۇر. مۇھەببەت پەقەت قەلبتە بولىدۇ. ئەر ـ ئاياللىق ھايـاتى پەقەت ئەرـ ئايال ھەر ئىككىسـىنىڭ بىـر ـ بىـرىگە بولغـان چىـن مـۇھەببىتى بولغانـدىلا بەختلىــك ۋە ســائادەتلىك بولالايــدۇ. ئەرـــ ئايــاللىق ھاياتتــا ئورتــاق مۇھەببەت ئىنتايىن ئەھمىيەتلىـك نەرسـىدۇر. مـۇھەببەت ئەسـلىدە، ھەر

(1) ھوجۇرات سۈرىسى 13 ـ ئايەت

كىشى ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغان پاكىز، ئېسىل بىر ئەنئەنىدۇر. ئەمما ـ ئەپسۇسلىنارلىقى ـ كۈنىمىزدە، مۇھەببەت سۆزى كۆپلىگەن كىشلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا چىرايلىق ئاڭلانمايدۇ. ئۇلار مۇھەببەت دېسە، ئۇنى بىر گۇناھ ئىش دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، پاك مۇھەببەت ـ بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت سۆزىنى بىر خىل گۇناھ ـ مەسىيەت دېگەن قاراش بىلەن چۈشىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، زامانىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر مۇھەببەت شوئارى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئايالى بولمىغان يات ئاياللار بىلەن يولسىز ئالاقە قىلىشىدۇ ـ ئۇلار بىلەن بىرگە تىياتىرغا بېرىشىدۇ، بىرگە تانسا ئوينايدۇ، ھاراق ـ شاراب سورۇنلىرىغا بىرگە بېرىشىدۇ، بەزىلەر ئىش ئورۇنلىرىدا خىزمەت باھانىسى بىلەن يات ئاياللار بىلەن يولسىز ئالاقە باغلىشىدۇ، يۇقىرىقى يولسىز مۇناسىۋەتلەر تەرەققىي قىلىپ، ھەتتا پاھىشە ئىشلارنى قىلىشىدۇ.

دېمەك: بەزى كىشىلەر پۈتۈن بۇزۇقچىلىقلارنى مۇھەببەت شوئارى ئاستىدا قىلىشىدۇ. بۇ خىل بۇزۇقچىلىقلارنى كۆرگەن خەلق مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولىدىكەن دەپ چۈشىنىپ، مۇھەببەت سۆزىنى يامان كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالغان.

ھەقىقىي پاك مۇھەببەت ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدىغان رەزىل نەرسە ئەمەس،بەلكى ئۇنى يولىدا قوللانسا ئېسىل ئەنئەنىدۇر. ئەمما بەزى كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت شوئارى ئاستىدا قىلىۋاتقان بۇ يولسىزلىقلىرى ھەرگىزمۇ مۇھەببەت دېيىلمەيدۇ. بەلكى بۇنداق ئىشلار ئالدامچىلىق ۋە ئەدەپسىزلىكتۇر.

پاك مۇھەببەت ـ قەلبنى گۈللەندۈرىدۇ. كىشى بىرسىگە كۆڭلىنىڭ مايىل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا

تارتىلمايدۇ. بەلكى مۇھەببەتنى يامان يولغا قوللىنىپ، يولسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئىنساننىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، قەلبىگە چۈشۈپ قالغان نەرسىلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ئەمما سەۋەبلەر ئارقىلىق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. سەۋەبلەر قايسى دېگەندە، ئۇلار: ئۆزىنىڭ ئايالى بولمىغان بىرسىگە، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش نىيىتى بىلەن تىكىلىپ قاراش، ھېچبىر زۆرۈرىيەتسىز ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن زورىغا پاراڭلىشىش قاتارلىق ئىشلاردۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇسۇلمانلارنى يات ئاياللارغا تىكىلىپ قارىماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

ئەڭ غەلىبىلىك مۇھەببەت تويدىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇھەببەتتۇر. ئەمما تېخى ئۆيلەنمەستىن ۋايىغا يەتكەن مۇھەببەت گارانتىسىز(كاپالەتسىز) مۇھەببەت بولۇپ، بۇنداق مۇھەببەت كۆپ ھاللاردا قىز ــ ئوغۇل ھەر ئىككىسىگە پۇشايمان ۋە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت گىردابىغا چۈشۈپ قالغانلارنىڭ ئاز قىسمى ئارمانلىرىغا ئېرىشەلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھاياتىنى بەختسىزلىككە دۇچار قىلىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، ئىنسان ئۆزىنىڭ قەلبىگە بىرسىنىڭ ئىشقىنى سېلىپ قويىدىغان پۈتۈن سەۋەبلەردىن يىراق تۇرۇشى ۋە ئۆز كۆڭلىگە ئۆزى ئىگە بولۇشى زۆرۈردۇر. چۈنكى كۆڭۈل دېگەن ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىن، ئۇنى خالىغان يەرگە بېرىپ قويماسلىق لازىم. ئۇنىڭ پالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئىنتايىن قىيىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى مەھبۇب ئۈچۈن

نىكاھتىن ياخشى نەرسە يوقتۇر»[1].

مۇھەببەتنىڭ غايىسى ئىككىسى بىرگە تۇرمۇش قۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش قۇرالىغان مۇھەببەت مۇرادىغا يەتكەن غەلىبىلىك مۇھەببەتتۇر.

مۇھەببەتنىڭ غايىسى بىر - بىرىنى ۋاقىتلىق ئالداپ كۆڭۈل ئېچىشتىنلا ئىبارەت بولسا، بۇ مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ئالدامچىلىق ۋە رەزىللىكتۇر.

مۇھەببەتنىڭ غايىسى ئىككىسى بىرگە تۇرمۇش قۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش قۇرالمىغان مۇھەببەت باشلىنىشى غەلىبە، ئاخىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان ئاۋارىچىلىكتۇر.

## ئىشق

ئىشق - قەلبنىڭ مەشۇق تەرەپكە بولغان چوڭقۇر مايىللىقى بولۇپ، ئۇ، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. ئىشقمۇ — مۇھەببەتكە ئوخشاش — ئىپپەت بىلەنمۇ بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى يولىدا ئىشلەتمىسە يولسىزلىق بىلەنمۇ بولىدۇ. ئەمما ئىپپەتلىك ئاشىق ئەگەر مۇرادىغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىپپىتى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ.

ھەدىسلەردە، كىشىنىڭ قەلبى ئىختىيارسىز بىرسىگە مايىل بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئىزھار قىلىشقا پېتىنالماي، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلاپ،

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

سەۋر قىلىپ، شۇ ئىشىق يولىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى شېھىتلەرنىڭ قاتارىدا ئەجرى - ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. چۈنكى ئەڭ چوڭ جىھاد نەپسى شەيتان بىلەن قىلغان جىھاددۇر. نەپسى شەيتاننىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىگە بېرىلمەستىن، ئىرادىسىدە چىڭ تۇرۇپ ئىپپىتى بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ شېھىتلەر قاتارىدىن سانىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

## كۈنلەش

كۈنلەش - بىراۋنىڭ ھەققىگە باشقىلارنىڭ شېرىك بولۇۋېلىشىدىن قىزغىنىشى دېمەكتۇر. بۇ مەنىدىكى كۈنلەش مۇھەببەتنىڭ نەتىجىلىرىدىن سانىلىدۇ. كۈنلەش ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئايال ئېرىنىڭ باشقا ئاياللار بىلەن بىنورمال ئالاقە باغلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئۈستىگە باشقا خوتۇن ئېلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ خاراكتېرى بولۇپ، يامان كۆرۈلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەققىدۇر. ئەرمۇ ئايالىنىڭ ئىككىنچى شەخس بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا ۋە ئالاقە باغلىشىغا قارشى تۇرىدۇ.

ئەرنىڭ ئايالىنى باشقا ئەرلەر (ئۆزىنىڭ ۋە ئايالىنىڭ بۇ ئايال بىلەن نىكاھتا باغلىنالمايدىغان تۇغقانلىرىدىن باشقا يات ئەرلەر) بىلەن بىنورمال ئارىلىشىشتىن، يولسىز مۇناسىۋەت باغلاشتىن مەنئى قىلىشى، ھەتتا ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ يامان نىيەت بىلەن سۆزقىلىشىدىن قىزغىنىشى ئىسلام شەرىئىتىدە تەلەپ قىلىنغان زۆرۈرىيەتتۇر. غۇرۇرلۇق، ديانەتلىك ۋە ۋىجدانلىق ئادەم ئۆزىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ يات ئەرلەر بىلەن يولسىز ئارىلىشىشىنى ۋە ئۇلار بىلەن بىنورمال چاقچاقلىشىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. بۇ ئىشلارغا ئۇلار جېنى

بىلەن قارشى تۇرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەپسۇسكى، كۈنىمىزدە خوتۇن - قىزلىرىنى باشقىلارنىڭ يامان نىيەتلىك كۆزلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى يات ئەرلەرگە ئارىلاشتۇرمايدىغان، ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيىنى ۋە نومۇسىنى ساقلاشقا تىرىشىدىغان، غۇرۇرلۇق كىشىلەر «مۇتەئەسسىپ»، «قىزغانچۇق» دەپ ئاتىلىپ قالماقتا. چۈنكى زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر «شەرم - ھايا»، «ئەدەپ - ئەخلاق» ۋە «نومۇس» دېگەنلەرنى قامۇسلىرىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئەسىر بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈلگە قىلىۋالغان. يەنە بىر تەرەپتىن دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىي ئەنئەنىلەرگە قىلىپ كەلگەن ھۇجۇملىرى تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئىلاھىي تەلىماتلاردىن يىراقلىشىپ قالغان. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرى مۇسۇلمان بولۇپ تۇرۇپ، دىنىمىزدىكى گۈزەل ئەخلاقلارنى كەمسىتىدىغان، يامان ئىشلارغا كۆز يۇمىدىغان بولۇپ قالغان. بۇلار كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتلەردىن بىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوتۇن - قىزلىرىنى يات ئەرلەر بىلەن يولسىز ئارىلىشىشتىن توسمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئىپپەت — نومۇسلىرىنى قوغدىمايدىغان ئادەمنى «دەييۇس» دەپ ئاتىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ خىل ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، ھاراقتىن باش ئالالمايدىغان ئادەم. يەنە بىرى ، ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقان ئادەم. يەنە بىرى، دەييۇس ئادەم»

## ئىسلام دىنىدىكى كۈنلەشنىڭ مەنىسى

ئۆزىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى يات ئەرلەرنىڭ يامان نىيەتلىك

تەمالىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇلارغا يولسىز ئارىلىششتىن توسۇش ئىسلام دىنى نەزىرىدە ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزدە گۈزەل ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. مانا بۇ ئەقىل بىلەن دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. ئەمما ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك ۋە بىلىملىك دەپ سانايدىغان بەزى ئەبگارلار بۇ گۈزەل ئەخلاقنى خاتا چۈشىنىپ، مەدەنىيەتلىك بولۇشقا ۋە ئىنسانىيەتچىلىككە زىت كېلىدىغان «قالاقلىق»، «قىزغانچۇقلۇق»، « مۇتەئەسسىپلىك» دەپ چۈشىنىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى ساپ تەبىئىتىنى يوقاتمىغان ئىنسانلاردا ئىپپەت — نومۇس ۋە خوتۇن - قىزلىرىنى يوللۇق ھالدا كۆنلەش خىسلىتى بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىپپەت - نومۇسلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەنلەرنى شېھىتلەرنىڭ قاتارىدىن سانايدۇ. مانا بۇ - ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىپپەت - نومۇسلىرىنى نەقەدەر قەدىرلەيدىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ شېھىتتۇر. كىمكى مال - مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ شېھىتتۇر. كىمكى ئۆز ئەھلىنىڭ نومۇسىنى قوغداش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ شېھىتتۇر»[1].

جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىپەرۋالىقى ياكى بۇ ھەقتىكى شەرىئەت ھۆكۈمنى بىلمىگەنلىكى تۈپەيلى، ئاياللىرىنى كۆنلەشتە سەل قارىسا، بەزىلەر شەرىئەت ھۆكۈمنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، كۆنلەشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ، ئاياللىرىغا ئاساسسىز

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

تۆھمەت قىلىدىغان، ھەمىشە ئۇلاردىن يامان گۇمان قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغان. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى توغرا ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ نورمال بولغىنى توغرا بولغىنىغا ئوخشاش، كۈنلەشتىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىك كېرەك.

ئاياللارنى كۈنلەش دېگەننى كۆپ كىشىلەر ئاياللاردىن ھەمىشە شەكلىنىش، يامان گۇمان قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پايلاقچىلىق قىلىش دەپ چۈشەنسە كېرەك، شۇڭا ئۇلار ھەدەپ ئاياللىرىنى ئاساسسىز ھالدا، قارىلاشقا ئالدىرايدۇ. مۇنداق كۈنلەش مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. چۈنكى كۈنلەشنىڭ مەنىسى - بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك - خوتۇن - قىزلىرىنى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تەمالىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش، ھەرقانداق يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ۋە شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئۇلارنى يىراق تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە كۈنلەشنىڭ چەك - چېگراسىنى بايان قىلىدۇ: « كۈنلەشتىن ئاللاھ ياقتۇرىدىغان كۈنلەشمۇ، ئاللاھ يامان كۆرىدىغان كۈنلەشمۇ بار، ئاللاھ ياقتۇرىدىغان كۈنلەش - ئۆز ئەھلىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئاساسسىز ھالدا، يامان گۇمان قىلماسلىق؛ ئاللاھ يامان كۆرىدىغان كۈنلەش بولسا، ئۆز ئەھلىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلماستىن، ئۇلارنى دەلىلسىز قارىلاشتۇر»[1].

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

## ئالدانغان ئىشەنچ

بىز مۇسۇلمانلار كېيىنكى دەۋرلەردە، ئۆزىمىزنى ئالداپ كەلگەن يالغان ئىشەنچلەرنىڭ بىرى، خوتۇن - قىزلىرىمىزنىڭ ئىپپەت — نومۇسلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىش، بۇنداق بىپەرۋالىقتىن يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كەلمەسلىكىگە ئىشىنىپ كېتىش بولدى. بۇ پەقەت، ئىماننىڭ ئاجىزلاشقانلىقى، ۋىجداننىڭ غەپلەت ئىچىدە كىرلەنگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ھېچقانداق كىشى خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. كىشى پەقەت يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ساقلىنىش ئارقىلىقلا خاتالىقلاردىن ساقلىنالايدۇ. ئايال ھەرقانچە ئىرادىلىك، دىيانەتلىك، جورىسىگە سادىق بولۇپ كەتكەندىمۇ، ئۇلار ھېچ ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىلىرى، ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەردە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. بۇنىڭلىق بىلەنمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۇنۇ تەۋسىيەلەرنى قىلغان:﴿ يَا نِسَاءَ النَّبِيِّ لَسْتُنَّ كَأَحَدٍ مِنَ النِّسَاءِ إِنِ اتَّقَيْتُنَّ فَلَا تَخْضَعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ وَقُلْنَ قَوْلًا مَعْرُوفًا﴾يەنى ﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! ئەگەر سىلەر تەقۋالىق قىلساڭلار، باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر. (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (چۈنكى ئۇنداق قىلساڭلار)دىلىدا يامان غەرەز بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، (گۇماندىن خالى) ياخشى

سۆزنى سۆزلەڭلار﴾[1].

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ وَمَا كَانَ لَكُمْ أَنْ تُؤْذُوا رَسُولَ اللَّهِ﴾ يەنى﴿ سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ پاك تۇتىدۇ، سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس﴾[2].

كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئانچە يىراق ئەمەسكى، يۇقىرىقى ئايەتلەردە خىتاب قىلىنغان كىشىلەر يەر يۈزىدىكى ئەڭ تەقۋا، ئەڭ ئەخلاقلىق زاتلار بولغان ساھابىلەر (پەيغەمبەرنىڭ زامانىدىكى ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە بولغان ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار)دۇر. ئۇلار مۇئامىلە قىلىدىغان ئاياللارمۇ يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئاياللارنىڭ ئەڭ تەقۋالىرى، ئەڭ ئەخلاقلىق ۋە ئەڭ ئۆلگىلىك ئانىلىرى بولغان ئاياللار — پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدۇر.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىنمۇ، يەنە خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئېپپەت — نومۇسلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشىدا، يالغان ئىشەنچكە بېرىلىپ ئالدانغۇچىلارغا دەيمەنكى: سىلەر قانچىلىك ياخشى بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، پەيغەمبەردىن كامىل ئەمەسسىلەر. ئاياللىرىڭلارمۇ

(1) ئەھزاپ سۈرىسى 32- ئايەت
(2) ئەھزاپ سۈرىسى 53- ئايەت

قانچىلىك پاك ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ كەتكەندىمۇ، ئۇلار يەنىلا پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىغا يەتمەيدۇ. سىلەر ئارىلىشىدىغان يېقىن - يورۇقلىرىڭلارمۇ ساھابىلەردىن ۋاپادار ئەمەس. سىلەر نېمەتلەرگە بۇنچىۋالا ئىشەنچ قىلىپ كېتىسىلەر؟!

## غۇرۇرنىڭ يوقالغانلىقى ئەرلىكنىڭ ئۆلگەنلىكىدۇر

ئىنسانىنىڭ دۇنيادا ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى ئۇنىڭ نومۇسىدۇر. بەلكى ئىنساننىڭ نومۇسى ئۇنىڭ دىنىنىڭ ئاساسلىق پارچىسىدۇر. نومۇسنى ساقلاش دىنىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى تەلپى ۋە ئىماننىڭ كۆرۈنەرلىك ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ مەسىلىدە پۈتۈن دىنلار ئىتتىپاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۆز ئەھلىنىڭ نومۇسىنى ساقلاشتا، ئەڭ غۇرۇرلۇق زاتلار ئىدى . مۇنۇ ھەدىس ئۇلارنىڭ نەقەدەر غۇرۇرلۇق ۋە ئىپپەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھىبلىرىغا: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆز ئۆيىگە كىرگەندە، ئايالىنى بىراۋ بىلەن يامان ئىش ئۈستىدە كۆرسە 4 كىشىنى گۇۋاھلىققا چاقىرسۇن» دېگەندە، سەئىد ئىبنى مۇئاز ئىسىملىك ساھابە ئورنىدىن تۇرۇپ ــ يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئايالىمنى يامان ئىش ئۈستىدە كۆرسەم، ئۇنىڭغا 4 گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە قاراپ تۇرامدىمەن ؟ ياق! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئايالىمنى بىراۋ بىلەن يامان ئىش ئۈستىدە كۆرسەم ئۇنى بېشىدىن ئايىقىغىچە پارچىلاپ، ئېزىپ ، ئۇندەك قىلىۋېتىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ مېنى قانداق جازالىسا، جازالىسۇن، ــ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ غۇرۇرىغا قايىل بولغانلىقتىن تەبەسسۇم قىلىپ، ــ ھەقىقەتەن سەئىد بەكمۇ غۇرۇرلۇق، مەن سەئىدتىن، ئاللاھ ھەممىمىزدىن بەك غۇرۇرلۇقتۇر. ئاللاھ

تائالانىڭ غۇرۇرى يۈزىسىدىن ھارام ـ پاھىشە ئىشلارنىڭ ھەر قاندىقى ھارام قىلىنغان»(1).

ھەر كىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نومۇسى ۋە ئىپپىتى شۇنچىلىك مۇقەددەس بولغان يەردە، باشقىلارنىڭمۇ نومۇسى ۋە ئىپپىتىمۇ شۇنچىلىك مۇقەددەستۇر، ئۆزىنىڭ نومۇسىنى قوغداش يولىدا غۇرۇرلۇق بولغان كىشى، ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭمۇ ئىپپەت، نومۇسلىرىنى قوغدىشى، دۈشمەنلىك ۋە خىيانەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ نومۇسلىرىنى ئاياق ئاستى قىلىشتىن ھەزەر قىلىشى كېرەك.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

# يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان بوشلۇقلار

ئىپپەت-نومۇسنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ۋە ياماننىيەتلىك ئادەملەرنىڭ بۇزۇقچىلىق ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان بوشلۇقلار تۆۋەندىكىلەر:

1. ئائىلە مەسئۇلىنىڭ ئۆز ئەھلىنى يات ئەرلەرنىڭ ياماننىيەتلىك تەمەلىرىدىن قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى. بۇ ئاجىزلىق، ئائىلە مەسئۇلىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى يوقاتقانلىقى ياكى ئۆز ۋەزىپىسىنى تونۇمىغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ تەربىيە ساھەسىدە بىلىمسىزلىكىنى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن ئاجىزلىقتۇر.

2. مۇسۇلمان خانىم- قىزلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى دوراپ، ئوچۇق، نېپىز ۋە قىسقا كىيىنىشى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىكى بىنورمال نازاكىتى. شۇڭا ئىسلام دىنى ھەرتۈرلۈك ياماق ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاياللارنى ئۆزلىرىگە قارىتا ئەرلەرنىڭ ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىپ قويىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق بولۇشقا چاقىرغان. ئاللاھ تائالا پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى وَأَقِمْنَ الصَّلَاةَ وَآتِينَ الزَّكَاةَ وَأَطِعْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ﴾يەنى﴿ ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار ﴾[1].

(1) ئەھزاب سۈرىسى 33 ـ ئايەت

بۇ ئايەتتىكى خىتابتىن مەقسەت، ئاياللارنى گۈزەل، يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئېسىل يۇرۇشلىرىدىن مەنئى قىلىش ئەمەس. بەلكى ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئاياللارنىڭ ۋە كۈنىمىزدىكى مەدەنىيەت دەۋاسى قىلغۇچى ئاياللارنىڭ كىيىنگىنىدەك، يات ئەرلەر بار يەردە نېپىزلىكتىن بەدەنلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، قىسقىلىقتىن تىزىدىن ئاشمايدىغان، تارلىقتىن بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

گۆھەر نەچچە قات تۇگۈنلەر ئىچىدە ساقلانغانلىقى ۋە ھەركىشىنىڭ ئۇنى كۆرەلمىگىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتكە سازاۋەر بولغان نەرسىدۇر. ئايالمۇ ئۇزۇن ، ئازادە، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۇرسە، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە قىممىتى ئاشىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ. شۇڭا ئاياللار يات ئەرلەر بار جايدا سۆز قىلغاندا، ئىمكان قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى جەلىپكار ۋە نازاكەتلىكتە سۇنئىيلەشتۇرىۋالماستىن، بەلكى نورمال، تەبىئىي سۆزلەشكە تىرىشىشى كېرەك. چۈنكى نازاكەتلىك، سۇنئىي ئاۋازلار ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر. ئەرەب ماقال تەمسىللىرىدىمۇ « قۇلاق كۆزدىن بۇرۇن ئاشىق بولىدۇ» دەيدىغان سۆز بار.

3. ئەر - ئايال جىنسلىرىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى. ئىسلام شەرىئىتىدە، ئاياللارنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىدىن بولمىغان، يات ئەرلەر بىلەن ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى، ئۇلارغا نازاكەتلىك ۋە سۇنئىي ئاۋازلىرى بىلەن، زۆرۈرىيەتسىز سۆز قىلىشى مەنئى قىلىنغان تۇرسىمۇ، كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئائىلىلىرى ئۆزئارا زىيارەت ياكى باشقا مۇناسىۋەتلەردىن تاشقىرى، ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ ئەر - ئاياللار بىر ئورۇندا ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ئەرلەر

بىلەن ئاياللار بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىشىدىغان ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ قالغان. بۇنداق ئىشلار دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ بولغىنىنىڭ سىرتىدا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگىمۇ يات كېلىدىغان ئەھۋالدۇر.

4. ئائىلىدە دىنىي تەربىيەنىڭ يوقلىقى ياكى كەملىكى. بىر ئائىلىدە ھەقىقىي دىنىي تەربىيە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى شۇ ئائىلىدىن يېتىشىپ چىققان بالىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياشىغان مەھەللە، يۇرت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ئومۇم بولىدۇ. ئائىلىدىكى دىنىي تەربىيە، بالىلارنىڭ ئىپتىدائى تەربىيەسى بولۇپ، دىنىي تەربىيەنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەن قىز ـ يىگىتلەر ئائىلىنىڭ شەرىپىنى ۋە نومۇسىنى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. نەتىجىدە، قورۇق سۆزلەردىن ۋە يالغان تۆھمەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ياتلار بىلەن بىنورمال ئالاقە قۇرمايدۇ، قىزلار ئائىلىسىدىن رۇخسەتسىز خالىغان جايغا كەتمەيدۇ، يات ئەرلەر بىلەن بىرگە يۈرمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام تەربىيەسىنىڭ تەقەززاسى بۇ خىل يولسىز ئالاقىلارنى رەت قىلىدۇ ۋە مەنئى قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! يۇقىرىقى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ياخشى چۈشىنىپ، شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىزگە يېتەرلىك دەپ ئويلايمەن: ﴿ قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ. وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ

آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُولِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾يەنى﴿ مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار كۆزلىرىنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن ساقلىسۇن، نومۇسىنى ۋە ئىپپىتىنى قوغدىسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن، ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن، زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە

قىلىڭلار﴾ [1].

(1) نور سۈرىسى 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر

# مەھرەم ۋە نامەھرەم ئۇقۇملىرى

مەھرەم ــ مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ئۆزىنىڭ جورىسى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقانلىرى دېمەكتۇر. نامەھرەم ــ بۇلارنىڭ ئەكسى، يەنى يات كىشىلەردۇر.

ئاياللارنىڭ مەھرەملىرى ــ ئۇنىڭ ئېرى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان ئەر تۇغقانلىرىدۇر. ئۇلار: شۇ ئايالنىڭ ئاتىسى، بوۋىلىرى، تاغىلىرى، ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى، قېيىن ئاتىسى، ئۆگەي دادىسى، قىزلىرىنىڭ ئەرلىرى، ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ ئەرلىرى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن باللار قاتارلىقلاردۇر.

ئەرنىڭ مەھرەملىرى ــ ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان ئايال تۇغقانلىرىدۇر.

(3) نامەھرەم بىلەن يالغۇز قېلىش. ئەر ياكى ئايال ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ جورىسى ياكى نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقىنى بولمىغان يات بىرى بىلەن خالىي يەردە يالغۇز قېلىشى ئىسلامدا مەنئى قىلىنغان ھارام ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم مەھرىمى يېنىدا بولمىغان يات ئايال بىلەن خالىي بىر يەردە يالغۇز قالمىسۇن، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ»[1].

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(4) بىراۋنىڭ ئەۋرەت جايلىرىغا قاراش. مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن بىراۋنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى مۇتلەق ھارامدۇر. پەقەت ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە ۋە پۈتۈن ئورگانلىرىغا قارىشى دۇرۇستۇر.

(5) ھاياسىز فىلىملەرنى كۆرۈش، ئەخلاقسىز سۈرەتلەرگە قاراش، تېلېۋىزور كونتروللۇقىنى قولدىن بېرىش. نامەھرەملەرگە قاراش ھارام بولغان يەردە، بەزى فىلىملەردىكى ئەخلاقسىز قىلىقلارغا قاراپ لەززەتلىنىش، ھاياسىز رەسىملەرگە قاراپ تاماشا قىلىش، تېلېۋىزور قاناللىرىنى كونتروللۇقىدا تۇتۇپ، نورمال فىلىملەردىن باشقىلىرىنى كۆرۈشتىن ئۆزى ۋە ئائىلە ئەزالىرى چەكلەنمەستىن مۇتلەق قويۇۋېتىش ئەلۋەتتە چوڭ ھارامدىن بىرى ۋە ئىنسانىنىڭ قەلب كۆزىنى خىرەلەشتۈرىدىغان گۇناھتۇر. ئائىلە باشلىقى بولغان ئاتا بىلەن ئانا باللىرىنىڭ بۇ خىلدىكى ھارام ئىشلارنى سادىر قىلىپ، گۇناھ ئىشلىشىنى توسۇشى لازىم. شۇنداق قىلمىغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى بىلەن بىرلىكتە باللىرىنىڭمۇ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ جازاسىنى چېكىدۇ.

(6) ئاياللار كېسەللىكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، ئايال دوختۇرلارغا بېرىش ئىمكانىيىتى بار بولغان شارائىتتا، ئاياللارنىڭ ئەر دوختۇرغا بېرىشى. چۈنكى ئەر بىلەن ئايال ئىككى يات كىشىنىڭ يالغۇز بىر يەردە بولۇشى توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەر قانداق ئادەم ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. ئايال دوختۇر بولمىغاندا ياكى جىددىي ئەھۋال ئاستىدا ئەر بولامدۇ، ئايال بولامدۇ قايسىبىر دوختۇرغا بېرىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇنىدىكى «زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارغا يول قويىدۇ» دېيىدىغان ئومۇمىي پىرىنسىپ بۇ ئىشقا يول قويىدۇ.

(7) ئاياللارنىڭ ئەر ساتىراشقا، ئەرلەرنىڭ ئايال ساتىراشقا بېرىپ چاچ كەستۈرۈشى ياكى ياسىتىشى. يات ئايالنىڭ يات ئەرگە، يات ئەرنىڭ يات ئايالغا تىكىلىپ قارىشى ھارام بولغان يەردە، ئۆزىنىڭ جورىسى بولمىغان بىرىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، چېچىنى ياسىشى ئەلۋەتتە ھارامدۇر. بۇنىڭدا زۆرۈرىيەت ياكى ئۆزرە بولمايدۇ. چۈنكى ئاياللار ئۈچۈن ئايال ساتىراش، ئەرلەر ئۈچۈن ئەر ساتىراشلار تېپىلماي قالمايدۇ. ھەمدە چاچ ياسىتىش ياكى كەستۈرۈش جىددىي ئەھۋالمۇ ئەمەس، خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان جايدا قىلغىلى بولىدۇ.

(8) ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز ھالدا سەپەرگە چىقىشى. مۇسۇلمان ئايال سەپەرگە چىقماقچى بولسا، ئېرى ياكى مەھرەم تۇغقانلىرى بىلەنلا چىقىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئەرنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك مۇساپىگە مەھرەمسىز سەپەر قىلىپ چىقىشى ھالال بولمايدۇ»[1] دېگەن.

## مەھرىمى يوق ئايال سەپەرگە چىقىش مەسىلىسى

ئېرى ياكى مەھرەم بولالايدىغان يېقىن تۇغقىنى بولمىغان ئايالنىڭ ھەج، ئۆمرە، سودا ـ سېتىق، ساياھەت قاتارلىق يوللۇق سەپەرلەرگە چىقىش مەسىلىسىدە ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار. ئەڭ توغرا قاراش شۇكى، مەھرىمى بولمىغان ئايال سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئىشەنچلىك ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا چىقسا بولىدۇ.

(1) بۇخارىي، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

ئىمام شافىئىي، ئىمام مالىك، ئىبنى سىرىن، ئەۋزائىي قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار مەھرىمى يوق ئايالنىڭ پەرز ھەج ئۇچۇن ئىشەنچلىك ئەر ـ ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن مۇسۇلمان گۇرۇپپىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەپەرگە چىقسا بولىدۇ، دەپ قارىغان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى پەرز ھەج ئۇچۇن يول قويۇلغان ئىكەن، گۇناھ ئىشلەش مەقسەت قىلىنمىغان بارلىق سەپەرلەرگە يول قويۇشقا بولىدۇ، دېگەن پەتىۋانى بەرگەن.[1]

(9) زىنا قىلىش. دۇنيادىكى بارلىق دىنلارنىڭ زىنانى ھارام قىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتى تەرەققىي قىلىۋاتقان ھازىرقى ئەسىردە تېخىمۇ روشەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. چۈنكى زىنا دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئەڭ زىيانلىق بىر ئاپەت بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ساقايمايدىغان نىجىس كېسەللىكلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا زىنادىن توسۇشتا:﴿ وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَا إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاءَ سَبِيلًا﴾يەنى ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[2] دەپ كۆرسەتكەن[3].

---

(1) islamonline.net

(2) ئىسرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت

(3) زىنا توغرۇلۇق بۇ بۆلۈمدە ئايرىم تەپسىلىي توختىلىمىز.

# ئەۋرەت ۋە ئۇنىڭ چەك-چېگراسى

ئەۋرەت ــ ئىنسانىنىڭ ئېچىلىپ قالسا ئەيىب سانىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاراشتىن هايا قىلىنىدىغان ئورگانلىرى دېمەكتۇر.

## ئەرنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگراسى

ئەرنىڭ ئەۋرەت سانىلىدىغان ئورگىنى ئۇنىڭ كىندىكى بىلەن ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىدىكى جايلىرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئورگانلىرى ئەۋرەت ئەمەس. ئەرلەرنىڭ مەيلى نامازدا، مەيلى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرىنى يېپىپ يۈرىشى پەرزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەرنىڭ كىندىكى بىلەن ئىككى تىزىنىڭ ئارىلىقى ئەۋرەتتۇر»[1].

## ئايالنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگراسى

ئايالنىڭ ئەۋرىتى 3خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئايالنىڭ يات ئەر ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئالدىدا ئەۋرەت سانىلىدىغان ئورگانلىرى، ئىككىنچىسى، ئايالنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى ئۈچىنچىسى، ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايال جىنسلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرىدۇر.

---

(1) دارىقۇتنى، بەيهەقىي رىۋايىتى

## ئايالنىڭ يات ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئالدىدا ئەۋرەت سانىلىدىغان ئورگانلىرى

ئايالنىڭ يات ئەرلەر، مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان دىيانەت ۋە ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان ئاياللار ئالدىدا يۈزى، ئىككى ئالقىنى ۋە ئىككى پۇتىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر.

چۈنكى يات ئەرنىڭ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەۋرەت سانىلىدىغان ئورگانلىرىغا كۆرۈشى توغرا ئەمەس. مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئەخلاقسىز ئاياللار ئۇ ئايالنىڭ ئەۋرەت ئورگانلىرىنى ئەرلەرگە سۈپەتلەپ بېرىشى ياكى ھازىرقى پەن-تېخنىكا ئەسرىدە ئۇنىڭ يات ئەرلەر ئۈچۈن ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرىنى رەسىمگە تارتىۋېلىپ، يامان نىيەتلىك ئادەملەرگە تارقىتىش ئېھتىمالى كۆپ. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان ئايال ئۆزىنىڭ ئىپپەت، نومۇسىنى قوغداش يۈزىسىدىن مۇنداق ئەخلاقسىز ئاياللارغا ئەۋرەت ئورگانلىرىنى ئاچماسلىقى لازىم.

ئەمما ئايالنىڭ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ياكى دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن بەزى ئورگانلىرىنى ئېچىشى رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار قاتارىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇنىدا:« زۆرۈرىيەت مەنئى قىلىنغان ئىشلارغا يول قويىدۇ»دېيىدىغان پىرىنسىپ بار.

## ئايالنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى

«ئايالنىڭ مەھرەملىرى (نىكاھى باغلانمايدىغان) تۇغقانلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى ئۇنىڭ قورسىقى، دۈمبىسى، كىندىكىنىڭ ئۈستىدىن ئىككى تىزىنىڭ ئاستىغىچە بولغان جايلار بولۇپ، بۇ

ئورگانلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاچسا بولمايدۇ. ئەمما بۇلاردىن باشقا ئورگانلىرى ئەۋرەت سانالمايدۇ. ئۇلارغا بىلەكلىرىنى، پۇتلىرىنى، بويىنىنى ۋە چېچىنى ئاچسا گۇناھ بولمايدۇ»[1].

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئايال ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا نورمالدا ئۆي ئىچىدە ئېچىپ يۈرسە ئەيىبكە بۇيرۇلمايدىغان ئورگانلىرىنى ئېچىپ يۈرسە بولىدۇ[1].

(1) سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتىنىڭ21428 -نومۇرلۇق پەتىۋاسى ۋە دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة»(ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرىدىن.

دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى. دوكتور يۈسۈپ قەرداۋى 1926-يىلى مىسىرنىڭ غەربىيە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، قەدىمىي ئىلىم يۇرتى ئەزھەردە ئوقۇپ يېتىشكەن ئىسلاھاتچى ئالىم. مىسىردىكى «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغانلىقى سەۋەبلىك 1949- 1954- ۋە 1961- يىللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم تۈرمىگە ئېلىنغان، 1961- يىلى قاتار دۆلىتىگە بېرىپ، شۇجايىنىڭ نوپۇسىغا ئۆتكەن ۋە ئۇ جايدا ئىسلام ئىنىستىتوتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 1977-يىلى قاتار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى تالانتى بىلەن «ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى»، «پادىشاھ فەيسەل مۇكاپاتى»، «مالايشىيا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى» ۋە بۇرۇناي سۇلتانى تەرىپىدىن مۇكاپاتلارغا نائىل بولغان. ھازىر ئۇ «دۇنيا ئىسلام ئۆلىمالار ئىتتىپاقى»نىڭ رەئىسى، «ياۋروپا تەتقىقات ۋە پەتىۋا كېڭىشى»نىڭ رەئىسى، «مىسىر ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى»نىڭ ئەزاسى، «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» تەركىبىدىكى«ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى»نىڭ ئەزاسى، «قاتار ئىسلام بانكىسى»نىڭ كۆزىتىش كومىتېتى ئەزاسى، «ئافرىقا ئىسلامىي دەۋەت تەشكىلاتى»نىڭ ئەزاسى، كۇۋەيت دۆلىتى «زاكات ئىشلىرى كومىتېتى»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «ئىسلام ئونلاين» تور بېكىتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە.

## ئايالنىڭ دىنىداش ئايال جىنسلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى

ئايالنىڭ مۇسۇلمان يات ئاياللار ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرىنىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئىسلامىي ئادەت مۇشۇ بولۇپ، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدا، ئۆي ئىچىدە ۋە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئارىسىدا بېشىنى، بويۇنلىرىنى، پۇت ۋە قوللىرىنى، شۇنداقلا ئېچىپ يۈرسە ئادەتتە ئەيىب سانالمايدىغان ئورگانلىرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرۈشى جائىزدۇر[2].

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەمىشە كەڭ، ئازادە ۋە ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىشى، يۈزى، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىغا ئوخشىغان ئادەتتە ئوچۇق تۇرىدىغان ئەزالىرىدىن باشقا ئورگانلىرىنى يېپىپ يۈرۈشى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

ئەمما تېخى ئادەت كۆرۈش يېشىغا يەتمىگەن نارەسىدە قىزلارنىڭ نامازدا بولسۇن، ياكى ناماز سىرتىدىكى نورمال ۋاقىتلاردا بولسۇن، بەزى ئەۋرەت ئەزالىرى ئېچىلىپ قالسىمۇ، ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ ۋە ئوقۇغان نامازلىرىمۇ بۇزۇلمايدۇ.

---

(1) ئالدىنقى مەنبەدىن.

(2) سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتىنىڭ پەتىۋاسىدىن.

# ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس

بەزى ئالىملار ئاياللارنىڭ ئاۋازىدىكى نازاكەتلىكنى كۆزدە تۇتقان هالدا، ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت دەپ قارىغان. ئەمما ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى ۋە پۈتۈن مەزھەپ پېشۋالىرى ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس دەپ قەيت قىلغان. بىراق ئاياللارنىڭ قايسىبىر نامازغا ئەزان ئېيتىشى، ئەرلەرگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرىشى جائىز ئەمەس. ئاياللارنىڭ ئەدەپ ــ ئەخلاق ئىچىدە يات ئەرلەرگىمۇ نورمال سۆزلەرنى سۆزلىشى، ئىلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنى بېجىرىشى، ئۇلاردىن ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشى، ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىشى ئەلۋەتتە جائىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ياشىغان ساھابە ئاياللارمۇ ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇئمىن ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ھەدىس ۋە تارىخلارنى رىۋايەت قىلىپ، سۆزلەپ بەرگەن. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ جورىسىگە ۋە مەھرەملىرىگە ئەدەپلىك ناخشا ـ شېئىر ۋە قوشاقلارنى ئېيتىپ بېرىشى جائىزدۇر. ئەمما بۈگۈنكى كۈندىكى رادىيو دولقۇنلىرى ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن بېرىلىۋاتقان ناخشىلار ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىنى كىرلەتىدىغان، كۆڭۈللىرىنى مەشغۇل قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەرخىل ۋەسۋەسىلەرگە ئۈندەيدىغان، شەيتانى ۋاستىلەردۇر. بۇلارغا بېرىلمەسلىك كېرەك.

# مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشتىكى پىرىنسىپى

## مۇسۇلمان ئەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئايالغا ئۆيلىنىش مەسلىسى

مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان كوممۇنىست ياكى بۇددىست ياكى ساماۋى (ئەسلى ئاللاھتىن كەلگەن) بىرەر دىنغا مەنسۇپ بولمىغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشى دۇرۇس ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَا تَنْكِحُوا الْمُشْرِكَاتِ حَتَّى يُؤْمِنَّ وَلَأَمَةٌ مُؤْمِنَةٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكَةٍ وَلَوْ أَعْجَبَتْكُمْ وَلَا تُنْكِحُوا الْمُشْرِكِينَ حَتَّى يُؤْمِنُوا وَلَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ ﴾يەنى ﴿مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. ھۆر مۇشرىك ئايال ھۆسىن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن دىدەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۇئمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، ھۆر مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر ﴾[1]

بۇ ئايەت، بۇددىست، كوممۇنىست ۋە مۇشرىكلارغا ئوخشاش ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئىمانسىزلارغا ئۆيلىنىشنىڭ قەتئىي ھارام‌لىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما خىرىستىيان ياكى يەھۇدىي دىنىغا ئىمانى بار ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشىنىڭ جائىزلىقى توغرىسىدا مۇنداق

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەت

دەيدۇ:﴿ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ إِذَا آتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَافِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِي أَخْدَانٍ﴾يەنى ﴿ئىمان ئېيتقان ئاياللاردىن ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بېرىش شەرتى بىلەن، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾[1].

خرىستىيان ياكى يەھۇدىي دىنىدىكى ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ شەرتى، ئۇلارنىڭ ئۆز دىنلىرىدا مەھكەم بولۇپ، ئاللاھقا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولۇشىدۇر.

ئەمما ئەھلى كىتابلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە پەرقلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ دىنلىرىمۇ ئەسلى ئېتىبارى بىلەن، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىنلار بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، دىندارلارنىڭ ئۆز دىنلىرىنى ھەرخىل ئۆزگەرتىلىشلەردىن، بۇرۇلۇشلاردىن ۋە بۇزۇلۇشلاردىن ساقلاپ قالالمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ دىنلار (يەنى يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرى) ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئەسلىدىكى ماھىيىتىنى، مەزمۇنىنى، روھىنى ۋە ساماۋى دىنلىقىغا ئائىت بولغان بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئەمەس، بەلكى شەخسلەرگە چوقۇنىدىغان بىرخىل خۇراپات دىنىغا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا بۇ دىنلارنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا

(1) مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت

تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان، مەڭگۈلۈك ھەق دىن ــ ئىسلام دىنىنى چۈشۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ دىنلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:﴿ وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الْآَخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾يەنى ﴿كىمكى ئىسلامدىن باشقىسىنى دىن قىلىپ تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ دىنى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولىدىغان دىن پەقەت ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەن:﴿ إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْإِسْلَامُ﴾يەنى ﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنغان دىن ئىسلامدۇر﴾[2].

گەرچە ئەھلى كىتابلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمى بويىچە كاپىر بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئادىللىقتىن ئۇلارنىڭ دىنلىرىنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا، ئۇلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە پرىنسىپىنى باشقىمۇ كاپىر قوۋملارغا قارىتا بەلگىلەنگەن پرىنسىپتىن پەرقلىق قىلىپ بېكىتكەن. بۇنىڭغا بىنائەن، ئەھلى كىتابلارنىڭ ھالال يېمەكلىرىنى يېيىش ۋە ئاياللىرى بىلەن ئۆيلىنىش جائىزدۇر. چۈنكى ئەھلى كىتابلار قانداقلا بولمىسۇن، ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدۇ.

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 85 ـ ئايەت
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 19 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشىنىڭ جائىزلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:﴿ الْيَوْمَ أُحِلَّ لَكُمُ الطَّيِّبَاتُ وَطَعَامُ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حِلٌّ لَكُمْ وَطَعَامُكُمْ حِلٌّ لَهُمْ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ إِذَا آتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَافِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِي أَخْدَانٍ ﴾﴿بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار ) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر. ئىمان ئېيتقان ئاياللاردىن ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بېرىش شەرتى بىلەن، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾[1].

ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلىنغانلىقنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە ھەقىقىتىنى تونۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئىسلام دىنىغا كىرىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان ئايالنى ئۆز دىنىنى تەرك ئېتىپ ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلىشىغا بولمايدۇ. چۈنكى

(1) مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت

ئىسلام پرىنسىپىدا كىشىلەرنى ھېچ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلاش يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ لَآ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَدْ تَبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ ﴾ يەنى﴿دىندا زورلاش يوقتۇر. ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى)[1].

ئۆز ۋاقتىدا، بەزى مەشھۇر ساھابىلەر يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنىدا بولغان ئاياللارغا ئۆيلەنگەن. ھۇزەيفە، تەلھە،كەئبە ئىبن مالىكلار مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆمەر ئىبن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا، «ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللىرىڭلارنى قويۇۋېتىڭلار» دېگەن ماۋزۇدا خەت يازغاندا، ھۇزەيفەدىن باشقىلار ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللىرىنى قويۇۋېتىدۇ.

ھۇزەيفە مەدائىن دېگەن شەھەرنىڭ ۋالىيسى ئىدى . ئۇ شۇ يەردە يەھۇدىي دىنىدىكى بىر ئايالغا ئۆيلىنىۋالغان. ئۇ، ئۆمەر ئىبن خەتتابنىڭ «ئاڭلىسام سەن ئەھلى كىتابتىن ئۆيلىنىۋاپسەن. ئۇنى قويۇۋەت!» دېگەن خېتىگە جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەت يازىدۇ: «سىز ماڭا ئەھلى كىتابتىن ئۆيلىنىشنىڭ ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىنى ئېيتمىغىچە، مەن ئۇنى قويۇپ بەرمەيمەن،» ئۆمەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىش ھالال. لېكىن ئەجەملەرنىڭ ئاياللىرىدا ئۆزگىچىلىكلەر بار. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بازىرىنى كاسات قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن،» دەپ يازىدۇ. ھۇزەيفە بۇ ۋاقىتتا: «مەن ئەمدى قانائەتلەندىم» دەيدۇ ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان ئايالنى قويۇپ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 256 ـ ئايەت

بېرىدۇ»[1].

ئەھلى كىتابتىن ئۆيلىنىش جائىز بولغان بولسىمۇ، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز ئابرۇيىنى ، دىنىنى قوغداش، ئەۋلادلىرىنىڭ كېيىنچە ئەھلى كىتابلارنىڭ دىنىغا كىرىپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇنى تەرك ئېتىشى ناھايىتى ئەۋزەلدۇر. خۇسۇسەن ، ھازىرقى زاماندىكى ئۆزلىرىنى يەھۇدىي، خىرىستىيان دەپ ئاتىۋالغان، ئەمما ساماۋى دىنلارنىڭ تەلىماتلىرىدىن ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان، جىنسىي ئەركىنلىكنى شەخسىي ئىشىمىز دەپ تونۇپ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چېقىپ، شەھۋانىي ھەۋەستىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان بۇ ئىنسانلار ئەھلى كىتابتىن سانىلىشقا يارىمايدۇ. بەلكى ئۇلار باشقا كۇففارلار بىلەن ئوخشاشتۇر.

شۇڭا ئەھلى كىتابلار بىلەن ئۆيلىنىشتىن ئالىملار توسۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ توسقانلىقى بۇ ئىشنى ھارام دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىلەن ئۆيلىنىش ھالال. قۇرئاننىڭ ئايىتى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى ، يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان دىنىدىكى ئاياللارغا ئۆيلىنىشنى ھالال (يەنى دۇرۇس) دەپ بېكىتكەن ئايەت، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن «دىندار»، ئاندىن «ئىپپەتلىك» ئاياللارنى (يەنى ئۆز دىنلىرىغا سادىق بولغانلارنى) تاللاشنى ئالاھىدە شەرت قىلغان. ئاخىرىدا، شەرىئەتنىڭ بۇ بەلگىلىمىسىدىن چىققۇچىلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ ئايەتتىكى

(1) تارىخى تەبەرىي 3 ـ جىلد 558 ـ بەت

«دىندار» ۋە «ئىپپەتلىك» ئاياللار دېگەن ئىككى شەرتكە ئەمەل قىلىش مۇھىمدۇر.

## مۇسۇلمان قىزلار مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ھارامدۇر

مۇسۇلمان قىزلارنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشى قەتئىي جائىز ئەمەس. مەيلى ئۇلارنىڭ ياتلىق بولماقچى بولغان كىشىلىرى خىرىستىيان بولسۇن، مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى ئاتېئىست بولسۇن، مەيلى بۇددىست ياكى مۇشرىك بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچبىرى مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە لايىق ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئاياللار توغرۇلۇق :﴿ لَا هُنَّ حِلٌّ لَّهُمْ وَلَا هُمْ يَحِلُّونَ لَهُنَّ﴾يەنى ﴿ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس. كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس﴾[1] دېگەن.

ئۆز مىللەتتىن بولسىمۇ، ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىزم ئېتىقادىدىكى بىرىگە مۇسۇلمان قىزنى قەتئىي ياتلىق قىلىشقا بولمايدۇ. مۇنداق قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى ئايەتتىكى ھۆكۈمىگە قارشى چىققان بولۇپ، جازاسىنى ئېغىر تارتىدۇ.

«چۈنكى ئاتېئىزم ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەسلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان پەلسەپۋى ئېقىم بولۇپ، دىنغا ئىشىنىشنى خۇراپاتلىق دەپ بىلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدىغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارغا مۇسۇلمان قىزلىرىنى ياتلىق قىلىش ھارام بولغان يەردە، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغانلارغا ياتلىق قىلىش قانداقمۇ ھارام بولمىسۇن؟!

ئاتېئىزمچىلار ئىسلام قانۇنىدا، دىندىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەرگە

---

(1) مۇمتەھىنە سۈرىسى 10 ـ ئايەت

ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھېچبىر ھالەتتە مۇسۇلمان ئەمەس ئەرلەر بىلەن نىكاھى باغلانمايدۇ. ناۋادا مۇسۇلمان ئاياللار ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىزم ئېتىقادىدىكىلەرگە ياتلىق بولغان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دەرھال ئايرىۋېتىش، بالىلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئاتىلىرىغا بەرمەسلىك، ئاتېئىزمچىلار ئۆلگەندە، ئۇلارنى يۇيۇپ تارىماسلىق، نامىزىنى ئوقۇماسلىق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلماسلىق قاتارلىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ.» [1]

مۇبادا مۇسۇلمان ئەرلەر ئىسلام دىنىدىن يېنىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئۇلاردىن ئايرىۋېتىش مەسىلىسىدە، ئىسلام فىقھشۇناسلىرى ئىختىلاپلاشقان ۋە بۇ مەسىلىدە توققۇز قاراشقا بۆلۈنگەن. ئەڭ توغرىسى ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە ئالدىرىماسلىقتۇر. [2]

## مۇسۇلمان ئاياللارنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياتلىق قىلماسلىقنىڭ سىرى

مۇسۇلمان ئاياللارنى مۇسۇلمان ئەمەس ئەرلەرگە ياتلىق قىلماسلىقتىكى سىر ۋە ھېكمەتنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاجىزانە ئەقلىمىز بىلەن تەپەككۇر قىلغىنىمىزدا، بىزگە شۇ روشەن بولىدۇكى، ئەرلەر ئەقىل، كۈچ ۋە ئائىلىنىڭ مەسئۇللىقى جەھەتلەردە،

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ«ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى»ناملىق ئەسىرى،1-توم، 450-بەت.
(2) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ«ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى»ناملىق ئەسىرى،3-توم، 605-622-بەتلەر.

ئاياللارغا نىسبەتەن ئارتۇقلۇققا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشىنىڭ تەقەززاسى، ئايالنىڭ ئېرىگە ـ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ـ پۈتۈن ئىشلاردا بويسۇنۇشىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:﴿ الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ﴾ يەنى﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ هامىيلىرىدۇر﴾[1].

هالبۇكى مۇسۇلمان ئايال مۇسۇلمان ئەمەس ئەرگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئېرىگە بويسۇنۇشقا ۋە ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئۆزىنىڭ دىنىنى ئېرىنىڭ دىنى ئالدىدا خورلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇنىدا مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ قانداقلا بىر مۇسۇلماننى باشقۇرۇش ۋە بويسۇندۇرۇش هوقۇقى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَلَنْ يَجْعَلَ اللَّهُ لِلْكَافِرِينَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ سَبِيلًا﴾يەنى ﴿ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۇئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴾[2].

---

(1) نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى 141 ـ ئايەت

# ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنىڭ ھاراملىقى

ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ـ ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشكە ئىتتىپاقلىشىشى نەتىجىسىدە نىكاھلىنىشى دېمەكتۇر. نىكاھلىنىشتا ۋاقىتنى ئېنىق سۆزلىمىسىمۇ، كۆڭلىدە ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنى مەقسەت قىلىپ ئۆيلەنگەن كىشىنىڭ نىكاھىمۇ مەيلى ئۇ ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ۋاقىتلىق نىكاھ سانىلىدۇ.

چۈنكى «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر» ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش كۆپىنچە قارشى تەرەپنى ئالداش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىككى تەرەپ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشقا شۇنداق پۈتۈشكەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق نىكاھ بالىلارنىڭ ھاياتىنى دەپسەندە قىلىشقا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەر ئىككى ھالەتتە يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ زىناغا ئوخشاشتۇر. ھەم بىر ـ بىرىنى ئالدىغانلىق بولۇپ، بۇنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر.

## نىكاھلىنىشتا مەڭگۈلۈك بولۇش نىيىتى شەرت

نىكاھلىنىشتا مەڭگۈلۈك نىيىتى بولۇش كېرەك. ئەمما مەڭگۈلۈك نىكاھنى نىيەت قىلىپ ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، كېيىن تۇرمۇش نورمال ھالدا داۋام قىلالمىغانلىق سەۋەبتىن ئايرىلىپ كەتسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇن قىلغان مەڭگۈلۈك بىرگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت ياخشى نىيىتىگە زىيىنى يوقتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ بۇرۇنقى نىكاھى دۇرۇستۇر. ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا، ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى. ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ باشلىنىش دەۋرلىرىدە، مۇجاھىدلار غازاتلاردا ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان.

چۈنكى، بۇ مەسىلە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقىتلىرىدا بىر مەزگىل يول قويۇلۇپ كېيىنچە، خەيبەر غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەسكىن جاكارلىشى بىلەن ھارام قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەي خالايىق! مەن سىلەرگە ئاياللاردىن ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش بىلەن پايدىلىنىشنى (زۆرۈرىيەت سەۋەبلىك ۋاقىتلىق) يولغا قويغان ئىدىم. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھ ئۇنى تا قىيامەتكىچە ھارام قىلدى»[1].

ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ۋە ئېشەك گۆشىنى يېيىش قەتئىي ھارامدۇر» (بۇخارى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە پەتھى قىلىنغان ۋە ۋىدالىشىش ھەججىسىنى ئادا قىلغان كۈنلىرىدىمۇ، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنىڭ تا قىيامەتكىچە ھارام ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى، مەزھەپ ئالىملىرى ۋە باشقىمۇ ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھاراملىقىغا ئىتتىپاقدۇر.

پەقەت شىئەلەرنىڭ 12 ئىمام مەزھىپىدە، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ھالال دېيىلگەن. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىكى غازاتلاردا ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىنىلا دەلىل قىلىپ تۇتىدۇ. ھالبۇكى، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ھارام دېگەن

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ ۋە كۈچلۈكتۇر ھەمدە ئۇنى مەنئى قىلغان بۇ ھەدىسلەر، ئۇنى جائىز دېگەن ھەدىستىن كېيىن ئېيتىلغان ھەدىسلەردۇر. ئىسلام قانۇنشۇناسلىق پىرىنسىپى بويىچە، كېيىنكى ھۆكۈم بۇرۇنقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغاندىن كېيىن، مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: « ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتا كىشىلەرنىڭ قىينىلىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنى ھالال قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەڭگۈلۈك ھارام قىلغان»[1].

مەلۇمكى، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش كىشىلەرنىڭ سائادەتلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر. خۇسۇسەن ئاياللارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغانلىقتۇر.

چۈنكى ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش نەسلىنى زىيادە قىلىدىغان، ئەر - ئايال بىر - بىرىنى جىنسىي ھەۋەس ئۈچۈنلا ۋاقىتلىق كىرەلەيدىغان يامان ئىشتۇر. بۇ ئىش خۇسۇسەن ئاياللارنى ھاقارەتلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بىر ئىشنىڭ ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنىشى ئەقلىنىڭمۇ تەلىپىدۇر. ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش زىنا قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، نىكاھتا مەڭگۈلۈكنى نىيەت قىلىش شەرت. مەڭگۈلۈك ئەر - خوتۇن بولۇش نىيەت قىلىنمىغان ھەر قانداق نىكاھ باغلانمايدۇ.

---

(1) بەيھەقىي رىۋايىتى

# ئىسلام دىنى ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى زىنا ـ پاھىشە، ئاياللارنى مال ـ مۈلۈك ئورنىدا قوللىنىش، كۆپ ئاياللارنى نىكاھىدا تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرى بىلەن كارى بولماسلىق ۋە ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك قۇل قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسىنى مۇتلەق ھارام قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا مەلۇم قائىدە ـ پىرىنسىپلارنى بەلگىلىدى.

ئېھتىياج تۈپەيلى مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ بىردىن تۆتكىچە ئايالنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ئىش كۆرۈش شەرتى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشى جائىزدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ فَانْكِحُوا مَا طَابَ لَكُمْ مِنَ النِّسَاءِ مَثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ ذَلِكَ أَدْنَى أَلَّا تَعُولُوا ﴾يەنى﴿ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئالساڭلار بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار بىر خوتۇن بىلەن كۇپايە قىلساڭلار بولىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەت، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىمكانىيىتى تولۇق بولۇپ، كۆپ خوتۇنلار ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە ئىشەنچىسى بار كىشىلەرنىڭ بىردىن تۆتكىچە خوتۇننى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشنىڭ جائىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا ئادىل

(1) نىسا سۈرىسى 3 ـ ئايەت

بولالماسلىقىدىن، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامداپ بېرەلىشىدىن ئاجىز كېلىدىغان كىشى ئۇچۇن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلىشنىڭ سەۋەبى

شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھېچبىرى ھېكمەتلەردىن ۋە ئېسىل غايىلەردىن خالىي ئەمەس. ئەرگە بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىنسان بەزى ۋاقىتلاردا بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاشقا ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئايالى تۇغماس چىقىپ قېلىپ، ئۆزى بولسا پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ياكى ئايالى ياشىنىپ قالغانلىقتىن ياكى كېسەللىكتىن ئۇنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ باشقا بىر ئەرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ.

(2) كىشى بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىدىن چىقىدۇ. جەمئىيەتتىكى تۇل ئاياللارمۇ تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

(3) ئۆيلىنىش ئائىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئورتاق باغلىنىشنى ھاسىل قىلىدۇ. يات ئائىلىلەر ئارىسىدا تۇغقانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى كۈچلىنىدۇ. مانا بۇ ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىن ئارتۇق ئاياللارنى نىكاھىدا ساقلىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى بۇ

ئېسىل ئەخلاق بىلەن ئىزگۈ نىيەت ھازىر نەدە ۋە كىمدە بولسۇن؟!

كىشىلەردە ئەخلاق سۇسلاشقان، ئىمان ئاجىزلاشقان ۋە ئىنساب ئازىيىپ كەتكەن ھازىرقى زاماندا كۆپ خوتۇن ئالىمەن دېگۈچىلەرنىڭ تولىسى ئۆزلىرىنىڭ شەھۋانىي ئىستەكلىرى ئۈچۈنلا ئالسا كېرەك.

(4) بەزى ۋاقىتلاردا دۆلەتتە يۈز بەرگەن ئۇرۇش سەۋەبلىك ئەرلەر كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ خۇددى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانىيەدە يۈز بەرگەندەك. بۇنداق ئەھۋالدا، شارائىتى ياخشى بولغان ئەرلەرنىڭ بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى تۇل ئاياللارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىدىن چىقىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى يامان يوللارغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلاپ قېلىش نىيىتى بىلەن بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىشلار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ باشلىرىغا كېلىدىغانلارنى ئالدىن بىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئەڭ توغرا ئىش قىلىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر دىن بولغانلىقتىن ئىنسانلارنىڭ بۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىغىمۇ چارە تېپىپ بەرگەن.

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى «ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ بىلىشى ۋە ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان كەسكىن ھەققەت شۇكى، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىر ئەۋزەللىكتۇر. چۈنكى، بۈگۈنكى مىللەتلەر ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىشقا چارە تاپالمىغان ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇشۇ قانۇنلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش

ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا ئاياللىنىڭ تۇغماس چىقىپ قېلىشى ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئېرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قېلىشى قاتارلىق بەزى سەۋەبلەر بولىدۇ. مەن بۇ ماۋزۇدا بۇ سەۋەبلەرنى بايان قىلىشنى ھاجەتسىز دەپ قارايمەن. بىراق ھەر ئىنسان ئوڭايلا چۈشىنىدىغان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، جەمئىيەت ئىسلام نەزىرىدە، تارازىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى باراۋەر، تەڭ ئۆلچەمدە بولۇشى كېرەك، تارازىنىڭ بىر تەرىپىنى ئەرلەر، يەنە بىر تەرىپىنى ئاياللار تەشكىل قىلىدۇ. تارازىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى تەڭ، باراۋەر بولۇشى ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ نىسبىتى ئاياللارنىڭ نىسبىتى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. مۇبادا، ئەرلەرنىڭ نىسبىتى ئاياللارنىڭ نىسبىتىدىن كۆپ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ يەنى ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئەرلەرنىڭ نىسبىتىدىن كۆپ بولۇپ، تارازىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغاندا نېمە قىلىش كېرەك؟ ئاياللارنى تۇرمۇشىنىڭ ۋە ئائىلىقنىڭ نېمىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا ئاياللارنىڭ نىسبىتى كۆپىيىپ، ئەرلەرنىڭ نىسبىتى ئازىيىپ كەتكەنلىكى سەۋەبتىن يۈزبەرگەندەك، زىنا - پاھىشە ۋە رەزىللىك يوللىرىغا تاشلاپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ياكى ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىنى، ئائىلىنىڭ پاكلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىغان ھالدا، بۇ مەسىلىنى ئىسلام قانۇنى ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەكمۇ ؟ زادى بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسى ياخشى ۋە مەسىلىنى ھەل قىلغۇچ بولىدۇ. ئاياللىنىڭ قانۇنلۇق ھالدا بىر ئەرنىڭ زىممىسىدا باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە مۇقەددەس نىكاھقا باغلىنىپ ھۆرمىتى بىلەن ياشىغىنى ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇ كىشى بىلەن ئائىلىنى پارچىلايدىغان، باللارنى يېتىم قىلىدىغان، جەمئىيەتنى

كىرلىتىدىغان يولسىز ئالاقە باغلىغىنىمۇ؟

ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان خىرىستىيان دىنىنىڭ دەستۇرىغا ئاساسەن، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى مەنئى قىلىپ كەلگەن گېرمانىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاياللارنىڭ سان نىسبىتىنىڭ ئەرلەر نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان زىنا - پاھىشىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھېچقانداق چارە تاپالمىغانلىقتىن، گېرمان ئاياللىرىنى زىنا - پاھىشىلەردىن ساقلاپ قېلىش، ئاتىسىز بالىلارنى كوچىلارغا تاشلىۋېتىش ئېقىمىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئىسلام دىنىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسىگە يول قويۇش قانۇنىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان»[1].

(1) مۇھەممەد ئەلى سابۇنىينىڭ «تفسير آيات الأحكام» (ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى) ناملىق ئەسىرى.

# ئۆيلەنگۈچىلەرنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈشى

ئەسلىدە، ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنى بويىچە، ئەرلەرنىڭ نامەھرەم ئاياللارغا تىكىلىپ قارىشى ۋە ئاياللارنىڭمۇ نامەھرەم ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىشى مەنئى قىلىنغان مەسىلىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا زېمىندىكى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ. وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا ﴾يەنى﴿ مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەت ئورگانلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن ﴾[1].

ئەمما بىرگە تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئوغۇل - قىزلار بىر - بىرىنى كۆرۈشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان بىر ئادەمدىن، — سەن ئۇنى (يەنى ئۆيلەنمەكچى بولغان ئايالنى) كۆردۈڭمۇ ؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ ئادەم — ياق، كۆرمىدىم — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا، — ئاۋۋال بېرىپ

(1) نۇر سۈرىسى - 30 - 31 - ئايەتلەر

ئۇنى كۆرگىن ـ دەپ بۇيرۇيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام»[1].

يەنە بىر ھەدىستە: «بىرىڭلار ئۆيلەنمەكچى بولغىنىدا، ئالماقچى بولغان ئايالنى ئىمكانقەدەر كۆرسۇن»[2] دېيىلگەن.

## تويدىن بۇرۇنقى ئۇچرىشىشنىڭ شەرتلىرى

1. شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنغان قاراش ۋە كۆرۈش ئايالنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولى بىلەن چەكلىنىدۇ. يەنى ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشى ئالماقچى بولغان ئايالنىڭ يۈزىگە ۋە ئىككى قولىغا تىكىلىپ قارىسا بولىدۇ. چۈنكى، يۈزىگە قاراش ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ئىككى قولىغا قاراش ئارقىلىق ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. ئەمما ئالماقچى بولغان ئايال ھەققىدە ئۇنىڭدىن كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىشنى خالىغان كىشى تاغا ئاچىسىنى ياكى قىز قېرىنداشلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى ئۇلاردىن بىلسە بولىدۇ.

2. بۇ ئىككىسى ئۇچراشماقچى بولغاندا يالغۇز ئۇچراشماسلىقى، بەلكى قىزنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىدىن ياكى ئىشەنچلىك دوستلىرىدىن بىرەرسى بۇلار بىلەن بىرگە بولۇشى كېرەك. ئەمما توي قىلىشتىن بۇرۇن قىز ـ ئوغۇل ئىككىسىنىڭ يالغۇز ئۇچرىشىشىغا ۋە بىر يەردە يالغۇز قېلىشىغا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يات ئەر بىلەن يات ئايال يالغۇز قالمىسۇن. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئەھمەد رىۋايىتى

شەيتان بولىدۇ»[1].

گەرچە ئۆيلەنمەكچى بولغان ئىككى جىنس، بىر- بىرى بىلەن تونۇشۇپ، بىر- بىرىنى تونۇش ئىلكىدىكى ئۆزلۈكسىز، ئۆزىنىڭ نىكاھى ئۈچۈن ئۆز قىلىشقا كېلىشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلمىغىچىلىك ئۇلار بىر- بىرىگە يات سانىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، كۈنىمىزدىكى كۆپىنچە كىشىلەر بۇ ئىشلارنى ئاددىي ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرىگە دىققەت قىلىشمايدۇ. بۇ سەۋەبلىكلەرنىڭ تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن قىزلار قوللىرىنى چىشلەپ قالىدۇ. ئاتا - ئانىلارمۇ پۇشايمان چېكىدۇ. چۈنكى كۈنىمىزدە، ئۆيلىنىمىز دەپ پەش تارتىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئاز قىسمىلا بۇ نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسىمۇ، كۆپ قىسمى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى يېرىم يولدا ئايرىلىدۇ.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

# قىز - ئوغۇللارنىڭ جور تاللاشتىكى ئىختىيارى

ئىسلام دىنى قىز- ئوغۇللارنى ئۇلارنىڭ رازىلىقى بولمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ رايىنى ۋە ئىختىيارىنى نىكاھنىڭ ئاۋۋالقى شەرتلىرىدىن قىلىپ بېكىتكەن. ئاياللارنى مەيلى ئۇلار قىز بولسۇن، مەيلى چوكان بولسۇن ھېچبىر ۋاقىتتا ئۇلار خالىمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار» ساھابىلەر يا رەسۇلۇللاھ! قىزلار ئۇياتچان كېلىدۇ، ئۇلار ئۆز رايىنى سۆزلىيەلمىسە قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قارشىلىق بىلدۈرمەستىن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئىختىيار قىلىپ رازى بولغانلىقىدۇر»[1] دەيدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە: «چوكان ئۆزىنىڭ تويى ئىشىدا ئەركىندۇر. قىزنىڭ رايىنى سوراش لازىم. ئۇنىڭ رازىلىق بىلدۈرگىنى جىم تۇرغانلىقىدۇر»[2] دېيىلگەن.

بۇ ھەدىستىن شۇ مەنا چىقىدۇكى ، چوكان ئۆزىنىڭ تويى ئىشىنى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باشقا ئىگە چاقىلىرى قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزى يالغۇز بېجىرىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما قىز ئۆزىنىڭ تويىنى ئۆزى قىلالمايدۇ. بەلكى ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. لېكىن ئاتا -

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) مۇسلىم رىۋايىتى

ئاتىلار قىز - ئوغۇللىرىنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلىيالمايدۇ. قىزنىڭ رايى نىكاھنىڭ ئاۋۋالقى شەرتلىرىدىندۇر. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇلار قىز- ئوغۇللىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىق سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا نىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ.

ئەللامە ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن:« قىزلارنى ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرىگە ياتلىق بولۇشقا زورلاش ئىسلام شەرىئىتىگە ۋە ئەقىلغا تامامەن زىت كېلىدىغان ئىش. ئاللاھ تائالا قىزلارنىڭ ئاتا- ئانىسىغا ئۇلارنى يېيىش-ئىچىشكە ياكى كىيىنىشكە، شۇنداقلا ئۇلار خالىمايدىغان بىرەر ئىشقا زورلاش ھەققىنى بەرمىگەن تۇرسا، ئۇلارنى ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان بىرلىرى بىلەن ئۆمۈرلۈك ئۆي تۇتۇشقا، ئۇلار بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشقا قانداقمۇ زورلىيالىسۇن؟! ئاللاھ تائالا ئۆيلىنىشنى ئەر-ئايال ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەت ۋە سۆيگۈنىڭ تۈرتكىسى قىلغان تۇرسا، زورلىنىپ ئۆيلەنگەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەپرەتتىن باشقا نەرسە بولمىسا، سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ قانداقمۇ مەنىسى بولسۇن!»(1)

ئەمما قىز بولسۇن ياكى چوكان بولسۇن دىيانەتسىز، ئەخلاقسىز بىرىگە ياتلىق بولمەن دەپ تۇرۇۋالسا، شۇنىڭدەك ئوغۇلمۇ ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز بىرىنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، بۇ ۋاقىتتا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقالايدۇ ۋە بۇ ئىشنى رەت قىلالايدۇ. ئەگەر قىز كىچىك بولۇپ، ئۆزىنىڭ كېلەچىكىنى ياخشى تاللىيالمايدىغان ياشتا

(1) «شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالىرى» 25-تو،22-ۋە25-بەتلەر

بولسا، ئاتا - ئانىسى ياكى تۇغقانلىرى ئۇنى ئۆزلىرى خالىغان يەرگە ياتلىق قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىستە، بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر رىۋايەت سابىت بولغان: «خەنسا ئىسىملىك بىر چوكان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، - ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتام مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلدى. ھالبۇكى، مەن ئۇنى ياقتۇرمايمەن — دەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خالىسىڭىز ئاتىڭىزنىڭ بۇ تەسەررۇپىنى قوبۇل قىلىڭ، خالىسىڭىز ئۇنى رەت قىلىڭ — دەيدۇ. خەنسا — ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتامنىڭ بۇ ئىشىغا مېنىڭ ھېچ رىغبىتىم يوق — دېگەندە، - ئانداقتا بۇ نىكاھ توغرا ئەمەس، سىز كېتىپ، ئۆزىڭىز خالىغان بىرسىگە ياتلىق بولۇڭ - دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. بۇ ۋاقىتتا خەنسا، — بولدى، مەن ئاتامنىڭ بۇ رىغبىتىنى يۇرگۈزىمەن. ئەمما مەن سىزدىن بۇ مەسىلىنى سوراشتا، ئاتىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ توي ئىشلىرىدا ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرسىگە ياتلىق بولۇشقا زورلاش ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەكچى ئىدىم — دەيدۇ»[1].

(1) بۇخارى رىۋايىتى

# ئۆيلىنىشتىكى بەزى قىيىنچىلىقلار

مەلۇمكى، زامان ئىلگىرىلىگەنسېرى بەزى چوڭ شەھەرلەردە توي سىلىقلىرى ھەددىدىن ئارتۇق ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىنسانلار يارىتىلىشتىنلا ئۆز تەبىئىتىدىمۇ ئەر - خوتۇن بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئۈنسى - ئۈلپەت ۋە مۇھەببەت ئىچىدە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئايال ئۆز ئالدىغا يالغۇز ياشىغاندا، ھاياتلىقنىڭ نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان، تۇرمۇشتىكى ئېھتىياجلىرىنى قامدايدىغان بىرەر ئەرگە موھتاجدۇر. ئەرمۇ ئۆزى يالغۇز ئۆتۈشكە ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ سىرتتا تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىشلەش بىلەن بىرگە ئۆي ئىشلىرىنى جايىدا ئاققۇزۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەخلاق تەرەپتىنمۇ ئۆز نومۇسىنى ساقلاپ، ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى، جىنسىي ھەۋەس كىشىلەرنى تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ۋە يارامىلىق نەسىللەر ئەر بىلەن ئايالنىڭ نىكاھتا بىرلىشىشى ئارقىلىقلا مەيدانغا چىقالايدۇ. پەرزەنت كۆرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نام - نىشانىسىنى داۋام قىلدۇرۇش ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن چوڭ ئارماندۇر. بۇنداق ئىكەن، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىنىش ئىشلىرىغا توسقۇن بولىدىغان ياكى ئۇنى كېچىكتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق ئامىل ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن قەتئىي ھارامدۇر.

جەمئىيەتتىكى بەزى ياشلارنىڭ ئۆيلىنىش ياكى ياتلىق بولۇشتىن باش تارتىشلىرى، «سىناشتۇق» شوئارى ئاستىدا بىر - بىرى بىلەن ئايلارچە، ھەتتا يىللارچە نىكاھسىز، تۇرمۇشسىز سۆرۈشۈپ يۈرۈشلىرى،

بەزى قىزلارنىڭ نومۇستىن بوۋاقلارنى كوچىلارغا ئېتىشلىرى قاتارلىق ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، بەلكى چوڭ سەۋەبى توي چىقىملىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى، قىزلىق مېھرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كىشىلەر ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىماستىن، پەقەت باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىش ياكى بۇ ئارقىلىق بايلىق توپلىۋېلىش نىيىتى بىلەن توي چىقىملىرىنى ھەدەپ ئۆرلىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياش، ئوغۇل - قىزلارنى نۆۋەتتىكى ئۆيلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. نىشانلىنىپ بولغان قىزلارمۇ كەلمىگەن ئامەتنى كۈتۈپ ياكى ئۇ، بايلىقتىن مىليونلاپ تۆكۈپ بېرىدىغان بىرەر باينى تاپالماي ئۆيلىنىش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەتتا قېرىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۆيلىنىش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قىزلار تېزلا قېرى چىرايىغا كىرىپ قالىدۇ- دە، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئوغۇللار بولسا، ۋاقتىدا ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلىقى سەۋەبتىن، ئۆيلىنەلمەي، خالىغان يامان يوللارغا كىرىپ كېتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ۋە ئەخلاقىنى دەپسەندە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

ئوغۇل - قىزلارنىڭ ۋاقتىدا ئۆيلىنەلمەي نۆۋەتتىكى تۇرمۇشتىن مەھرۇم قېلىشلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك رەزىل يوللارغا كىرىپ كېتىشلىرىگە سەۋەبكار ئاتا - ئانىلاردۇر، ئەلۋەتتە. بۇ خىل بالالارغا دۇچار بولماسلىقنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى توي چىقىملىرىنى ۋە قىزلارنىڭ مەھرىلىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، ئېھتىياجىغا قاراپ ئازغا كۇپايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىنسان شۇنداق ھۆرمەتلىك مەۋجۇداتكى، ئۇ، پۇلغا سېتىپ ئېلىنمايدۇ. قىزلار دۇنيانىڭ ھەرقانداق بايلىقلىرىدىن ئەلۋەتتە

قىممەتلىكتۇر. باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىش ياكى باشقىلارنىڭ نارازى بولۇشلىرىدىن قورقۇپ ياكى مال - دۇنيا تەمەسى بىلەن توي چىقىملىرىنى ئۆستۈرۈۋېتىش خاتادۇر. ئوغۇل - قىزلارنىڭ كېلەچىكىنى ۋە بەخت - سائادىتىنى ئويلاپ ئىش كۆرۈش كېرەك. پۇل - مال كىشىنى كۆپ ھاللاردا بەختلىك قىلالمايدۇ. ئائىلىنى پەقەت قانائەت، ئازغا رازى بولۇش، ئورتاق مۇھەببەتلا بېيىتالايدۇ ۋە بەختلىك قىلالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئەڭ ياخشى ئايال ئۇنىڭ مېھرىنىڭ يېنىك بولغىنىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەڭ بەرىكەتلىك ئايال ئۆيلىنىشنىڭ تىز بولغىنى، تۇغۇتىنىڭ تىز بولغىنى ۋە مېھرىنىڭ يېنىك بولغىنىدۇر»[2].

جەمئىيەتتىكى بەزى ئاڭسىز ۋە ديانەتسىز كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن ياكى «قىزنىي بىكارغا بېرىۋەتتى» دېگەنگە ئوخشاش تېتىقسىز سۆزلەرنى تارقىتىشتىن قورقماستىن، بەلكى ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالادىن قورقىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا نىڭ ئەمرىنى تۇتقان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەيىبلەنمەيدۇ ۋە خارلانمايدۇ.

---

(1) ئىبنى ھىببان رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

## نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار، يەنە بىرى مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللاردۇر.

### مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

(1) نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان.

(2) ئېمىلداشلىق سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار.

(3) قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

### نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىسى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىلىرى ۋە چوڭ ئانىلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) ئۆيلەنگۈچىنىڭ قىزلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئۆز قىزلىرى، ئوغۇل ــ قىزلىرىنىڭ قىزلىرى ۋە ئۇنىڭ نەۋرە، چەۋرە قىزلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ھەمشىرىلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ بىر

ئاتا بىر ئانىدىن بولغان ۋە ئانا تەرىپىدىن ياكى ئاتا تەرىپىدىن بولغان قىز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(4) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاتىسىنىڭ قىز قېرىنداشلىرى ۋە ئاتا تەرىپىدىن بولغان ئەجدادلىرىنىڭ قىز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(5) ئۆيلەنگۈچىنىڭ هامملىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىسىنىڭ قىز قېرىنداشلىرى ۋە ئانا تەرىپىدىن بولغان ئەجدادلىرىنىڭ قىز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(6) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئوغۇل قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ بىر ئاتا ، بىر ئانىدىن بولغان ۋە ئانا تەرىپىدىن ياكى ئاتا تەرىپىدىن بولغان ئوغۇل قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(7) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ قىزلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ بىر ئانا، بىر ئاتىدىن بولغان ۋە ئانا تەرىپىدىن ياكى ئاتا تەرىپىدىن بولغان قىز قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ حُرِّمَتْ عَلَيْكُمْ أُمَّهَاتُكُمْ وَبَنَاتُكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ وَعَمَّاتُكُمْ وَخَالاَتُكُمْ وَبَنَاتُ الْأَخِ وَبَنَاتُ الْأُخْتِ ﴾يەنى﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىڭلارنى ئاتاڭلارنىڭ

ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى﴾.[1]

## ئېمىلداشلىق سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

يۇقىرىقى نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان يەتتە خىل ئايالدىن باشقا، ئېمىلداشلىق سەۋەبى بىلەنمۇ بەزى ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، قانداقلا بالا بىر ئايالنى ئەمگەندىن كېيىن، بۇ ئايال ئەمگۈچىنىڭ سۈت ئانىسى، ئۇنىڭ بارلىق بالىلىرى ئەمگۈچىنىڭ سۈت قېرىنداشلىرى بولۇپ قالىدۇ. ئەمگۈچىنىڭ يۇقىرىقى سۈت قېرىنداشلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن نىكاھلىنىشى خۇددى نەسەبىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن نىكاھلانغىنىغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇ بۇلار بىلەن نىكاھلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَأُمَّهَاتُكُمُ اللَّاتِي أَرْضَعْنَكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ مِنَ الرَّضَاعَةِ﴾يەنى ﴿سىلەرگە سۈت ئانىلىرىڭلار ۋە ئېمىلداش ھەمشىرىڭلارنى ئېلىش ھارام قىلىندى﴾.[2]

## قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان ئاياللار

قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان ئاياللار تۆۋەندىكى تۆت خىل ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاتىسىنىڭ (قويۇپ بەرگەن)ئايالىرى ۋە

---

(1) نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت
(2) نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت

بوۋىلىرىنىڭ (قويۇپ بەرگەن) ئاياللىرى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَلَا تَنْكِحُوا مَا نَكَحَ آَبَاؤُكُمْ مِنَ النِّسَاءِ﴾يەنى ﴿ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار﴾.[1] يەنى بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن، بۇ ئايال ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ۋە پۈتۈن باللىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ھارام بولىدۇ. ئۇلاردىن ھېچبىرى بۇ ئايالنى نىكاھىغا ئالالمايدۇ.

(2) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ (قويۇپ بەرگەن) ئاياللىرى. يەنى بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن بۇ ئايال ئۇنىڭ دادىسىغا ۋە پۈتۈن بوۋىلىرىغا ھارام بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇ ئايال بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ.

(3) ئۆيلەنگۈچىنىڭ (قولىدىكى) ئايالىنىڭ ئانىسى ۋە ئۇ ئايالنىڭ چوڭ ئانىلىرى. يەنى بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن بۇ ئايالنىڭ ئانىسى ۋە چوڭ ئانىلىرى ئۇ كىشىگە ھارام بولىدۇ.

(4) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئايالىنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) قىزلىرى. يەنى مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىپ ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلغان كىشى ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ قىزلىرى ۋە پۈتۈن نەۋرىلىرى ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بۇ ئايالغا نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلمىغان بولسا (يەنى يېقىنچىلىق قىلماستىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا) بۇ چاغدا، ئۇ ئايالنىڭ قىزلىرى ئۇ كىشىگە ھالالدۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ھاراملارنى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلغان:﴿ حُرِّمَتْ

(1) نىسا سۈرىسى 22 ـ ئايەت

عَلَيْكُمْ أُمَّهَاتُكُمْ وَبَنَاتُكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ وَعَمَّاتُكُمْ وَخَالَاتُكُمْ وَبَنَاتُ الْأَخِ وَبَنَاتُ الْأُخْتِ وَأُمَّهَاتُكُمُ اللَّاتِي أَرْضَعْنَكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ مِنَ الرَّضَاعَةِ وَأُمَّهَاتُ نِسَائِكُمْ وَرَبَائِبُكُمُ اللَّاتِي فِي حُجُورِكُمْ مِنْ نِسَائِكُمُ اللَّاتِي دَخَلْتُمْ بِهِنَّ فَإِنْ لَمْ تَكُونُوا دَخَلْتُمْ بِهِنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ وَحَلَائِلُ أَبْنَائِكُمُ الَّذِينَ مِنْ أَصْلَابِكُمْ وَأَنْ تَجْمَعُوا بَيْنَ الْأُخْتَيْنِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا﴾يەنى﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ(باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيىۈڭلاردا (ياكى باشقا ئۆيلەردە) ئۆسكەن قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىپ تېخى بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، قىزلىرىنى ئېلىشتا سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر، يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان ئوغۇللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر ئەپۇ قىلىندۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾([1])

## مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ئۈچ قىسىم بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆيلەنگۈچىنىڭ (قولىدىكى) ئايالىنىڭ ھەمشىرىسى ياكى

---

(1) نىسا سۈرىسى 22 ـ ئايەت

ھامىسى. بىراۋنىڭ ئىككى ھەمشىرىنى نىكاھىدا تۇتۇشىنىڭ ھاراملىقىنى ئالدىنقى ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمدى، ئايالنىڭ ھامىسىغا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قولۇڭلاردىكى ئايالىڭلارنىڭ ھامىسىغا ئۆيلەنمەڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار ئاراڭلاردىكى تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈپ قويىسىلەر»[1]. يەنى، بىراۋ ئايالىدىن ئاجراشماي تۇرۇپ، ئۇ ئايالنىڭ ھەمشىرىسى ياكى ھامىسى بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ. بەلكى ئايالىدىن ئاجراشقاندىن كېيىنلا يۇقىرىدىكىلەر بىلەن نىكاھلىنالايدۇ.

(2) باشقىسىنىڭ ئىددىتىدە بولغان ئاياللار. باشقا بىر ئەرنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولمىغان ئەر شۇ ئەرنىڭ زىممىسىدا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئاجراشقان ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئىددىتى ئىچىدىكى ئاياللار بىلەن، ئۇلارنىڭ شۇ ئىددىتى توشمىغىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا عَرَّضْتُمْ بِهِ مِنْ خِطْبَةِ النِّسَاءِ أَوْ أَكْنَنْتُمْ فِي أَنْفُسِكُمْ عَلِمَ اللَّهُ أَنَّكُمْ سَتَذْكُرُونَهُنَّ وَلَكِنْ لَا تُوَاعِدُوهُنَّ سِرًّا إِلَّا أَنْ تَقُولُوا قَوْلًا مَعْرُوفًا وَلَا تَعْزِمُوا عُقْدَةَ النِّكَاحِ حَتَّى يَبْلُغَ الْكِتَابُ أَجَلَهُ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي أَنْفُسِكُمْ فَاحْذَرُوهُ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ﴾ يەنى﴿(ئىددىتى توشمىغان) ئاياللارغا ئۆيلىنىش ھەققىدىكى پىكرىڭلارنى بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار سىلەرگە ھېچ

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارنى ئەسلەيدىغانلىقىڭلارنى ئاللاھ بىلىدۇ. لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ. ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار، شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ(جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر﴾ [1].

(3) ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئاياللار يەنى ئېھرام مۇددىتى ئىچىدىكى ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. ئېھرام مۇددىتى تۈگەپ، ئۇلار ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولىدۇ.

(1) بەقەرە سۈرىسى 235 ـ ئايەت.

# ئېملداشلىق ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

ئېملداشلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1.ئېمىش كەيپىيتى.

2.ئېمىش مىقدارى.

3.ئېمىش ۋاقتى.

## 1. ئېمىش كەيپىيتى

بوۋاقنىڭ سۈتنى ئېمىش كەيپىيتى، يەنى بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سۈت قايسى يول بىلەن كىرگەن بولىشى مەسىلىسىدە، ئىمام ئىبنى ھەزىم، ئىمام لەيس ئىبنى سەئىد قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ «بالىنىڭ سۈتنى ئېمىتكۈچىنىڭ ئەمچىكىدىن ئەمگەن بولىشى شەرت» دېگەن رەيىگە ئۇرۇنلۇق ۋە توغرا كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، بالىنىڭ ئېمىتكۈچىنىڭ ئەمچىكىدىن ئەمەس، سىرىپ قويغان قاچىدىن ياكى ئۇنى ئېمىۋاتقان بوۋاقنىڭ ئاغزىدىن ئىچىۋالغان سۈت بىلەن ئېملداشلىق بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئايال سۈتىنى تاماققا ياكى سۇغا ياكى نانغا ياكى قانداقلا بىر نەرسىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى بىرەر بوۋاققا يېگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئېملداشلىق بولمايدۇ. ئېملداشلىق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن سۈتنى ئېمىتكۈچىنىڭ ئەمچىكىدىن بىۋاستە ئەمگەن بولىشى شەرت.

## 2. ئېمىش مىقدارى

شافىئىي، ھەنبەلىي مەزھەپلىرى، ئىبنى ھەزىم، داۋۇد زاھىرىي

قاتارلىق ئۆلىمالار ئەمگۈچى بوۋاق ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ سۈت بالىسىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن بەش قېتىم تويۇپ ئەمگەن بولىشى شەرت، دەپ قارايدۇ. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن مۇتلەق كۆپ سانلىقى بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ مەسىلە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ«ئېمىلداشلىق بەش قېتىم تويۇپ ئېمىش بىلەن بولىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسى بىلەن بەلگىلەنگەن. ھەتتا ئىمام مۇسلىم ئائىشەدىن رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى قۇرئان ئىكەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنىڭ تىلاۋىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ھۆكۈمى قالغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر ئەھۋال شۇنداق داۋام قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى ئەمگۈچى بالا ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ بالىسىغا، بۇ ئايالنىڭ باللىرى ئەمگۈچى بالىنىڭ سۈت قېرىنداشلىرىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن ئەمگەن بۇ سۈتنىڭ ئۇنىڭ جىسمىغا رەسمىي تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئۆسۈشىدە تەسىرى بولىشى شەرت. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، بىر ياكى ئىككى يۇتۇم سۈت ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:« بىر ياكى ئىككى قېتىم ئېمىش بىلەن ئېمىلداشلىق بولمايدۇ.»[2]

ھەنەفىي ۋە باشقا مەزھەپلەرنىڭ «ئېمىلداشلىق بىر ياكى ئىككى ئېمىش بىلەنلا بولىدۇ»دېگەن رەيى ئەمەل قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

### 3. ئېمىشنىڭ ۋاقتى

ئېمىلداشلىق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئەمگۈچىنىڭ سۈتنى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2)ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئەمگەن بولىشى شەرت. ئۆلىمالار بۇنىڭ ۋاقتىنى ئىككى يىل دەپ بېكىتكەن.﴿ وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ﴾يەنى ﴿ ئانىلار (باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾ [1] دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئېمىتىشىنىڭ ئەڭ كۆپ مىقدارى ئىككى يىلدۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« بالا ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن (ئەمگەن سۈت بىلەن) ئېمىلداشلىق بولمايدۇ»[2] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە « ئېمىلداشلىق ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۈچەي تولغىچە ئېمىش بىلەنلا بولىدۇ»[3] دېگەن.

## ئېمىلداشلىقنىڭ دائىرىسى

ئەمگۈچىنىڭ ئۆزى ۋە باللىرىدىن باشقا، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بۇ ئېمىلداشلىق بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. مەسىلەن: بىراۋ بوۋاق ۋاقتىدا ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن بىر ئايالنىڭ سۈتىنى ئاز دېگەندە بەش قېتىم تويغۇچە ئەمگەن بولسا، بۇ كىشى شۇ ئايالنىڭ سۈت بالىسى ۋە بۇ ئايالنىڭ باللىرى بۇ كىشىنىڭ سۈت قېرىنداشلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بۇ كىشى ئۇ ئايالغا ياكى ئۇنىڭ باللىرىغا ياكى نەۋرىلىرىگە مەڭگۈلۈك ئۆيلىنەلمەيدۇ. ئەمگۈچىنىڭ ئەر ياكى ئايال بولىشىدا پەرق يوق.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى233-ئايەت
(2) ئەبۇداۋۇد تىيالىسي رىۋايىتى
(3) تىرمىزى رىۋايىتى

ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئېمىلداشلىق تەرەپتىن بولغان سۈت قېرىنداشلىرى بىلەن ئۆزئارا نىكاھلىنالايدۇ. چۈنكى ئېمىلداشلىق سۈتنى ئەمگەن كىشى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئېمىتكۈچى ئايال بىلەن ئەمگۈچىنىڭ ئاتىسى، بوۋىسى، تاغىلىرى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنىڭ ئېمىلداشلىق تەرەپتىن مۇناسىۋىتى يوقتۇر. يەنى ئۇلار بۇ ئايالغا نىكاھلىنالايدۇ.

دوكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرداۋىي «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى»ناملىق ئەسەرىدە مۇندا دەپ يازغان:« جىمى ئىسلام ئۇممىتى ئەمگۈچى مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ سۈتىنى بەلگىلەنگەن (ئايالنىڭ ئەمچىكىدىن ئەمگەن بولىشى، ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئەمگەن بولىشى ۋە ئاز دېگەندە بەش قېتىم تويغۇچە ئەمگەن بولىشى قاتارلىق) شەرتى، مىقدارى، كەيپىيتى بويىچە ئەمگەندىن كېيىن، ئەمگۈچىنىڭ ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ سۈت بالىسىغا، ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ ئەمگۈچىنىڭ سۈت ئانىسىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا، ئەمگۈچىنىڭ ئېمىتكۈچى ئايالنى نىكاھىغا مەڭگۈلۈك ئالالمايدىغانلىقىغا، نىكاھلىنىشنىڭ ھاراملىقى ئېمىتكۈچى ئايال بىلەن ئەمگۈچىنىڭ بالىلىرى ۋە ئەمگۈچى بىلەن ئېمىتكۈچىنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىدىغانلىقىغا ئىتتىپاقلاشقان.»(1)

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ«فتاوى معاصرة» ( ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)3 - توم،325-بەت.

# سۆز سالدۇرۇش

سۆز سالدۇرۇش ـ يىگىت تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە، ئۇلاردىن ئوغلىغا قىزنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتىشى دېمەكتۇر. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي شانلىق ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرىدۇر. سۆز سالدۇرۇش يىگىت تەرەپتىن قىز تەرەپكە بولغىنىدەك، بەزى ھاللاردا، قىز تەرەپتىن يىگىت تەرەپكىمۇ بولىدۇ. بۇ بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، ئەيىب سانىلىدىغان ئىش ئەمەس.

## نىشانلىنىش

نىشانلىنىش ـ «چاي ئۈچۈرۈپ قويۇش» ياكى «باركاللا قىلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قىز تەرەپنىڭ يىگىت تەرەپنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە توينىڭ تەييارلىقلىرى پۈتكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۆيلەپ قويۇشقا رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دېمەكتۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، يىگىت بىلەن قىز تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن نىشاننى بىر ـ بىرىگە قاراتقان بولىدۇ. «گۈل قويۇش» نامى بىلەن يىگىت تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە سوۋغا ــ سالام تەقدىم قىلىشىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە نىشانلانغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. چاي ئىچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ ئۇ قىزغا خېرىدار بولىشى ۋە توي تەكلىپىنى قويۇشى دۇرۇس ئەمەس.

نىشانلىق دەۋرى ئىنتايىن مۇھىم بىر دەۋر بولۇپ، بەختلىك ۋە مەڭگۈلۈك ئائىلە قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان يىگىت ـ قىز ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى تونۇش، بىرى ـ بىرىنىڭ دىيانىتىنى، ئەخلاقىنى ۋە بىلىشكە تېگىشلىك بولغان تەرەپلىرىنى ياخشى ئىگىلەش دەۋرىدۇر. بىراق بۇ

ئىككىسىنىڭ نىكاھ ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن بىرەر جايدا يالغۇز ئۇچرىششى دىنىمىزغا ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزگە خىلاپتۇر. نۇرغۇنلىغان گۈزەل قىزلارنىڭ «سىناشتۇق» شۇئارى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەكلىرىنى نابۇت قىلىپ، پۇشايماندىن قوللىرىنى چىشلەپ قالغانلىقى، يىگىتلىرىنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى دەپسەندە قىلغاننىڭ ئۈستىگە، ئاتا - ئانىسىغا نومۇس ۋە شەرمەندىلىك ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە باشقىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار بىزنىڭ ئۆز دىنىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا مىللىي ئەنئەنىمىزنىڭ ئەخلاق دەستۇرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىقماقتا.

دىنىمىزغا ئەمەل قىلساق بىز ھەرتۈرلۈك پۇشايمانلاردىن ۋە بالايى ــ ئاپەتلەردىن ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز. ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ يىگىتى بىلەن نىكاھتىن بۇرۇن يالغۇز ئۇچرىششىغا يول قويۇشى، «دوستلار زىيارىتى» باھانىسى بىلەن ئۆيىدىن كۆنلەپ، ھەتتا كېچىلەپ يوق بولۇپ كېتىشىنى نورمال ئەھۋال دەپ چۈشىنىشى ئىنتايىن بىغەملىك ۋە بالىلىرىگە قارىتا ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر.

# ئىددەت ئىچىدىكى ئاياللارغا نىشانلىنىش مەسىلىسى

ئىددەت تۇتقۇچى ئاياللار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. بىر تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئاياللار
2. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار
3. ئۈچ تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئاياللار

## بىر تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال

بىر تالاق بىلەن ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال گەرچە تالاق قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ، ئىددەت ۋاقتى تۈگىگەنگە قەدەر ئېرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئىددەت توشقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئېرى ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا نىكاھسىز قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ئىددەت ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىققان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا سۆز سالدۇرۇش، نىشانلىنىش ۋە ئۆيلىنىش جائىزدۇر. ئەمما ئايال ئېرىنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولمىغىچە ئۇنىڭغا نىشانلىنىش ياكى رەسمى نىشانلانمىسىمۇ سۆز سېلىش قەتئىي جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ ئايال ئېرىنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولمىغان ئىكەن، ئۇ ئېرىنىڭ زىممىسىدا بولغان بولىدۇ. بۇنىڭدا ئېرى بىلەن يارىشىپ قېلىشى ئۈچۈن پۇرسەتمۇ بار دېگەنلىكتۇر.

## ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ھىسسىياتلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئادەتتە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا ھامان بىراۋ خېرىدار بولسا، ئېرىنىڭ تۇغقانلىرى بىئارام بولىدۇ، بالىلىرى بولسا پەرىشان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئايالنىڭ ھەرقانداق كىشىگە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ماتەم تۇتۇشىنى قەتئىي چەكلىگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئېرى ئۈچۈن 4 ئاي 10 كۈن ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇغان. چۈنكى، ئەر - خوتۇنلۇق رىشتىسى ئالاھىدە مۇقەددەس بىر باغلىنىشتۇر. ئايالنىڭ ئېرىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلماستىن، ئىددىتىنى توشقۇزماي تۇرۇپ ياتلىق بولۇش كويىدا بولۇشى نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىگە پەرۋا قىلمىغانلىقىدۇر. بۇ ئىنسانىيەتچىلىككىمۇ ياتمايدۇ. شۇڭا ئايالنىڭ بۇ مۇددەت ئىچىدە (يەنى 4 ئاي 10 كۈنلۈك ئىددىتى ئىچىدە) باشقا ئەرلەر بىلەن نىشانلىنىشى ھارام قىلىنغان. ئەمما بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭغا سۆز سالدۇرۇشقا بولىدۇ.ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا رەسمى نىشانلانماستىن سۆز سالدۇرۇش باشقىلارنىڭمۇ كۆڭۈللىرىنى رەنجىتىپ قويمايدۇ، چۈنكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئىددەتتىن كېيىن بەربىر ياتلىق بولماي قالمايدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە ئومۇميلاشقان بىر قالاق ئادەت بار. ئۇ بولسىمۇ، بىر ئائىلىدىن بىرەرسى ۋاپات بولغان بولسا، ئۇنىڭ يىلى توشمىغىچە بۇ ئۆيدە ئۆيلىنىش ياكى ياتلىق بولۇش ئىشلىرى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا بۇنداق قىلىش ئۆلگۈچى مەرھۇمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىقمىش. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇئادەت ئۆزىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلغانلىق، ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ بەختلىرىنى كېچىكتۈرگەنلىك ياكى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر. كۆپلىگەن

قىز ــ يىگىتلەر بۇ قالاق ئادەت تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا ئۆيلىنەلمەي، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن بىر ـ بىرىدىن ۋازكېچىشىدۇ ياكى ئەخلاققا خىلاپ كېلىدىغان بىنورمال ئىشلارنى ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى بۇزىدۇ. نەتىجىدە، سائادەتلىرىنى كېچىكتۈرىدۇ، كۆپ ھاللاردا بەربات قىلىدۇ. ئۆلۈكلەرگە ھۆرمەت قىلىش ـ ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈش، ھەققىدە دۇئا قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يىلىنى كۈتۈپ قىز ـ ئوغۇللىرىنى ئۆيلەش ياكى ياتلىق قىلىش ئىشلىرىنى كېچىكتۈرۈش ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئازار قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئۇلار خاتا ئىشلارغا رازى بولمايدۇ. شۇڭا بىز پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرسەك ئەڭ توغرىسىنى قىلغان بولىمىز. ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكەنلىرى بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## ئۈچ تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال

ئۈچ تالاق بىلەن ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالنىڭ ئىددىتى توشقىچىلىك بولغان ئارىلىقتا، باشقا ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا سۆز سېلىشى ياكى نىشانلىنىشى جائىزدۇر. چۈنكى، ئۈچ تالاق بىلەن ئايرىلغان ئايال، ئېرى تالاق قىلغان ھامان ئۇنىڭ زىممىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ـ تالاق قىلىنغان ئېرىدىن ئېغىر ئاياقمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئېنىقلىنىشى ئۈچۈن ـ پەقەت ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاكلىنىشىلا قالغان بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئېرى ئۇنى يېڭىدىن نىكاھ قىلىش بىلەنمۇ ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. پەقەت ئۇ ئايال باشقا بىرىگە ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتىدە نىكاھلىنىپ، كېيىن ئېرى ئۆلگەن ياكى ئايرىلغانغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن ئىككىنچى ئېرىدىن

ئايرىلغاندىن كېيىن ، بىرىنچى ئېرىگە يېڭى نىكاھ بىلەن قايتالايدۇ. شۇڭا ئۈچ تالاقنىڭ ئىددىتى ئىچىدىكى ئايالغا باشقىلارنىڭ سۆز سېلىشى ياكى نىشانلىنىشى جائىزدۇر.

## بىراۋنىڭ نىشانلانغىنىغا نىشانلىنىشىنىڭ ھاراملىقى

ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەت، سۆيگۈ، ۋە ۋاپادارلىقنىڭ ھەممىگە ئورتاق بولغان ھالدا داۋام قىلىشىنى، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكلەرنىڭ جەمئىيەتتىن يوقۇلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىراۋنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلىشىنى، بىراۋنىڭ نىشانلانغىنى ئۈستىگە نىشانلىنىشىنى قەتئىي مەنئى قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: «مۆمىن مۆمىننىڭ قېرىندىشى، مۆمىن كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلىشى، ئۇ نىشانلانغان بىرىگە ـ ئۇ ئۆزى ۋازكەچمىگىچىلىك ـ نىشانلىنىشى ھارامدۇر»[1].

ئەمما بىراۋ بىر ئايالغا سۆز سالدۇرۇپ تېخى نىشانلانمىغان بولسا، ئۇ ئايالمۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئېنىق جاۋاب قايتۇرمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە، ئۇ ئايالغا باشقا بىرسىنىڭ سۆز سالدۇرۇشى جائىزدۇر. چۈنكى بۇئايال بۇرۇنقىسى بىلەن تېخى نىشانلانمىغان ۋە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر باغلىنىش ھاسىل بولمىغان ئىكەن، باشقىسىنىڭ ئۇنىڭغا سۆز سالدۇرۇشىغا ۋە نىشانلىنىشىغا يول بار دېمەكتۇر. شۇنىڭدەك، بۇ ئايال بىرىنچىسى بىلەن نىشانلىنىش جەريانىدا بىر ـ بىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇشى ئارقىلىق ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش قۇرۇپ بەختلىك بولۇشىغا ئىشەنچ

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

ھاسىل بولمىغانلىق سەۋەبتىن ئۇلار بىر-بىرىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا باشقا بىرىنىڭ بۇ ئايالغا نىشانلىنىشى، ئۇنىڭمۇ قوبۇل قىلىشى جائىزدۇر.

ئەگەر ئىككىنچىسى (يەنى ئىككىنچى بولۇپ سۆز سالدۇرغۇچى) بۇ ئايالنى تەھدىد قىلىپ قورقۇتۇش ياكى ئۇنىڭغا بىرىنچىسىنى (يەنى بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا سۆز سالدۇرغان كىشىنى) يامان كۆرسىتىش ياكى باشقا چارىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ۋازكەچكتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى نىشانلىنىش، ئاندىن ئۆيلىنىش مەقسىتى بىلەن سۆز سالدۇرغان بولسا، بۇ نە شەرىئەتكە، نە ئىنسانىيەتچىلىككە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان رەزىللىك ھەمدە مەككارلىقتۇر. شەرىئەت تارازىسى بويىچە ئېيتقاندا، ھارامدۇر. چۈنكى، بۇ ھالەتتە ئىككىنچىسى بىرىنچىسىنىڭ نېسىۋىسىگە قول سالغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەقسىزلىكتۇر. بۇ ماۋزۇدىكى ھارامدىن مەقسەت نىكاھنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى نىكاھ ئۇنىڭ شەرتلىرىنىڭ تولۇق بولۇشى شەرتى بىلەن جائىزدۇر. بىراق ئىككىنچىسى بىرىنچىسىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. سەۋەبسىز ھالدا، ئىككىنچىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ بىرىنچىسىدىن ۋازكەچكەن ئايالمۇ ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ نىشانىسى ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ﴾يەنى ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىسىگە رىئايە

قىلغۇچىلاردۇر﴾[1].

(1) مۇئمىنۇن سۈرىسى 8 ـ ئايەت

## تويدىكى خوشاللىق تەنتەنىسى

ئاۋۋال شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي ھاياتقا ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر دىن بولۇپ، باشقا دىنلارغا ئوخشاش تەركىيدۇنيالىقنى ۋە قاتتىقچىلىقنى تەرغىب قىلمايدۇ. بەلكى ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي ھاياتنىكى ھەرقانداق ئىجابىي پائالىيەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەھكاملارنى بەلگىلەيدۇ. توي ۋە باشقىمۇ ئىسلامىي بايرام كۈنلىرى بولسا خوشاللىقنى تەنتەنە قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان كۈنلەردۇر. بۇ باشقا غەم ــ قايغۇلۇق ۋە ماتەم كۈنلىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ماتەم كۈنلىرىدە كىشىلەرنى خوشاللىق تەنتەنىسى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش مۇناسىپ بولمىغىنىدەك، توي كۈنلىرىدىمۇ كىشىلەرنى ئۆلۈمنى ياد ئېتىشكە، دوزاخ ئازابىدىن قورقۇشقا تەرغىب قىلىشمۇ ھەرگىز ياخشى ئىش ئەمەس. ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق قائىدە ــ يوسۇنلىرى بار بولغىنىدەك، توي كۈنلىرىدە خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلىش، ھەممە بىردەك شادلىقنى ئىزھار قىلىش توي كۈنلىرىگە خاس قائىدە ــ يوسۇندۇر.

### نىكاھنى ئېلان قىلىش

نىكاھنى ئەل- جامائەتكە ئېلان قىلىپ بىلدۈرۈش ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «نىكاھنى ئېلان قىلىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

قانۇنلۇق ھالال نىكاھنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق ھەرخىل سۆز-چۆچەكلەر ۋە پىتنە ئىغۋالاردىن ساقلانغىلى بولغانىدەك، جەمئىيەتتە زىنا، ھارام ئىشلاردىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى زىنا-ھارام ئىشلار ئادەتتە يوشۇرۇن قىلىنىدۇ. ئەمما نىكاھ ھەمىشە ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدۇ. نىكاھنى ئېلان قىلىش نىكاھى ئېلان قىلىنمىغان ئەر-خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن قۇرۇق سۆز ۋە پىتنە-پاسات تارقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرمەكچى بولغانلارغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈنمۇ ياخشى. خەلقى ئالەمگە كۆرسىتىلمىگەن ۋە ئېلان قىلىنمىغان نىكاھ باشقىلارنىڭ سۆز تارقىتىشىدىن ۋە يامان گۇمانلارنى قىلىشىدىن خالىي بولالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىكاھنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ نىكاھنى ئېلان قىلىڭلار. ئۇنى مەسجىدلەردە قىلىڭلار، توينىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن داپ چېلىڭلار»[1].

بۇھەدىستىن نىكاھنى ئېلان قىلىشنىڭ، توينىڭ تەنتەنىسىنى توي بولغان ئۆيدىكى سورۇندا چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئېلان قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما نىكاھنى مەسجىدلەردە قىلىشنى ئىسلام ئۆلىمالىرى سۈننەت قاتارىدىن سانىمىسىمۇ، قىلسا گۇناھ بولمايدىغان ئىش. چۈنكى ھەرقانداق ھەدىستىن سۈننەت ھۆكۈمى ئېلىنمايدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە: «ھالال نىكاھ بىلەن ھارام نىكاھنىڭ

---

(1) تىرمىزي رىۋايىتى

ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئېلاندۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «ھالال نىكاھ بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق داپ ئاۋازىدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

يەنى، ھالال نىكاھ بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىدىكى پەرق چالغۇ ئەسۋاپلارنى چېلىش ، خۇشاللىقنىڭ ۋە شادلىقنىڭ تەنتەنىلىرىنى نامايەن قىلىدىغان ناخشا ئاۋازلىرىنى ياڭرىتىش ئارقىلىق ئۇنى خەلقى ئالەمگە ئېلان قىلىش بىلەن تونۇلىدۇ. ئەمما ھارام مۇھەببەت ئادەم كۆرمەيدىغان جايلاردا مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستىكى «نىكاھنى مەسجىدلەردە قىلىڭلار» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىككى مەقسەتنى كۆزلىگەن: ئۇنىڭ بىرى، نىكاھنى مەسجىدنىڭ روھانىيلىقى بىلەن باغلاشتۇرۇش. چۈنكى مەسجىدلەر ئىبادەت گاھلىرىدۇر. مۇسۇلمانلار مەسجىدتە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئىبادەت قىلغاندەك، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ھالال نىكاھلىرىنىمۇ مەسجىدلەردە قىلىشى ئارقىلىق (نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن) ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. ئىككىنچىسى، كىشىلەر نىكاھنى مەسجىدلەردە قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ نامايەن قىلىش ۋە ئېلان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى مەسجىدلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا توپلىنىدىغان ئورۇنلىرى. مۇسۇلمانلار ھېيت، جۈمە نامازلىرى ۋە بەش ۋاقىت نامازلار ئۈچۈن مەسجىدكە توپلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم كۆپ توپلىنىدىغان ئورۇنلاردا نىكاھنى ئېلان قىلىش بىر

(1) «جامع الأصول»(جامىئۇل ئۇسۇل)ناملىق ئەسەرنىڭ11 ـ توم 44 ـ بېتىدىن.
(2) تىرمىزي رىۋايىتى

تەرەپتىن نىكاھنى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئېلان قىلىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا ياشلارنىمۇ ئۆيلىنىشكە تەشەببۇس قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

## تويدا ناخشا ئېيتىش ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىش

تويدا بولسۇن ياكى باشقا مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن، ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن، ئەدەپ-ئەخلاققا يامان تەسىر يەتكۈزمەيدىغان، كىشىلەرنى يامان، گۇناھ ئىشلارغا تەشەببۇس قىلمايدىغان، مەزمۇنى ساغلام ناخشىلارنى ئېيتىش، ئۇنى ئاھاڭلاش ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى چېلىش جائىزدۇر. خۇسۇسەن، تويىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن توي سورۇنلىرىدا ناخشا ئېيتىش ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى چېلىش ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى تويدا تەنتەنە قىلىشقا بۇيرىغانلىقى توغرۇلۇق ھەدىسلەر سابىت بولغان.

ئەمما ئېيتىشقا ۋە ئاڭلاشقا رۇخسەت قىلىنغان ناخشىلارنىڭ مەزمۇنى كىشىلەرنى يامان ھەۋەسلەرگە چاقىرىدىغان، ئەدەپ ئەخلاققا تەسىر يەتكۈزىدىغان، ھاياسىز، ئەدەپسىز سۆزلەردىن خالىي ھالدا، ۋەتەننى، دىننى، مەرتلىكنى، پەزىلەتنى، ئاتا - ئانىنى ۋە مىللەتنى كۈيلەيدىغان ئېسىل سۆزلەردىن بولۇشى شەرتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە تويلاردا داپ چېلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ساھابىلىرىنى ئۇنىڭدىن توسمايتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بىر قېتىم ئۆز ئۆيىدە (ئۇنىڭ ئايالى) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا داپ چېلىپ ئولتۇرغان قىزلارنىمۇ ئۇنىڭدىن مەنئىي قىلمىغانلىقى، بەلكى ئۇلارنى ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلغانلىقى توغرىسىدا كۆچلۈك ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. ناخشا ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئۆز

يولىدا قوللانسا نەتىجىسىمۇ ياخشى بولغىنىدەك، بۇلارنى يامانلىققا - كىشىلەرنى ئازدۇرغۇچى ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە مۇپتىلا قىلىدىغان شەكىلدە- قوللانسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ زىيانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئىسلام نەزەرىدىمۇ جائىز بولمايدۇ.

تويلاردا ئاياللار ئايرىم، ئەرلەر ئايرىم ئورۇنلاردا بولغان ھالدا تەنتەنە قىلىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئايال جىنسلىرى ئارىسىدا ئەدەپ، ئەخلاققا ئۇيغۇن شەكىلدە ناخشا، غەزەل ۋە شېئىرلارنى ئوقۇشلىرى ياخشى بولغاندەك، ئەرلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەر جىنسلىرى ئارىسىدا شۇنداق قىلىشلىرى ياخشىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ تويىدىن قايتىپ كەلگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، ــ ئى ئائىشە! سىلەر تويدا ئويۇن ــ تاماشا قىلمىدىڭلارمۇ ؟ ئەنسارلار ئويۇن- تاماشانى ياقتۇرىدىغان خەلقتۇر ــ دەيدۇ»[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر جايدىن ئۆتكىنىدە، قىزلار داپ چېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇلار مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتاتتى:

خوشال بىزلەر كۆككە يەتسۇن ناخشىمىز،

ئارىمىزدا مۇھەممەدتۇر ياخشىمىز.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا قاراپ «ئاللاھ بىلىدۇكى، ھەقىقەتەن، مەن سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن»[1] دېدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تويلاردا ناخشا ئېيتىش، چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى چېلىش ئارقىلىق توينى نامايەن قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان ھەدىسلىرى كۆپتۇر. بۇ ھەدىسلەرگە بىنائەن، توينى نامايەن قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەرتلەر ئاساسىدا، ناخشا ئېيتىش، ئويۇن ـ تاماشا قىلىش ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىش جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەۋزەلدۇر.

ئەمما كۈنىمىزدىكى توي سورۇنلىرىدىكى ئەخلاقسىز ناخشىلار، ئەدەپسىز تاماشالار ۋە تار ياكى يېرىم يالىڭاچ كىيىمنى كىيىپ ئوينايدىغان ھاياسىز ئۇسسۇللار نە ئىسلام دىنىنىڭ پىرىنسىپىغا نە بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇلا پەقەت ياۋروپالىقلارنىڭ ۋە خۇداسىزلارنىڭ رەزىل مەدەنىيەتلىرىدۇر. ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرىغا، مىللىي ئەنئەنىمىزگە ئەگىشىشى ۋە باشقىلارنىڭ رەزىل مەدەنىيىتىنى دوراپ ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىنى بۇلغىماسلىقى لازىم.

ناخشا، مۇزىكا ئاڭلاش توي- تۆكۈنلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى بەلگىلىگەن قائىدە-پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىش شەرتى بىلەن ئۇنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاڭلاشقا بولىدۇ.

## تويدا قىزلارنىڭ توي كۆڭلىكى كىيىش مەسىلىسى

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

بۇ مەسىلىدە ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار:

بىرىنچى قاراشتىكىلەر قىزلارنىڭ تويى كېيىمى كېيىشنى باشقا دىنىدىكىلەرنىڭ ئادەتلىرىنى دوراپ ئۇلارغا ئوخشىتىۋالغانلىق بولىدۇ، دېگەن ئاساس بىلەن توغرا ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى قاراشتىكىلەر، توي كۆڭلىكى خرىستىئانلارنىڭ ئادىتى بولسىمۇ، دىنىي ئادەت ئەمەس، ھەم كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار دىيارىدا كەڭ تارقالغان بولغاچقا، خرىستىئانلارغىلا خاس ئادەت بولۇشتىن چىقىپ كەتكەن. شۇڭا توي كۆڭلىكى كىگۈچىسىنىڭ ئەۋرەت سانالغان ئەزالىرىنى يۆگەپ تۇرىدىغان، نېپىز ئەمەس، تېنىنى نامايان قىلمايدىغان بولۇشى ۋە ئۇنى يات ئەرلەرنىڭ ئالدىغا گىرىم قىلغان ھالدا چىقماسلىقى شەرتى بىلەن كىيىشى دۇرۇستۇر.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئابدۇللا ئىبنى باز ۋە كاتتا ئۆلىمالاردىن ئىبنى ئۇسەيمىن، سالىھ ئىبنى فەۋزان قاتارلىقلامۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

# نىكاھ ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

نىكاھ ــ ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىش مەقسىتىدە بەختلىك بىر ئائىلىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتىنىڭ باغلىنىشى دېمەكتۇر.

نىكاھ ئىككى يات ئىنساننى بىر-بىرىگە سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن باغلايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە بىر-بىرىگە قارىتا تەبىئىي ئىسسىقلىقنى سالىدىغان مۆجىزىلىك نەرسىدۇر.

## نىكاھنىڭ شەرتلىرى

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كامىللىقىنىڭ بىر مىسالى شۇكى، ئۇنىڭدا، مەيلى ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان سودا ـ سېتىق مۇئامىلىلىرى بولسۇن، مەيلى ئامانەت قويۇش، قەرز بېرىش ۋە ئېلىش مۇئامىلىلىرى بولسۇن، ھەمدە باشقىمۇ مۇئامىلىلار بولسۇن، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغان ھەرقانداق بىر مۇئامىلە ئۈچۈن مۇئەييەن قانۇن ـ پىرىنسىپلار بېكىتىلگەن. نىكاھمۇ يۇقىرىقى مۇئامىلىلارنىڭ بىر تۈرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىمۇ مۇئەييەن قانۇن ـ پىرىنسىپلار بار. نىكاھنىڭ ئىسلام نەزىرىدە، قانۇنلۇق ھالدا دۇرۇس باغلىنىشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ رازىلىقى

نىكاھنىڭ دۇرۇس باغلىنىشى ئۈچۈن نىكاھلانماقچى بولغان ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ رىغبىتى ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقى شەرتتۇر. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ھېچكىمنى ئۆزى خالىمىغان بىرىسى بىلەن نىكاھلىنىشقا زورلاشقا بولمايدۇ. ئىنسانلار تۇرمۇش

قـورۇش ئۈچـۈن ئـۆزلىرىگە جـور تاللاشـتا مـۇتلەق ئەركىنـدۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيـدۇ: «چوكـان ئۆزىنىـڭ نىكـاھ ئىشـلىرىغا ئـىگە بولۇشـتا ئاتـا ـ ئانىسـىدىن ھەقلىقتـۇر. قىزنىـڭ رايـى سـورىلىدۇ. ئۇنىـڭ سۈكۈت قىلغىنى ماقۇل كۆرگەنلىكىدۇر»[1].

2. گۇۋاھچىلارنىڭ ھازىر بولۇشى

نىكاھنىـڭ دۇرۇس باغلىنىشـى ئۈچـۈن نىكـاھ ئوقۇلغـان ئورۇنـدا ئـادالەتلىك، راسـتچىللىقىغا ئىشـىنىلىدىغان ئىككـى مۇسـۇلمان ئەر گۇۋاھچىنىـڭ ھـازىر بولۇشـى شـەرتتۇر. ئىككـى ئەر گـۇۋاھچى تولـۇق تېپىلمىغان شارائىتتا، بىـر ئەر، ئىككـى ئايـال بىـرلىكتە گۇۋاھلىققا ھـازىر بولۇشى لازىم. چۈنكى بـۇ تۈرلـۈك مۇئـامىلىلەردە ئىككـى ئايـال گـۇۋاھچى بىـر ئەر گۇۋاھچىنىـڭ ئورنىـدا تۇرىـدۇ. گـۇۋاھچىلار ھـازىر بولمىغـان نىكاھ، نىكاھ بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَاسْتَشْهِدُوا شَهِيدَيْنِ مِنْ رِجَالِكُمْ فَإِنْ لَمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّنْ تَرْضَوْنَ مِنَ الشُّهَدَاءِ﴾ يەنـى﴿سـىلەر ئەر كىشـىلەردىن ئىككـى كىشـىنى گۇۋاھلىققا تەكلىـپ قىلىڭـلار. ئەگەر ئىككـى ئەر كىشـى بولمىسـا، سـىلەر (ئـادالەتلىك، دىيـانەتلىك) ئىشـىنىدىغان كىشـىلەردىن بىـر ئەر، ئىككـى ئايـالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار﴾[2].

3. شـافىئىي، ھەنبەلـى ۋە مـالىكى مەزھەپلىرىـدە، نىكاھلانمـاقچى بولغان قىزنىڭ (شۇنداقلا چوكاننىـڭ) ئىگىلىرىنىـڭ مـاقۇللىقىنى ئېلىش

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى
(2) بەقەرە سۈرىسى 282 ـ ئايەت

نىكاھنىڭ شەرتلىرىدىن سانىلىدۇ. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : «قىزنىڭ ئىگىلىرى مۇۋاپىق كەلمىگەن نىكاھ باغلانمايدۇ»[1] دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلغان.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىدە، قىز ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئۆزى قارار قىلالىغۇدەك ياشتا بولۇپ، ئۆزىگە مۇناسىپ بىرىگە ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئۇنىڭ نىكاھى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« چوكان ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىدا ئىگىلىرىدىن ھەقلىقتۇر»، « چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار»[2] دېگەن ھەدىسلىرى قىزلارنى مەيلى ئۇلار ھېچ ياتلىق بولمىغان بولسۇن، مەيلى ياتلىق بولۇپ قايتىپ كەلگەن چوكان بولسۇن، ئۇلارنى ئىختىيارىسىز ياتلىق قىلماسلىق ۋە ئۇلار قوشۇلمىغان ۋە تۇرمۇش قۇرۇشقا رازى بولمىغان بىرىگە ئاتا-ئانىسىنىڭ زورلاپ ياتلىق قىلالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەللامە ئىبنى قەييىم«زادۇلمەئاد»ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ قارارلاشتۇرغان:« بالاغەتكە يەتكەن قىزنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ياكى باشقا ئىگىلىرىنىڭ ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ئۆيلەندۈرۈش ھەققى يوق. بۇ سەلەف (ئىلگىرىكى ئۆلگىلىك) ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى، ھەنەفىي مەزھىبى قارار قىلىپ كەلگەن كەسكىن مەسىلە. بىز بۇنى

(1) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ھەدىس، ھەدىسشۇناس ئالىم ئىبنى ھىببان بۇ ھەدىسنى «سەھىھ»ھەدىسلەر قاتارىدىن سانىغان.

(2) بۇخارى رىۋايىتى

كۆچلەنـدۈرىمىز، بۇنىـڭ باشقىسـىنى قوبـۇل قىلمـايمىز. بـۇ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ بايان قىلغانلىرىغا تامامەن مۇۋاپىق كېلىدۇ.»[1]

شـۇنىمۇ ئۇنۇتماسـلىق كېرەككـى، شـافىئىي، ھەنبەلـى ۋە مـالىكى مەزھەپلىرىنىڭ قىـز-چوكانلارنىـڭ يـاتلىق بولىشى ئۈچۈن ئاتـا-ئانىسى يـــاكى باشـــقا ئىگىلىـــرى قوشۇلىشـــى نىكاھنىـــڭ باغلىنىشـــىنىڭ شـەرتلىرىدىن بىـرى دەپ قـارار قىلغـانلىقى ئايـاللارنى ئاسـراش ۋە ئاتـا-ئانىسـىنىڭ مـاقۇللىقىنى ئالماسـتىن يامـان يەرگە كـېلىن بولـۇپ قېلىـپ پۇشايمان قىلىـپ قالماسلىقى كـۆزدە تۇتۇلغـان. چـۈنكى ئاتـا-ئانىلارنىـڭ تاللىغىنى ۋە قوشۇلغىنى كۆپ ھاللاردا تـوغرا چىقىـدۇ. ئاتـا-ئـانىلار بـالىلار بىلمىگەنلەرنـــى بىلىـــدۇ ۋە بـــالىلىرىنى كىمـــلەرگە ئۆيلەندۈرۈشـــنىمۇ بىلىـدۇ. شـۇڭا بـۇ تەرەپـتىن ئېيتقانـدا ئاتـا-ئانىلارنىـڭ رازىلىقىنـى ۋە مـۇۋاپىقەتچىلىكىنى ئالماسـتىن قىزلارنىـڭ ئـۆز بېشـىغا ئىـش كـۆرمىگىنى ياخشـــى. جەمئىيەتـــتە كۆرۈـــۋاتىمىزكى، جەمئىيەتنـــى، ئادەملەرنىـــڭ خـــاراكتېرىنى تولـۇق چۈشـىنىپ يېتىـــپ بولالمىغـــان قىزلارنـــى ئاتـــا-ئانىســـىنىڭ رۇخستىســـىز ئالـــداپ ئېلىـــپ، ئـــاز ۋاقىتـــتىن كېيىـــنلا تاشـلىۋېتىدىغان يـاكى ئاتـا-ئانىسـىنىڭ ئۆيىـدىكى جەننەتـتىن دوزاخقـا ئېلىپ بېرىپ خورلايدىغان ئالدامچى ئەرلەرمـۇ ئـاز ئەمەس. بـۇ ھەقتىكـى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ئەبـۇ ھەنىفەنىـڭ مەزھىبىـدە، ئاياللارنىـڭ ئەركىنلىكـى، بىـر ئۆمـۈر بىـرگە ئۆتىـدىغان، ياخشـى كـۆڭلەردە، يامـان كـۆڭلەردە، راھەتـتە، جاپـادا

---

(1) دوكتـۇر يۈسـۈپ ئەل قەرداۋىينىـڭ«فتـاوى معاصـرة» (ھـازىرقى زامـان پەتىۋالىرى) ناملىق ئەسىرى،2-توم، 341-342-بەتلەر.

بىــرگە بولــدىغان ئۆمۈرلــۈك ھايــات ھەمراھىنــى ئۆزلىرىنىــڭ تــاللاش ھوقــۇقىنى قوغداشــنى مەقســەت قىلىــدۇ. چــۈنكى كۆرىــۋاتىمىزكى، بەزى ئاتــا-ئــانىلار قىزلىرىنــى ئۆزلىرىنىــڭ تۇغقانلىرىغــا يــاكى بايلارغــا يــاكى مەنســەپدارلارغا زورلاپ بېرىــدۇ. ئــۇلار قىزلىرىنىــڭ بەخــت-ســائادىتىنى ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىنىــڭ مەنپەئەتلىرىنــى ئــويلاپ شــۇنداق قىلىشــدۇ. بۇ قىزلار بەختلىك بولامدۇ ياكى تەلەيسىز بولۇپ قالامــدۇ؟ بۇنىــڭ بــىلەن ھېسابلاشمايدۇ.

شــۇڭا ھەر ئىككــى مەزھەپنىــڭ ئورۇنلــۇق تەرەپلىــرى بــار. مۇســۇلمان ئــادەم ھەر ئىككىســىگە ئەمەل قىلغــان ھالــدا، پەرزەنتلىرىنىــڭ بەخــت-سائادىتى ئۈچۈن تىرىششى لازىم.

## نىكاھنىڭ لەۋزىلىرى

نىكاھنىــڭ لەۋزىلــىرى -ئەر -ئايــال ھەر ئىككىســىنىڭ ئــۆز رازىلىقــى بىلەن تۈزۈلۈش قۇرماقچى بولغــانلىقىنى ئىپادىلەيــدىغان ھەرقانــداق ســۆز ئىبارىلەردۇر. ئايال ئەرنىــڭ نىكــاھلىنىش تەلىپىنــى قوبــۇل قىلغــانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەرمۇ ئــۇنى زىممىســىگە ئالغــانلىقىنى بىلدۈرىــدۇ. ئايالنىــڭ قوبــۇل قىلغــانلىقىنى ئــۆزى يــاكى ئۇنىــڭ ۋەكىلــى بىلدۈرىــدۇ. ئەممــا ئەر ئــۇنى زىممىســىغا ئالغــانلىقىنى ئــۆزى بىۋاســىتە بىلدۈرىــدۇ. نىكاھنىڭ ئىبارىلىرى ئۆتكەن زامان پېئىللىــرى (يەنــى ئالــدىم ، تەگــدىم دېگەنــگە ئوخشــاش پېئىللار) بولۇشــى لازىــم. شــۇنىڭدەك ، تەلەپ بــىلەن قوبــۇل بىــر ئورۇنــدا بولۇشــى، ئىككــى ســۆزنىڭ (ئوتتۇرىــدا كــۆپ ۋاقــت ئۆتۈپ) ئارىسىغا باشقا گەپلەر ئارىلىشىپ قالماسلىقى لازىم.

## ئىغىر ئاياغ ئايالغا نىكاھ چۈشەمدۇ؟

ئىددەت ئىچىدىكى ئايالغا نىكاھ چۈشمەيدۇ. ئىغىر ئاياغ ئايالنىڭ ئىددىتى تۇغۇش بىلەن توگەيدۇ. شۇڭا ئىغىر ئاياق ئايال تۇغۇپ بولمىغىچە ئۇنىڭغا نىكاھ چۈشمەيدۇ.

ئەمما بىر تالاق بىلەنلا تالاق قىلىنغان (تالاق رەجئىي قىلىنغان) هامىلە ئايالنى تۇغۇپ بولغىچە ئۆزىنىڭ ئىرى نىكاھسىزلا ئەمرىگە قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. چۈنكى بۇ ئايال ئىددەتتىن چىقىپ بولمىغىچە ئىرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەسلى ئىرىدىن باشقىسىغا نىكاھ چۈشمەيدۇ.(1)

## ئۆزى زىنا قىلىپ ئىغىر ئاياق بولۇپ قالغان ئايالنى ئالسا بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە زىنا چوڭ گۇناھلاردىن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە تەۋبە قىلىشى كىرەك.

بىراۋ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىپ، بۇ ئايال ئۇنىڭدىن ئىغىر ئاياق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ قورساقتىكى بالىنى ئۆزىنىڭ بالىسى دەپ قارىسا، ئۇ ئايالنى شۇ ئىغىر ئاياق هالىتىدە نىكاھىغا ئىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىغىر ئاياق هالىتىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى هالالدۇر.(2) چۈنكى زىنادىن ئىددەت تۇتۇش لازىم كەلمەيدۇ. بۇنداق

(1) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن شەيخ ئابدۇراهمان جىبرىن پەتىۋاسىدىن. jebreen.com

(2) دكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ«فتاوى معاصرة» ( هازىرقى زامان پەتىۋالىرى) ناملىق ئەسىرى،3-توم،623-بەتتىن ئىلىندى.

بولغان ئىكەن، بۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھلىنىشى ئۈچۈن توسالغۇ يوق دېگەن بولىدى. ئۆزى زىنا قىلىپ ئۆزىدىن ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىشنىڭ شەرتسىز جائىزلىقى كۆپ سانلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى(ئىجما)بىلەن قارارلاشتۇرۇلغان مەسىلە. پەقەت ھەنبەلى مەزھىبىدىلا مۇنداقلارنىڭ نىكاھىنىڭ جائىز بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ قىلغان زىنا ئىشىغا تەۋبە قىلىشىنى شەرت قىلىدۇ.

ئىلگىرى بىر-بىرى بىلەن زىنا قىلغان ئەر بىلەن ئايال ئىككىسى نىكاھلىنىپ 6 ئاي ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئايال بالىنى تۇغۇپ قالسا، بۇ بالا ئەر-خوتۇن ئىككەيلەننىڭ شەرئىي بالىسى ھېسابىدا بولىدۇ. ئەگەر توي قىلىپ ئالتە ئاي ئۆتۈپ بولغىچە بالىنى تۇغۇپ قالسا، بالا ئايالنىڭلا بالىسى بولىدۇ. ئەگەر ئەر بۇ بالىنى ئۆزۈمنىڭ دەپ چىڭ تۇرسا ئاندىن ئەرگىمۇ مەنسۇپ قىلىنىدۇ.

## باشقىلار بىلەن زىنا قىلىپ، ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان ئايالنى ئېلىشقا بولامدۇ؟

باشقا بىرى بىلەن زىنا قىلىپ، ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان ئايالنى باشقا بىرىنىڭ نىكاھلاپ ئېلىشى ھالالدۇر. پەقەت ئۇ ئايال بالىسىنى تۇغۇپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھالال ئەمەس. بۇ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ۋە مۇھەممەد ئىككىسىنىڭ قارارى بولۇپ، ھەنەفىي مەزھىبىدە بۇ قارار كۈچكە ئىگە.[1]

---

(1) دكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ«فتاوى معاصرة» ( ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرى،3-توم،624-بەتتىن ئېلىندى.

بۇ بىر تەرەپتىن، ئۇ ئايالنى رەسۋاچىلىقتىن قوغداپ، ئۇنىڭ ئىنسانىي ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالغانلىق، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇغۇلماقچى بولغان بالىنى «زىنا بالىسى» دېگەن يامان نامدىن قوغداپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغانلىق بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ئالغان ئەرگە ساۋاب بېرىشى كۆتۈلىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى بۇۋاق گۇناھسىز ئەمەسمۇ؟!

# نىكاھ بىلەن بەلگىلىنىدىغان ئىشلار

نىكاھتىن كېيىن تۆۋەندىكى ئۈچ نەرسە بەلگىلىنىدۇ:

(1) مەھرى

(2) نەپىقە

(3) مىراس

**مەھرى**

مەھرى - نىكاھ سەۋەبى بىلەن ئەرنىڭ ئايالغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەلۇم مىقداردىكى ماددىي ھەق (پۇل) دېمەكتۇر. مەھرى بېرىشنى ئەر - ئايال ئىككىسى تويدىن بۇرۇن شەرت قىلغان بولسۇن، ياكى شەرت قىلمىغان بولسۇن ھەر ھالدا ئەرنىڭ ئۇنى نىكاھتىن كېيىنلا ئايالغا نەق ياكى يېرىمىنى نەق، يېرىمىنى نېسى بېرىشى لازىم.

**مەھرى مىقدارى**

مەھرى مىقدارىنىڭ ئاز كۆپلىكىنىڭ چېكى يوق. مەھرى پەقەت ئەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ بولىدۇ. تويدىن بۇرۇن ئەر تەرەپ بىلەن ئايال تەرەپ ئۆزئارا پۈتۈشكەن مەھرى مىقدارى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ئەگەر تويدىن بۇرۇن ئايالغا مەھرى بېرىشنى پۈتۈشمىگەن بولسا، ياكى پۈتۈشكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ مىقدارىنى تەيىنلىمىگەن بولسا، بۇ ھالەتلەردە ئەر ئايالغا شۇ شەھەردە ئادەت بولۇپ ئېقىۋاتقان مەھرى ئۆلچىمى بويىچە مەھرى بېرىدۇ. چۈنكى مەھرى — ئەرنىڭ نىكاھ سەۋەبى بىلەن بەلگىلەنگەن تەبىئىي ھەققىدۇر. مەھرى مىقدارىنىڭ ئاددى، يېنىك بولغىنى ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

تەۋسىيىسىمۇ مەھرىنى ئېغىر قىلىۋېتىپ تويىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويماسلىقتۇر. مەھرى - پۇل - مال بېرىش بىلەن ئادا تاپقىنىدەك، مەنىۋى مەنپەئەت بىلەنمۇ ئادا تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنى ئۇ كەمبەغەل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئايالغا بېرىدىغان مەھرىي بەدىلىگە، ئايالغا قۇرئان ئۆگىتىشنى شەرت قىلىش بىلەن ئۆيلەندۈرگەن.

## نەپىقە

نەپىقە - ئەرنىڭ ئايالىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە باشقىمۇ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشى دېمەكتۇر. ئەر ئەگەر ئايالىنىڭ يۇقىرىقى چىقىملىرىغا بېخىللىق قىلىپ ئۇنى جايىدا ئادا قىلمىسا، ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئەگەر ئايالى ئۇنىڭ ئىقتىسادىدىن ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە يېتەرلىك مىقدارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەستىن ئالسىمۇ، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ بارلىق چىقىملىرى ئېرىنىڭ زىممىسىدىدۇر.

## مىراس

مىراس - بىراۋ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مال — دۇنياسى ۋە باشقا ماددىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا يۆتكىلىشى دېمەكتۇر. قانداقلا بىر كىشى بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىدىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

مىراس - بىراۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئېلىنىدۇ. يەنى ئەر - ئاياللاردىن قايسىسى بۇرۇن ۋاپات بولسا، كېيىنكىسى ئۇنىڭ مىراسىنى ئالىدۇ.

ھەتتا نىكاھلىنىپ بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشماستىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىنكىسى قۇرئان كەرىمدە بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە ئۇنىڭ مىراسىدىن ئالىدۇ.

## مىراس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

بىراۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا قالدۇرغان مال ـ دۇنيا ۋە باشقا ھەر قانداق نەرسىسى «مىراس» ياكى «تەرىكە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەرىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار**

تەرىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار تۆۋەندىكىلەر بولۇپ، مۇنۇ تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ:

(1) مېيىتنى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە يۇيۇپ- تاراش، كېپەنلەش ۋە دەپنە قىلىشقا قەدەر بولغان پۈتۈن چىقىملار ئۈچۈن مېيىتنىڭ تەرىكىسىدىن ئىسراپ ياكى كەم قىلماستىن ئىشلىتىلىدۇ.

(2) مېيىتنىڭ ئۈستىدە قەرز بولسا ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ.

(3) مېيىتنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش. مېيىتتىن مىراس ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ۋارىسلىرىغا مىراس سىرتىدا پۇل ـ مال بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى توغرا ئەمەس، ئەگەر ۋەسىيەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ. ئەمما مېيىت ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ سىرتىدا بىراۋغا پۇل ـ مېلىدىن بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇ مېيىتنىڭ تەرىكىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بولماسلىق شەرتى بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

(4) قالغان تەرىكە ۋارىسلار ئوتتۇرىسىدا شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

## مىراس ئېلىشنىڭ سەۋەبلىرى

ئىككى سەۋەب بىلەن كىشىلەر بىر- بىرىدىن مىراس ئالالايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى نەسەب، يەنە بىرى نىكاھتۇر.

### 1. نەسەب سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار

نەسەب سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار- مېيىتنىڭ باللىرى، نەۋرىلىرى، بىر تۇغقانلىرى، بىر تۇغقانلىرىنىڭ باللىرى، ئاتا ـ ئانىسى، بوۋا ـ مومىلىرى، دادا تەرەپ تاغىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى قاتارلىق يېقىن تۇغقانلىرىدۇر.

### 2. نىكاھ سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار

نىكاھ سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار ئەر ـ خوتۇنلار بولۇپ، بىراۋ بىر ئايالغا نىكاھلىنىپ تېخى ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويماستىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھايات قالغىنى ئۆلگەن جورىسىدىن مىراس ئالىدۇ.

## مىراس ئېلىشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلار

مىراس ئېلىشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلار ئىككى خىل كىشى بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:

(1) مىراس قالدۇرغۇچىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، يەنى بىراۋ ئاتىسىنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مىراسىغا ئىگە بولالايدىغان بىرەر كىشىنى قەستەن ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن مىراس ئالالمايدۇ. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «قاتىل ئۆزى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ مىراسىدىن ھېچ نەرسە ئالالمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(2) مېيىت بىلەن ۋارىسنىڭ بىر دىندا بولماسلىقى يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىت مۇسۇلمان، مىراس ئالغۇچى مۇسۇلمان ئەمەس ياكى مىراس قالدۇرغۇچى مۇسۇلمان ئەمەس، مىراس ئالغۇچى مۇسۇلمان بولسا، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «كاپىر مۇسۇلماندىن، مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالالمايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ مۇرتەد بولۇپ كەتكەن كىشىمۇ بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

## مىراس ئېلىشنىڭ شەرتلىرى

مىراس ئېلىشنىڭ شەرتلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:

(1) مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆلگەن ياكى ئۆلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنغان بولۇشى. مەسىلەن: ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئادەمگە «ئۆلدى» دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغىنىغا ئوخشاش. چۈنكى تىرىك ئادەمنىڭ مىراسى تەقسىم قىلىنمايدۇ.

(2) مىراس قالدۇرغۇچى ئۆلگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋارىسنىڭ ھايات بولۇشى. چۈنكى مىراس قالدۇرغۇچىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۇنىڭ مىراسىنى ئالالمايدۇ. مەسىلەن: بىراۋ ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ

---

(1) ئىبنى ئابدۇلبىر رىۋايىتى

(2) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

كەتكەن بولسا، ئۆلۈپ كەتكەن بۇ كىشىنىڭ باللىرىنىڭ مەزكۇر ئاتا ئۆلگەندە ئۇنىڭدىن دادىسىنىڭ مىراسىنى ئالالمىغىنىغا ئوخشاش. ئەمما ئۇلارنىڭ نەۋرە سۈپىتى بىلەن مىراس ئېلىشى باشقا مەسىلە.

# قۇرئان كەرىمدىكى مىراس ئايەتلىرى

مىراس ئايەتلىرى مۇنۇ ئايەتلەردۇر:

1. ﴿ يُوصِيكُمُ اللَّهُ فِي أَوْلَادِكُمْ لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الْأُنْثَيَيْنِ فَإِنْ كُنَّ نِسَاءً فَوْقَ اثْنَتَيْنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا مَا تَرَكَ وَإِنْ كَانَتْ وَاحِدَةً فَلَهَا النِّصْفُ وَلِأَبَوَيْهِ لِكُلِّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا السُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِنْ كَانَ لَهُ وَلَدٌ فَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ وَلَدٌ وَوَرِثَهُ أَبَوَاهُ فَلِأُمِّهِ الثُّلُثُ فَإِنْ كَانَ لَهُ إِخْوَةٌ فَلِأُمِّهِ السُّدُسُ مِنْ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِي بِهَا أَوْ دَيْنٍ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ لَا تَدْرُونَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ لَكُمْ نَفْعًا فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴾يەنى﴿ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس)ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى(ئىككى ياكى)ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر (ۋارىس)بىر قىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇچاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ(قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ(ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ(قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات)مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتا ـ ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن)قايسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزەڭلارغا ئەڭ يېقىن

ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلە ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

2. ﴿وَلَكُمْ نِصْفُ مَا تَرَكَ أَزْوَاجُكُمْ إِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُنَّ وَلَدٌ فَإِنْ كَانَ لَهُنَّ وَلَدٌ فَلَكُمُ الرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْنَ مِنْ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِينَ بِهَا أَوْ دَيْنٍ وَلَهُنَّ الرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْتُمْ إِنْ لَمْ يَكُنْ لَكُمْ وَلَدٌ فَإِنْ كَانَ لَكُمْ وَلَدٌ فَلَهُنَّ الثُّمُنُ مِمَّا تَرَكْتُمْ مِنْ بَعْدِ وَصِيَّةٍ تُوصُونَ بِهَا أَوْ دَيْنٍ وَإِنْ كَانَ رَجُلٌ يُورَثُ كَلَالَةً أَوِ امْرَأَةٌ وَلَهُ أَخٌ أَوْ أُخْتٌ فَلِكُلِّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا السُّدُسُ فَإِنْ كَانُوا أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ فَهُمْ شُرَكَاءُ فِي الثُّلُثِ مِنْ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصَى بِهَا أَوْ دَيْنٍ غَيْرَ مُضَارٍّ وَصِيَّةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَلِيمٌ﴾يەنى﴿ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىلىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى(ئى ئەرلەر!)سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات)مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات)مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا ـ ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ(يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر ئاتا باشقا)

(1) نىسا سۈرىسى 11. ئايەت

قېرىنداشـلىرى ۋە ھەمشـىرىلىرى بۇنىڭـدىن(يەنى بىردىن)كـۆپ بولسـا، ئـۇ چاغدا مىراسنىڭ ئـۈچتىن بىـرى ئۇلارنىـڭ ئارىسـىدا ئورتـاق تەقسىم قىلىنىـدۇ. (بـۇ تەقسـىمات)مېيىتنىڭ ۋەسـىيىتى ئورۇنـدالغان يـاكى قەرزى تۆلىنىـپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالـدۇرغۇچى ئادەمنىـڭ) ۋەسـىيىتى ۋارىسـلارغا زىيـان يەتكۈزمەيـدىغان بولۇشـى كېـرەك. ئـۇ ئـاللاھ تەرىپىـدىن قىلىنغان تەۋسىيەدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەلىمدۇر﴾[1].

3. ﴿يَسْتَفْتُونَكَ قُلِ اللَّهُ يُفْتِيكُمْ فِي الْكَلَالَةِ إِنِ امْرُؤٌ هَلَكَ لَيْسَ لَهُ وَلَدٌ وَلَهُ أُخْتٌ فَلَهَا نِصْفُ مَا تَرَكَ وَهُوَ يَرِثُهَا إِنْ لَمْ يَكُنْ لَهَا وَلَدٌ فَإِنْ كَانَتَا اثْنَتَيْنِ فَلَهُمَا الثُّلُثَانِ مِمَّا تَرَكَ وَإِنْ كَانُوا إِخْوَةً رِجَالًا وَنِسَاءً فَلِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الْأُنْثَيَيْنِ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمْ أَنْ تَضِلُّوا وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾يەنـى﴿ سـەندىن ئاتـا ـ ئانىسـى، بالىسـى يـوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلـۇق پەتـۋا سورىشـىدۇ، ئېيتقىنكـى، « ئـاللاھ ئاتـا ـ ئانىسـى، بالىسـى يـوق كىشـى (قالـدۇرغان مىـراس) توغرىسـىدىكى ھۆكۈمنى مۇنداق بايـان قىلىـدۇ: ئەگەر بىـر كىشى ۋاپـات بولسا، بالىسـى بولمىسـا، پەقەت بىـرلا ھەمشىرىسـى بولسـا، ئـۇ تەرىكىنىـڭ يېرىمىنـى ئالىـدۇ، ئەگەر ئـۇ ئايالنىـڭ بالىسـى بولمىسـا، ئەر بىـر تـۇغقىنى ئۇنىـڭ ۋارىسـى بولىـدۇ. ئەگەر ئىككـى ھەمشىرىسـى بولسـا، ئـۇلار تەرىكىنىـڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ئالىـدۇ، ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايـال بىـر تۇغقـانلار بولسـا (ئـۇلاردىن) بىـر ئەرگە ئىككـى ئايالنىـڭ ھەسسىسـى بېرىلىـدۇ، ئاداشماسـلىقىڭلار ئۈچـۈن ئـاللاھ سـىلەرگە (شـەرىئەت ئەھكـاملىرىنى) بايـان قىلىـپ بېرىـدۇ. ئـاللاھ ھەمـمە نەرسـىنى

(1) نىسا سۈرىسى 12. ئايەتلەر

بىلگۈچىدۇر»﴾[1].

## بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى بېرىشنىڭ ھېكمىتى

بەزىلەر «نېمە ئۈچۈن ئايالغا ئەرنىڭ ھەسسىسىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ؟ بۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەس، بەلكى ھېكمەتلىك بەلگىلىمىدۇر. بۇنىڭ قىسقىچە بايانى مۇنداق:

ئىسلامدىكى مىراس مەسىلىسى ئائىلە نىزامىغا باغلىق بىر مەسىلە. بۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. بىر ئائىلىدىكى ئايال مۇنۇ تۆت خىل ئايالنىڭ بىرى بولىدۇ: ياكى شۇ ئائىلىدىكى ئەرنىڭ ئايالى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ قىزى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئانىسى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىنىڭ قىزى بولسا، ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقىمۇ پۈتۈن چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقىنىڭ ئايالى بولسا، ئۇنىڭ چىقىملىرى «نەپىقە» دەپ ئاتىلىپ ئېرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلە ئىچىدە ئانا بولۇپ (يەنى شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرنىڭ ئانىسى بولۇپ) ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ

---

(1) نىسا سۈرىسى 176ـ ئايەت

پۈتۈن چىقىملىرى ئوغلىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرنىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ياكى جورىسى ياكى بالىسى بولمىغانلىقتىن ، شۇ كىشىنىڭ رىئايىتى ئاستىدا تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرى شۇ ئوغۇل قېرىندىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئېرى يوق، ئوغلىمۇ يوق، ئاتىسىمۇ يوق، قېرىندىشى ھەم يوق ئەرنىڭ چىقىملىرى ئۇنىڭ تاغا ئاكىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تاغا ئاكىلىرىمۇ بولمىسا، بۇ ئايالنىڭ ھاياتى مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن كاپالەتكە ئېلىنىدۇ.

بۇ يەردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىدىكى پۈتۈن چىقىملىرى ئەرلەر تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىدۇ. ئاياللارنىڭ باشقىلارغا چىقىم قىلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈنمۇ چىقىم قىلىشلىرى لازىم كەلمەيدۇ. بەلكى ھەممىنى ئەرلەر قامدايدۇ.

ئەمدى ئەرلەرگە كەلسەك، ئوغۇل بالا قولى ئىشقا تەككەندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا ئاتىسىغا ياردەملىشىدۇ. ئېغىر ئىشلار ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئۇ ئۆيلىنىپ بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ چىقىملىرى يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئاتىسى بولمىسا، ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى بېقىشى، ئاتا ـ ئانىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ياشىنىپ قالغان، كىرىمى يوق ھالەتتە بولسا، بۇلارنى ياخشى بېقىشى، بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى لازىم كېلىدۇ. دېمەك، ئائىلە ھاياتىدىكى بارلىق چىقىم ـ خىراجەتلەر قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، پەقەتلا ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ مىراس قانۇنى بىر ئەرگە

ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى بەلگىلىگەن.

## قۇرئان كەرىمدە مىراس ئېلىشى بەلگىلەنگەنلەر

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ئارقىلىق مىراس ئېلىشى بېكىتىلگەن شەخسلەر تۆۋەندىكى 6 خىل شەخستۇر:

(1) مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغانلار

(2) مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغانلار

(3) مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدىغانلار

(4) مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىغانلار

(5) مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغانلار

(6) مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغانلار

### مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغانلار

مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغانلار بىرى ئەر، تۆتى ئايال بولۇپ، تۆۋەندىكى 5 خىل شەخستۇر:

(1) ئەۋلادى يوق ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى، يەنى ئۆلگۈچى ئايالنىڭ بالىسى ياكى نەۋرىسى بولمىسا، ئۇنىڭ مىراسنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئۇنىڭ ئېرى ئالىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ قىزى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بىر قىزىدىن باشقا ئوغۇل ياكى قىز ھېچقانداق ئەۋلادى بولمىسا، مىراسنىڭ تەڭ يېرىمىنى شۇ قىز ئالىدۇ.

(3) ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ شۇ بىرلا قىز نەۋرىسىدىن باشقا پەرزەنتى ياكى نەۋرىسى بولمىسا، مىراسنىڭ تەڭ

يېرىمىنى شۇ قىز نەۋرە ئالىدۇ.

(4) ئۆلگۈچىنىڭ ئاپال بىر تۇغقىنى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بىرلا ئاپال بىر تۇغقىنى دىن باشقا ئاتا ـ ئانىسى ياكى بىر تۇغقىنى ياكى پەرزەنتى ياكى نەۋرىسى بولمىسا، ئۇنىڭ مىراسىنىڭ تەڭ يېرىمىنى بۇ ئاپال بىر تۇغقىنى ئالىدۇ.

(5) ئۆلگۈچىنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان ئاپال بىر تۇغقىنى ، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بۇ بىرلا ئاپال بىر تۇغقىنى دىن باشقا ئاتا ـ ئانىسى ياكى بىر تۇغقانلىرى ياكى باللىرى ياكى نەۋرىلىرى بولمىسا، ئۆلگۈچىنىڭ شۇ ئاپال بىر تۇغقىنى مىراسىنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئالىدۇ.

## مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغانلار

مىراسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغانلار پەقەت ئىككى خىل كىشى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەۋلادى بار ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى، يەنى ئۆلگۈچى ئاپالنىڭ ئوغلى ياكى قىزى ياكى مەيلى قىز، مەيلى ئوغۇل بىرەر نەۋرىسى بار بولغان شارائىتتا، ئۇ ئاپالنىڭ ئېرى ئۇنىڭ مىراسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ.

(2) ئەۋلادى يوق ئۆلگۈچىنىڭ ئاپالى، يەنى ئۆلگۈچى ئەرنىڭ ئوغلى ياكى قىزى ياكى مەيلى قىز، مەيلى ئوغۇل بىرەر نەۋرىسى يوق بولغان شارائىتتا، ئۇ ئەرنىڭ ئاپالى ئۇنىڭ مىراسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ.

## مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدىغان كىشى

مىراسىنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدىغان پەقەت بىرلا شەخس بولۇپ، ئۇ ئۆلگۈچىدىن پەرزەنت ياكى مەيلى ئوغۇل بولسۇن، مەيلى قىز

بولسۇن بىرەر نەۋرە بىلەن قالغان ئايالدۇر. ئۆلگۈچىنىڭ بىردىن كۆپ ئايالى بولسا، مەزكۇر سەككىزدىن بىرىنى ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن ئۈلۈشىدۇ.

## مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىغانلار

مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىغانلار تۆۋەندىكى 4 خىل شەخستۇر:

(1) ئۆلگۈچىنىڭ قىزلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قىزى بولۇپ، ئوغلى بولمىسا، بۇ قىزلار ھەممە بىرلىكتە مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنىڭ قىزلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىدىن بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قىز نەۋرىلىرى بولۇپ، ئوغلى ياكى باشقا باللىرى ياكى ئوغۇل نەۋرىلىرى بولمىسا، بۇ قىز نەۋرىلەر ھەممە بىرلىكتە مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ.

(3) ئۆلگۈچىنىڭ قىز بىر تۇغقانلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا بىر ۋە ئانا بىر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قىز بىر تۇغقانلىرى بولۇپ، قىز ياكى ئوغۇل بىرەر پەرزەنتى ياكى نەۋرىسى ياكى ئاتا ـ ئانىسى بولمىسا ياكى ئاتا بىر ۋە ئانا بىر ئوغۇل بىر تۇغقىنىمۇ بولمىسا، بۇ قىز بىر تۇغقانلار ھەممە بىرلىكتە مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ.

(4) ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا بىر قىز بىر تۇغقانلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئاتا بىر قىز بىر تۇغقانلىرى بولۇپ، قىز ياكى ئوغۇل بىرەر پەرزەنتى ياكى نەۋرىسى ياكى ئاتا ـ ئانىسى بولمىسا، ئاتا بىر ئوغۇل بىر تۇغقىنى ياكى ئاتا ۋە ئانا بىر قىز بىر تۇغقىنىمۇ

بولمىسا، بۇ ئاتا بىر قىز بىر تۇغقانلار ھەممە بىرلىكتە مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ.

## مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغانلار

مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغانلار تۆۋەندىكى 2 خىل كىشىدۇر:

(1) ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بالىسى ياكى ئوغلىدىن بولغان بىرەر نەۋرىسى ياكى بىردىن ئارتۇق قېرىنداشلىرى بولمىسا، ئۇنىڭ ئانىسى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ ئانا بىر بىر تۇغقانلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بىردىن ئارتۇق ئانا تەرەپ بىر تۇغقانلىرى بولۇپ، ئاتىسى ياكى باللىرى بولمىسا، ئۆلگۈچىنىڭ بۇ ئانا بىر بىر تۇغقانلىرى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

ئەسلى قائىدە بويىچە، ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى ئىككىسىلا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بالىسى ياكى ئوغلىدىن بولغان بىرەر نەۋرىسى ياكى بىردىن ئارتۇق قېرىنداشلىرى بولمىسا، ئۇنىڭ ئانىسى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ:«ئەگەر ئۇنىڭ باللىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇچاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ)». ئەمما بۇ ماۋزۇدا ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر پۈتۈن ئۆلىما ساھابىلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە بېكىتكەن ئىككى مەسىلە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئەمەس، بەلكى مىراستىن قالغاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى، دادىسى ۋە ئانىسىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى بولمىسا، ئېرى مىراسنىڭ تەڭ يېرىمىنى، ئانىسى قالغان يېرىمىنى ئۈچتىن بىرىنى، دادىسى بۇ ئىككىسىدىن قالغىنىنى ئالىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى، ئانىسى ۋە دادىسىلا بولۇپ، باشقا ھېچ نەرسىسى بولمىسا، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى، ئانىسى تۆتتىن بىردىن قالغاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى، دادىسى قالغاننىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ.

## مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغانلار

مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغانلار ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى، دادىسىنىڭ دادىسى، ئانىسى، ئانىسىنىڭ ئانىسى، ئوغلىنىڭ قىزى، دادا بىر ھەمشىرىسى، ئانا بىر تۇغقىنى قاتارلىق 7 خىل كىشى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ پەرزەنتى ياكى نەۋرىسى بولسا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسى،يەنى ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى بولماسلىق شەرتى بىلەن چوڭ دادىسى دادىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى 3 مەسىلىدە ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ:

① ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا بىر ۋە ئانا بىر ياكى ئاتا بىر بىر تۇغقانلىرى دادىسى بار بولغان ھالەتتە مىراس ئالالمايدۇ. لېكىن چوڭ دادىسى بار ھالەتتە ئالالايدۇ. بۇ شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكى مەزھەپلىرىنىڭ كۆرۈشى. ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىگە كۆرە، مەزكۇر بىر تۇغقانلار چوڭ دادىسى بار ھالەتتىمۇ مىراس ئالالمايدۇ.

② ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى، ئانىسى ۋە دادىسىلا بولۇپ، باشقا ۋارىسلىرى بولمىسا، ئانىسى (يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدەك ئېرى يېرىمىنى ئېلىپ بولغان مىراستىن قالغانىنىڭ) ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر دادىسىنىڭ ئورنىدا چوڭ دادىسى بولسا، ئانىسى پۈتۈن تەركەنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

③ ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى، ئانىسى ۋە دادىسىلا بولۇپ، باشقا ۋارىسى بولمىسا، ئانىسى (يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدەك ئېرى يېرىمىنى ئېلىپ بولغان مىراستىن قالغانىنىڭ) ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر دادىسىنىڭ ئورنىدا چوڭ دادىسى بولسا، ئانىسى پۈتۈن تەركەنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

(3) ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بالىسى ياكى ئوغلىنىڭ بالىسى ياكى بىردىن كۆپ قېرىنداشى بولسا ( مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، مەيلى بىر دادا ۋە بىر ئانىدىن، مەيلى بىر ئانىدىن ياكى بىر دادىدىن بولغان بولسۇن)، ئانىسى ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

(4) ئۆلگۈچىنىڭ چوڭ ئانىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى بولمىسا، ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى مىراسىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ. دەرىجە جەھەتتە ئوخشاش بولغان( ئانىسىنىڭ ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ ئانىسىغا ئوخشاش) بىردىن كۆپ چوڭ ئانىلار بولسا، بۇ چوڭ ئانىلار مىراسىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن ئۈلۈشىدۇ.

(5) ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، ھاياتتا بولمىغان بىر ئوغلىنىڭ بىر ياكى بىردىن كۆپ قىزى بولسا، ئۆلگۈچىنىڭ قىزى مىراسىنىڭ تەڭ يېرىمىنى، ئوغلىنىڭ قىزى ياكى قىزلىرى مىراسىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

(6) ئۆلگۈچىنىڭ دادا بىر ھەمشىرىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ دادا بىر ئانا بىر ھەمشىرىسى بىلەن دادا بىر بىر ياكى بىردىن كۆپ ھەمشىرىسى بولسا، ئۆلگۈچىنىڭ دادا بىر ئانا بىر ھەمشىرىسى مىراسىنىڭ تەڭ يېرىمىنى، دادا بىر ھەمشىرىسى ( ياكى ھەمشىرىلىرى بىرلىكتە) مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

(7) ئۆلگۈچىنىڭ ئانا بىر بىر تۇغقىنى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى ياكى چوڭ دادىسى، بالىسى ياكى نەۋرىسى بولمىسا، ئۇنىڭ بىرلا ئانا بىر بىر تۇغقىنى بولسا، شۇ بىر تۇغقىنى مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

دادىسى بوۋىسىدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن باللار بوۋىسىدىن مىراس ئالامدۇ؟

دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ باللىرى، كېيىن بوۋىسىمۇ ئۆلۈپ كەتكەندە، ئەگەر ئەگەر بۇ بوۋاينىڭ ھاياتتا باشقا باللىرى بولسا، نەۋرىلەرگە بۇ بوۋاينىڭ مىراسىدىن تەگمەيدۇ. چۈنكى بوۋاينىڭ باللىرى ئۇنىڭ مىراسىنى ئېلىشقا نەۋرىلەردىن ھەقلىقتۇر. شۇڭا نەۋرىلەر بوۋىسىنىڭ باللىرى بار ھالەتتە ئۇنىڭ مىراسىغا شېرىك بولالمايدۇ. ئەگە بوۋاينىڭ باللىرى بولمىسا، نەۋرىلەرنىڭ مىراستىن ھەققى بولىدۇ.

دادىسىدىن يېتىم قالغان باللارنى بوۋىسىنىڭ مال-دۇنياسىدىن نېسۋىدار قىلىشنىڭ چارىسى نېمە؟

دادىسىدىن يېتىم قالغان باللارنى بوۋىسىنىڭ مال-مۈلكىدىن نېسۋىدار قىلىش بوۋىسىنىڭ قولىدىكى ئىش. يېتىم نەۋرىلىرىنىڭ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ باشقا باللىرى بولغانلىق سەۋەبتىن، مىراس قانۇنى بويىچە، نەۋرىلىرىنىڭ ئۇنىڭ مىراسىنى ئالالمايدىغانلىقىنى

بىلگەن بوۋاي ئەلۋەتتە بۇ باللارغا ھايات ۋاقتىدا مال-دۇنياسىدىن خالىغانلىرىنى ئايرىپ بېرىدۇ ياكى ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن نەۋرىلىرىگە بېرىلىشىنى تاپىلاپ ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ. بۇ ئىككى يول بىلەن بوۋاي ئۆزىنىڭ يېتىم نەۋرىلىرىنىڭ بېشىنى سىلىغان بولىدۇ.

مۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا ۋەسىيەت قىلىش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:﴿ كُتِبَ عَلَيْكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ إِنْ تَرَكَ خَيْرًا الْوَصِيَّةُ لِلْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ بِالْمَعْرُوفِ حَقًّا عَلَى الْمُتَّقِينَ ﴾يەنى﴿ ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى﴾ [1]

چۈنكى ۋارىسلارغا بىر نەرسە بېرىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىشقا بولمايدۇ. قىلغان ھالەتتىمۇ بۇ ۋەسىيەت يۈرگۈزۈلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللاھ ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بەلگىلەپ بەردى. ۋارىسقا ۋەسىيەت قىلىشقا بولمايدۇ»[2]دېگەن. ئەمما نەۋرىلەر تاغىلىرى سەۋەبىدىن بوۋىسىنىڭ مىراسىدىن مەھرۇم قالغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلار ۋارىس ھېسابلانمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارغا مال-دۇنياسىدىن بېرىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىش جائىز بولۇپلا قالماستىن، مۇنداق شارائىتتا شۇ يېتىم نەۋرىلىرىنىڭ بېشىنى سىلاش ئۈچۈن پەرزدۇر [3].

---

(1) بەقەرە سۈرىسى179-ئايەت

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(3)دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ«فتاوى معاصرة» ( ھازىرقى زامان

مۇسۇلمان ئەمەس ئائىلىدىن بىرى مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن كۆپ مىقداردا مىراس قالغان بولسا، بۇ كىشى مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەبلىك ئاتا-ئانىسىنىڭ مال-دۇنياسىدىن مەھرۇم بولامدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر ھەدىستە: «كاپىر مۇسۇلماندىن، مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالالمايدۇ»[1] دەپ بېكىتكەن. بۇ ھۆكۈم كۈچكە ئىگە. ئەمما ئىسلام دىنى كىسلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بىر دىن ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىنىڭمۇ بىر چىقىش يولى بار. دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋى ياۋروپا جەمئىيىتىدە ياشايدىغان ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، مۇنداق دەپ پەتىۋا بەرگەن: « كاپىرنىڭ مۇسۇلماندىن، مۇسۇلماننىڭ كاپىردىن مىراس ئالالمايدىغانلىقى ئىسلام دىنىنى بېكىتكەن قانۇن. نورمال ھالەتلەردە شۇنداق بولىدۇ. بەزى شارائىتلاردا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ. مەسىلەن: كاتتا ساھابىلاردىن مۇئاۋىيە ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل قاتارلىقلار مۇسۇلماننىڭ كاپىر تۇغقانلىرىدىن مىراس ئېلىشىغا يول قويغان ۋە كاپىرنىڭ مۇسۇلماندىن ئېلىشىغا يول قويمىغان.»[2]

كاتتا ئۆلىمالاردىن يەھيا ئىبنى يەئمۇر[3] ئۆزلىرىنىڭ كاپىر

پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرى، 1-توم، 508-بەت.

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئەل مۇغنى 9/154.

(3) يەھيا ئىبنى يەئمۇر-ھازىرقى ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن كاتتا ئالىم، ئۆز زامانىسىنىڭ مۇجتەھىدلىرىدىن بولۇپ، قۇرئان، ھەدىس، فىقھى ۋە ئەرەب تىلى ئىلىملىرىدە كامالىغا يەتكەن. ھىجرىيە129-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

قېرىندىشىنىڭ مىراسى توغرىسىدا ھۆكۈم سوراپ كەلگەن بىرى مۇسۇلمان، يەنە بىرى يەھۇدىي ئىككى قېرىنداشقا ئۇنىڭ مىراسىنى بۆلۈپ بەرگەن. بۇ قىلغىنىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« ئىسلام زىيادە قىلىدۇ، كەم قىلمايدۇ»[1] يەنى ئىسلام ياخشىلىقلارغا سەۋەب تۆرتكە بولىدۇ، زىيان-زەخمەتكە سەۋەب بولمايدۇ، دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلغان. بۇ ئورۇندا، «ئىسلام ئۈستۈن بولىدۇ، ئۇنىڭغا باشقىسى ئۈستۈن بولالمايدۇ»[2]دېگەن ھەدىسنى خاتىرلەشمۇ يېتەرلىك. شۇنىڭدەك، بىز مۇسۇلمانلار يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىدىكى ئاياللار بىلەن نىكاھلىنالايمىز. ئەمما ئۇلار مۇسۇلمان ئاياللارغا نىكاھلىنالمايدۇ. بىزنىڭ كاپىرلاردىن مىراس ئېلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ بىزدىن ئالماسلىقىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر»[3].

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى

(2)دارا قۇتنى ۋە بەيھەقى رىۋايىتى

(3) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ«فتاوى معاصرة» ( ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرى، 3-توم، 674-675-بەتلەر.

## ئىككىنچى بۆلۈم

# ئەر-ئايالliq هايات

# ئەر-خوتۇنلۇق ھاياتى

## دەسلەپكى ئۇچرىشىش

بۇ ماۋزۇدىكى دەسلەپكى ئۇچرىشىش - ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىدىكى دەسلەپكى ئۇچرىشىش كېچىسى دېمەكتۇر. بۇ كېچە يېڭى ئەر - خوتۇنلار ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك كېچىدۇر.

مەلۇمكى، قىز بىلەن يىگىت بۇ كېچىگە كۆپلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان يېڭى ھەم مەڭگۈلۈك بىر ھاياتقا قەدەم قويۇش ئىستىكى ئىچىدە، كۆپلىگەن شېرىن خىياللار بىلەن كىرىدۇ. بۇ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن قىسمەن ھاللاردا، تۇيۇقسىزدىن ئەمەلىيەت تەسەۋۋۇر قىلغاندەك چىقماي قالىدۇ. بىر - بىرىدىن نەپرەتلىنىش كەيپىياتلىرى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش ۋە رىغبەتلىنىشنىڭ ئورتاق بولۇشى ۋە مۇھەببەتنىڭ تۇنجى داستانىنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن، بۇ كېچىدە ئەر - ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى، ئۆزئارا ئىللىق، يۇمشاق ۋە ئاڭلىق مۇئامىلىدە بولۇشى ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولغىلى بولمايدىغان تولىمۇ مۇھىم ئىشلاردۇر.

بۇ كېچە توغرۇلۇق يېزىلغان كىتابلارنىڭ بىردەك تەۋسىيەسى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى تەكىتلىمەكتە:

1. يىگىتنىڭ ئالدىراپ كەتمەسلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ھەۋەسىنىلا كۆزلىمەستىن، قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىغا قاراپ ئىش كۆرۈشى ۋە يۇمشاق، سىلىق، ئاڭلىق مۇئامىلىدە بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

2. قىزنىڭ يىگىتكە قارشى ھېسسىياتسىز ۋە ھەۋەسسىز

بولىۋالماسلىقى. بەلكى، ئۇنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى مۇھىمدۇر. چۈنكى قىزنىڭ ھېسسىياتسىز بولۇۋېلىشى يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ۋە ھەۋىسىنى سوۋۇتۇپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مانا بۇ ئىش كۆپ ھاللاردا ئۇلارنى ئاجرىشىش ياكى بەختسىز ھالدا ياشاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. چۈنكى بۇ كېچە ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ باشلىنىش كېچىسى. باشلىنىشى كۆڭۈللۈك بولغان ھەرقانداق بىر ئىش ئومۇمەن، ئاخىرىغىچە كۆڭۈللۈك بولىدۇ. باشلىنىشتا كۆڭۈلسىزلىك بىلەن باشلانغان ئىش كۆپ ھاللاردا ئاخىرىغىچە كۆڭۈللۈك بولالمايدۇ. چۈنكى دەسلەپكى كۆڭۈلسىزلىكلەر كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ بەختلىك ئۆتۈشىگە قىسمەن نۇقسان يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

3. يىگىتنىڭ قىزنىڭ ئۆز رىغبىتى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىنى كۈتمەسلىكى لازىم. ئۇلار گەرچە بىر - بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان تەقدىردىمۇ، قىز ھەرگىزمۇ ئۆزىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدۇ. چۈنكى قىزلار ئۇياتچان كېلىدۇ. شۇڭا يىگىتنىڭ ئۆزى يېقىنلىشىشى ۋە خىجىل بولماسلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

## جىنسى ئالاقە

جىنسىي ئالاقە - ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشى دېمەكتۇر.

جىنسىي ئالاقە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى ھالال قىلىنغان جىنسىي ئالاقە، يەنە بىرى ھارام قىلىنغان جىنسىي ئالاقىدۇر.

## 1. ھالال قىلىنغان جىنسىي ئالاقە

ھالال قىلىنغان جىنسىي ئالاقە — ئۆزىنىڭ نىكاھلاپ ئالغان ھالال

ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشى دېمەكتۇر. ئۆزىنىڭ ھالال ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش ياخشى ھەم ساۋابلىق ئىشتۇر. بۇ مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەرنى مەدھىيەلەپ : ﴿ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ ﴾يەنى﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر ﴾دەيدۇ [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالاغا ئېيتىلغان ھەربىر تەسبىھ ، ھەربىر تەھلىل، ھەربىر ھەمدۇ سانا، ھەربىر تەكبىر سەدىقىدۇر. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش سەدىقىدۇر. ھەتتا، سىلەرنىڭ ئاياللىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىشىڭلارمۇ سەدىقىدۇر» ساھابىلەر ــ يا رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىزنىڭ جىنسىي ھەۋەسىمىزنى قاندۇرغىنىمىز ئۈچۈنمۇ ساۋاب بېرىلەمدۇ؟ ــ دەپ ئەجەپلىنىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىڭلارچۇ؟ ئەگەر سىلەر جىنسىي ھەۋەسىڭلارنى ھارامدىن قاندۇرساڭلار گۇناھ بولامدۇ؟(يەنى گۇناھ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟) خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەر جىنسىي ھەۋەسىڭلارنى ھالالدىن قاندۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ساۋاب بېرىلىدۇ»[2].

## 2. ھارام قىلىنغان جىنسىي ئالاقە

ھارام قىلىنغان جىنسىي ئالاقە ـ ئۆزىگە ھالال بولمىغان بىرى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش دېمەكتۇر. بۇ ئىش شەرىئەت ئىستېمالىدا «زىنا»

---

(1) مۇئمىنۇن سۈرىسى 5 ـ ئايەت

(2) بۇخارى رىۋايىتى

دەپ ئاتىلىدۇ. مەلۇمكى، زىنا ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن قەتئىي مەنئى قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَا إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاءَ سَبِيلًا﴾يەنى ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «كىشى زىنا قىلغان چېغىدا، ئۇنىڭدىن ئىمان چىقىپ كېتىپ ئۇنىڭ بېشىدا كۆلەڭگىدەك ئوخشاش تۇرىدۇ. ئۇ كىشى گۇناھىغا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئىمانى ئۇنىڭغا قايتىدۇ»[3].

يەنە بىر ھەدىستە: «قانداقلا بىر مىللەتتە زىنا ياكى جازانىخورلۇق ئومۇملىشىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ»[4].

ئاللاھ تائالا شۇڭا زىنانى «يامان يول» دەپ تەرىپلىگەن.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت
(2) بۇخارى رىۋايىتى
(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(4) ھاكىم رىۋايىتى

# يېقىنچىلىقنىڭ مۇقەددىمىلىرى

دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ. نەتىجىلەرنىڭ غەلىبىلىك بولۇپ چىقىشى مۇقەددىمىلەرنىڭ توغرا بولۇشىغا باغلىقتۇر. شۇنداق ئىكەن، ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتتىكى يېقىنچىلىقنىڭمۇ (جىنسىي ئالاقىنىڭمۇ) مەلۇم مۇقەددىمىلىرى بار.

ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتتىكى سائادەتنىڭ ئاساسى ئەر - خوتۇنلارنىڭ جىنسىي ئالاقىدە بىر - بىرىدىن تېگىشلىك نېسىۋىلىرىنى ئالالىشىغا باغلىقتۇر. كۆپلىگەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئۆيلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر - بىرىدىن نەپرەتلىنىپ ئاجرىشىشى، بەزىلىرىنىڭ چارىسىزلىكتىن بەختسىز ھالدا، بۇ تۇرمۇشنى داۋام قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشىنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە، جىنسىي ئالاقىدە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىش ھاسىل قىلالمىغانلىقى، نەتىجىدە تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئالالمىغانلىقىدىن بولىدۇ. شۇڭا، جىنسىي ئالاقىنىڭ ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىگە كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىگە رىئايە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## 1. زىننەتلىنىش ۋە خۇشبۇي قوللىنىش

خۇشبۇي قوللىنىش بىلەن زىننەتلىنىش ھەرقانداق كىشىنىڭ كامالىتى ۋە گۈزەللىكى، بولۇپمۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولۇشقا بولمايدىغان مۇھىم ئىشتۇر. زىننەت كۆز ئۈچۈن سائادەت بېغىشلايدۇ، چۈنكى كۆز زىننەتلىك، گۈزەل شەيئىلەرگە باققىنىمدا سائادەت ھېس قىلىدۇ.

خۇشبۇي بۇيۇملىرى ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتى ئۈچۈن سائادەت

بېغىشلايدۇ، چۈنكى كىشىلەر خۇشبۇيلارنى پۇرىغاندا بىر خىل راھەت ۋە سائادەت ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى جۈمە، ھېيت نامازلىرى ۋە ئۇلاردىن باشقىمۇ توپلىشىپ ئاممىۋى ھالدا قىلىنىدىغان پائالىيەتلەرگە بېرىشتىن بۇرۇن خۇشبۇي قوللىنىشقا بۇيرۇيدۇ. مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ نەزەردە چىرايلىق، ئېسىل، پاكىز، يېقىملىق كۆرۈنۈشى ۋە بىر - بىرىنى يېقىمسىز ھىدلىرى بىلەن نەپرەتلەندۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئىدى .

ئايال ئېرى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت زىننەتلىنىشكە ۋە خۇشبۇي قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بولۇپمۇ ئەر - خوتۇن يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن زىننەتلىنىش ۋە خۇشبۇي قوللىنىشنى قەتئىي ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. ئايالنىڭ زىننەتلىنىشى ۋە خۇشبۇي قوللىنىشى ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىتىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ياردەمچىدۇر. زىننەتلەنمىگەن، خۇشبۇي قوللانمىغان ۋە يۇيۇنۇپ بەدىنىنى پاكىز تۇتمىغان ئايال تېزلا ئېرىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. ئەرمۇ شۇنداق.

**ئاياللارنىڭ زىننەتلىرى توۋەندىكىچە:**

ئاياللارنىڭ ئالتۇن ۋە باشقىمۇ قىممەتلىك مەدەنلەردىن ياسالغان ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ياسىنىشى، ئۇپا، ئەگلىك، ئەتىر، ئۇسما قاتارلىق بۇيۇملارنى قوللىنىشى، چاچلىرىنى گۈزەل، يارىشىملىق تارىشى، بېقىنلىرىدىكى ۋە پۇتلىرىدىكى تۈكلەرنى يوقىتىپ تۇرۇشى ۋە بۇ ئەزالارنى خۇشبۇي تۇتۇشى، بەدەنلىرىنى پاكىز تۇتۇشى، بولۇپمۇ ئېغىزلىرىنى ئالاھىدە پاكىز تازىلاپ تۇرۇشى، چىشلىرىدا پۇراقنىڭ ھىدىنى قويماسلىقى ۋە سەمرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بەدەن

لاياقىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى قاتارلىقلاردۇر.

ئايــال يــۇقىرىقى زىنــنەت ۋە خۇشــبۇيلارنى پەقەت ئېــرى ئۈچــۈنلا قوللىنىشــى لازىــم. ئۆزىنىــڭ ئېرىــدىن باشقىســى ئۈچــۈن زىنــنەتلەنگەن ئايــال گۇناھكــار ئايالــدۇر. چــۈنكى ئايالنىــڭ زىننەتلىنىشــى ۋە خۇشــبۇي قوللىنىشــى ئېــرى ئۈچــۈن مەنىــۋى مەنــپەئەت ۋە ســائادەت بېغىشــلايدۇ. بۇنداق مەنپەئەت بىلەن سائادەتنى ئۆزىنىــڭ ئېرىــدىن باشقىســى ئۈچــۈن بېغىشــلايدىغان ئايــال ئىنسابىســىز، رەزىــل ئايالــدۇر. ئايــال ئەڭ ئــاۋۋال ئېرىنىــڭ كــۆزىگە گــۈزەل، ئېســىل ۋە يارىشــىملىق كۆرۈنىشــى ئۈچــۈن ئەھمىيەت بېرىش لازىــم. بۇنــداق قىلمىغانــدا، ئــاخىرقى ھېسابتا زىيــاننى ئــۆزى تارتىــدۇ. ئەرلەرمــۇ ئاياللىرى ئۈچــۈن زىننەتلىنىشــى ۋە خۇشــبۇي قوللىنىشى مۇھىمدۇر.

## ئەرنىڭ زىننىتى

ئەرنىــڭ زىننىتــى — چېچىنــى پــاكىز تۇتۇشــى، بــۇرۇتلىرىنى تەڭشــەپ تەكشى تۇتۇش، ساقىلى بولسا ئۇنى پــاكىز، ئېســىل تۇتۇشــى، ئېغىزىنــى ۋە ئىككى قولتۇقىنى پــاكىز، خۇشــبۇي تۇتۇشــى، ئۆزىنىــڭ ئەرلىكىــگە يارىشا لاياقەتلىك بولۇشقا تىرىششى ۋە باشقىلار قاتارلىقلاردۇر.

## 2. بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى جەلب قىلىش

ئەر - خوتۇنلار يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن بىــر - بىرىنىــڭ كــۆڭلىنى جەلــپ قىلىشــقا تىرىششــى تولىمــۇ ئەھمىيەتلىــك ئىشــتۇر. ئەر - خوتۇنلارنىــڭ بىــر - بىرىنىــڭ كــۆڭلىنى ئــۆزىگە جەلــپ قىلىشــى بىــر - بىــرىگە ماسلاشــقان ھەرىكەتلىــرى ۋە گــۈزەل ســۆزلىرى ئــارقىلىق كۆڭــۈل ئېچىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىش دېگىنىمىز: ئەر- خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان رىغبىتىنى ۋە سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىدىغان ھەرىكەتلەردە بىر - بىرىگە ماسلىشىشى دېمەكتۇر.

سۆز ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىش دېگىنىمىز: ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىشتىياقىنى ۋە مۇھەببىتىنى سۆز ئارقىلىق ئېيتىشىش بىلەن بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى دېمەكتۇر.

يۇقىرىقى مۇقەددىمىلەردىن مەقسەت، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىش بولۇپ، نەتىجىدە ئورتاق لەززەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈندۇر.

# يېقىنچىلىقنىڭ ئەدەپلىرى

يېقىنچىلىقنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

## 1. بىسمىللا دېيىش

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن﴿ بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ يەنى﴿بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم﴾ دېيىشى ۋە دۇئا قىلىشى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار ئۆزىنىڭ ئەھلىگە كېلىشتىن بۇرۇن، ﴿بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم﴾ ئى ئاللاھ! بىزدىن ۋە بىزگە بېرىدىغان رىزىقىڭدىن (يەنى پەرزەنتىمىزدىن) شەيتاننى يىراق قىلغىن، دەپ دۇئا قىلسا، ئەگەر ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بالا بولۇپ قالسا، بۇ بالىغا شەيتان ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[1]

## 2. تەييارلىنىش

جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن بۇرۇن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ تەييارلىنىشى ئالاھىدە مۇھىم ئىشتۇر. ئەرنىڭ ئايالىغا مۇقەددىمىسىز ھالدا، تۇيۇقسىز كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىگە باقماستىن، ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش نىيىتى بىلەنلا ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشى تولىمۇ ئاگاھسىزلىق ۋە ئىنساپسىزلىقتۇر. ئەر ئىستىگەننى ئايالمۇ ئىستەيدۇ. بىراق، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئەكسىچە، ھەر قانداق ۋاقىتتا

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئۇنىڭغا تەييار بولالمايدۇ. چۈنكى ئاياللارنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرى ئىنتايىن ئاستا قوزغىلىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئاياللارغا مۇقەددىمىسىز يېقىنچىلىق قىلىش ئۇلارنى نەپرەتلەندۈرۈش كەيپىياتىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئەر ئۆزىنىلا ئويلىماستىن، ئايالىنىمۇ ئويلىشى، ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن يېقىنلىشىشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئۈچ نەرسە ئەر كىشىدىكى ئاجىزلىقلاردىندۇر، بىرى بىراۋ بىلەن تونۇشۇپ ئىسمى ۋە نەسەبىنى سورىۋالماستىن ئايرىلىش، ئىككىنچىسى بىراۋ ئۇنى ھۆرمەتلىسە ئۇنىڭ ئىززىتىنى چۈشۈرۈش، ئۈچىنچىسى ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىتىپ ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا تۇيۇقسىزدىن يېقىنچىلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەۋەسگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، ئۆزىنىڭلا ھەۋىسىنى قاندۇرىۋېلىش»[1].

يەنە بىر ھەدىستە: «ئايالىڭلارغا ھايۋانلار بىر - بىرىگە ئېتىلغاندەك ئېتىلماڭلار. ئۇنىڭ ئالدىنقى مۇقەددىمىلىرىگە رىئايە قىلىڭلار»[2].

## 3. يۆگىنىش

يېقىنچىلىق ئەسناسىدا، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئېچىلماستىن ئۈستىنى بولسىمۇ، يۆگىۋېلىشى ئىسلامىي ئەدەپ ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا تەشەببۇس

(1) دىلمىي رىۋايىتى
(2) دىلمىي رىۋايىتى

قىلىپ: «ئاياللىڭلارغا كەلگىنىڭلاردا ھەر ئىككىڭلار ئۇستۇڭلارنى يېپىڭلار، چاھار پايلاردەك يالىڭاچ بولىۋالماڭلار» دېگەن. (بۇخارى رىۋايىتى)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭدىن كۆرمىگەن، مەنمۇ ئۇنىڭدىن كۆرمىگەنتىم»(1). (يەنى ئۇياتلىق جايلىرىمىزغا قاراشمايتتۇق)

بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكسىنشكە بۇيرۇلغانلىقى پەقەت ئەدەپ ئۈچۈندۇر. ھەدىسلەردە كەلگەن بۇ ھەقتىكى بۇيرۇق رايى، پەقەت ئەۋزەللىك ئۈچۈن بۇيرۇلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، يۈگەنمىگەن كىشى ئەدەپ ئەخلاقتا تەسىر يەتكۈزگەن سانالسىمۇ، ئۇ گۇناھكار بولمايدۇ. چۈنكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىغا قارىشى ھارام ئەمەس، بەلكى جائىزدۇر.

**4. سىر ساقلاش**

ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنى سىرتقا يايماسلىق، بولۇپمۇ يېقىنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ ئىمانىنىڭ تەلەپلىرىدىن سانىلىدۇ.

ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى ساقلىيالماسلىق ئىماننىڭ ئاجىزلىقىغا، ۋىجداننىڭ يوقلىقىغا ۋە ئەخلاقنىڭ ناچارلىقىغا ئىشارەتتۇر. مۇنداق سىرلارنى ساقلىيالماسلىق ئەر ـ خوتۇنلۇق رىشتىسىنىڭ

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

مۇقەددەسلىكىگە ھاقارەت، بىر-بىرىنىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى چىن ئىشەنچكە پەسكەشلەرچە خىيانەت قىلغانلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر. بۇ ئىشنىڭ گۇناھىنىڭ شۇنچىلىك ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىش ھەدىسلەردە قاتتىق سۆكۈلگەن ۋە ئاگاھلاندۇرۇلغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يامان كىشى ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىرىنى سىرتقا يايغان كىشىدۇر»[1].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئەر بىلەن ئايالنى كىيىمگە ئوخشىتىپ:﴿ هُنَّ لِبَاسٌ لَكُمْ وَأَنْتُمْ لِبَاسٌ لَهُنَّ﴾يەنى ﴿ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر﴾[2] دەيدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، كىيىممۇ ئىنساننىڭ بەدىنىنى سوغۇقتىن ۋە ئىسسىقتىن مۇداپىئە قىلىپ ساقلىغاندەك، سىلەرمۇ بىر - بىرىڭلارنىڭ سىرلىرىنى، ئېيىپلىرىنى ۋە نۇقسانلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ ساقلىشىڭلار كېرەك دېگەنلىكتۇر.

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

(2) بەقەرە سۈرىسى187 - ئايەت.

## ئاياللارغا خاس ھالەتلەر

ئاياللاردا ئۆزلىرىگە خاس تۆت ھالەت بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### ئايالنىڭ ئايلىق ئادەت كۆرۈش ھالىتى

ئايالنىڭ ئايلىق ئادەت كۆرۈش ھالىتى ـ ئايلىق ئادەتنىڭ قېنىنى كۆرۈش يېشىدىكى ئايالنىڭ كېسەللىكتىن ئەمەس، بەلكى ئايلىق ئادىتى بويىچە، بالا ياتقۇسىدىن ئايلىق قېنىنىڭ كېلىشى دېگەنلىك بولۇپ، بۇ «ھەيز»دەپ ئاتىلىدۇ.

### ئايلىق ئادەتنىڭ مۇددىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ئاياللاردىكى ئايلىق ئادەت كۆرۈش مۇددىتىنىڭ ئېزى ئۈچ كۈن، كۆپى ئون كۈن بولۇپ، نورمال بولغىنى بەش بىلەن يەتتە كۈننىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئاياللار ئايلىق ئادىتىنى كۆرگەن مۇددىتى ئىچىدە ناماز ئوقۇشتىن، روزا تۇتۇشتىن، مەسجىدكە كىرىشتىن، قۇرئان ئوقۇشتىن ۋە ئۇنى تۇتۇشتىن چەكلىنىدۇ. ئادىتىدىن پاكلانغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىشى پەرزدۇر. ئايال ئادىتىدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئادەت كۆرگەن كۈنلىرىدە تۇتالمىغان رامازان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. ئەمما ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدۇ. چۈنكى بۇ، كەچۈرۈم قىلىنغان ئىبادەتتۇر. ئاياللار ئۆزلىرىدىن كەلگەن قىزىل، سېرىق قاننى كۆرگىنىدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئادەت كۆرگەنلىكىنى، ئاق سۇنى كۆرگىنىدىن كېيىن، ئادەتتىن پاكلانغانلىقىنى بىلىدۇ.

### ئايالنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتى

ئايالنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتى ـ ئۇلارنىڭ تۇغۇتنىڭ قېنىدىن

پاكلانغىچىلىك بولغان جەرياننى دېگەنلىك بولۇپ، «نىفاس»دەپ ئاتىلىدۇ.

## تۇغۇتلۇق ھالىتىنىڭ مۇددىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتىدىكى مۇددىتىنىڭ ئېنىزى بىر قانچە مىنۇتلا، كۆپى 40 كۈن بولىدۇ. تۇغۇتلۇق ئايالمۇ قاندىن پاكلانغىچىلىك، ئادەت كۆرگەن ئايالغا ئوخشاش، ناماز ئوقۇشتىن، روزا تۇتۇشتىن، مەسجىدكە كىرىشتىن، قۇرئان ئوقۇشتىن ۋە ئۇنى تۇتۇشتىن چەكلىنىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالىتى

ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالىتى ــ ئايلىق ئادەت كۆرۈش مۇددىتىدە، ئۈچ كۈندىن ئاز ياكى ئون كۈندىن كۆپ، تۇغۇتلۇق مۇددىتىدە، 40 كۈندىن كۆپ، قىزلاردا توققۇز ياشقا تولۇشتىن بۇرۇن، چوڭلاردا ئادەت كۆرۈش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بالا ياتقۇلىرىدىن قان كېلىشى دېمەكتۇر. كۆپ ھاللاردا بۇخىل قان بىرقانچە كۈن، ھەتتا بىرقانچە ئاي داۋام قىلىدۇ. بۇخىل ھالەت ئايالنىڭ كېسەللىكىدىن بولىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ئاياللار ئۆزۈرلۈك ھالەتلىرىدە، يۇقىرىقى ئىككى ھالدا چەكلەنگەن ئىبادەتلەردىن چەكلەنمەيدۇ. بەلكى قان توختىماي ئېقىپ تۇرغان ھالدىمۇ، ھەر ناماز ئۈچۈن يېڭى تاھارەت ئېلىپ نامازلىرىنى تولۇق ئوقۇيالايدۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ. غۇسلى قىلىشى لازىم كەلمەيدۇ. نامازدىن كېيىنلا تاھارىتى سۇنغان بولىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق ھالىتى

ھامىلىدارلىق ھالىتى ــــ ئاياللارنىڭ ئېغىر ئاياق بولغان (بالا كۆتۈرگەن) ئايلىرى دېمەكتۇر. ئاياللار بۇ ھاللىرىدا، نورمال چاغلىرىدا قىلىدىغان ئىبادەت ۋە باشقا پۈتۈن ئىشلىرىدىن چەكلەنمەيدۇ.

## ئاياللارغا يۇقىرىقى خاس ھالەتلىرى ئىچىدە يېقىنچىلىق قىلىش مەسىلىسى

بۇ ماۋزۇ تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئايلىق ۋە تۇغۇتلۇق ھالىدىكى ئايالالارنىڭ قېنى توختاپ، تولۇق پاكلانمىغىچىلىك، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قەتئىي ھارامدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُوا النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّى يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ ﴾يەنى﴿ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ھەيز زىيانلىقتۇر. شۇڭا ھەيز مەزگىلىدە بولغان ئايالالاردىن يىراق تۇرۇڭلار. ھەيزدىن پاك بولغىچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. پاك بولغاندا ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار. (شۇنى بىلىڭلاركى) ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغانلارنى دوست تۇتىدۇ، پاك بولغانلارنىمۇ دوست تۇتىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەت، تۇغۇتلۇق ھالىتىدىكى ئايالنىڭ مەسىلىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە

(1) بەقەرە سۈرىسى 222ـ ئايەت

ئالىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن مەنئىي قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇنىڭدىن كەلگەن قاندىن ئىبارەتتۇر.

سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى مەشھۇر ئالىم دوكتور مۇھەممەد ئەلى بار «ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە قۇرئان بىلەن زامانىۋى تېبابەتنىڭ ئىتتىپاقى» ناملىق ئەسىرىدە، ئادەت كۆرۈش مەزگىلى ئىچىدىكى ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە بولغان زىيىنى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئايال ئادەت كۆرگەن كۈنلىرىدە، ئۇنىڭ بالا ياتقۇسى پۈتۈنلەي ئېچىلىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئايلىق قېنى ئېقىپ تۇرىدۇ. تېببىي تەرەپتىن مەلۇمكى، قان مېكروبلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇناسىپ مۇھىتىدۇر. ئايال ساق ۋاقتىدا ئۇنىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن مېكروبلارنى ئۆلتۈرىدىغان بىرخىل سۇ ماددىسى چىقىپ تۇرغانلىقتىن، ئۆزى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان كىشى مىكروبنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ. ھالبۇكى، ئايال ئادەت كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مىكروبلىنىشتىن مۇداپىئەلىنىش جىھازلىرى ئىشلىمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا ياتقۇدىن كەلگەن توختاۋسىز قان مىكروبلارنىڭ تېز كۆپىيىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. قان كېلىۋاتقان ۋاقىتتا مىكروبلىنىشقا قارشى جىنسىي ئورگاندىن كېلىدىغان سۇمۇ قان دولقۇنى ئىچىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. مەلۇمكى، ئەرنىڭ جىنسىي ئورگىنىدا كۆپلىگەن مىكروبلار بولىدۇ. ئۇ ئايالى ساق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىنىدا، ئايالنىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن كېلىدىغان مىكروبقا قارشى سۇيۇق ماددا ئەر تەرەپتىن كىرگەن مىكروبلارنى شۇ ھامان ئۆلتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئايال ئادەت كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ

مىكـــروبلاردىن مـــۇداپىئەلىنىش جىھــــازلىرى پۈتـــۈنلەي ئىشـــتىن توختىغاچقــا، ئەرنىــڭ جىنســـىي ئـــورگىنى پەقەت مىكـــروبلار بىـــلەن قاپلانغـان قـان دېڭىزىغـا شـۇڭگۇغان بولـدۇ. نەتىجـدە، مىكـروبلىنىش ئەرـــ ئايـال ھەر ئىككىســگە بولـدۇ. بۇنىـڭ زىيـانلىرىنى بىلەمسـىز؟ بۇنىـڭ زىيىنـى ئايالنىـڭ ماتكىسـى بىـلەن بـالا ياتقۇسـىدا مىكروبلارنىـڭ يېتىشـكەنلىكى سـەۋەبتىن ئۇنىـڭ بـۇ ئىككـى ئورگىنىـدا داۋالاش قىـيىن بولغان، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئـاغرىقنى پەيـدا قىلغـان، ئەرنىـڭ جىنسـىي ئورگىنىــدا مىكروبلارنىــڭ ئـــوروۇن تۇتۇشـــى بىـــلەن ئۇنىـــڭ ســـۈيدۈك يوللىرىــدا ئۇزۇنغــا ســوزۇلما خاراكتېرلىــك ئــاغرىقنى پەيــدا قىلغانلىــڭ سىرتىدا تۆۋەندىكى كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ:

(1) ئايالنىـــڭ بـــالا ياتقۇســـىنىڭ مىكروبلىنىشـــى بىـــلەن، نورمالـــدا ئەردىــن تۆكــۈلگەن ئۇرۇقــدانلارنى بــالا ياتقۇغــا ئىتتىــرىش ۋەزىپىســىنى ئۆتەشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك رول ئوينايدىغان بـالا يـاتقۇ قانـاللىرى ۋە باشـقىمۇ جىھــازلار يېپىلىــپ قـېلىش نەتىجىســدە ئـۆز ۋەزىپىلىرىــدىن قالــدۇ. بۇھــال ئايالنىــڭ تۇغمــاس بولـۇپ قېلىشـىغا، بويىــدا قالغــان تەقدىردىمۇ بالا بالا ياتقۇنىـڭ سىرتىدا بولـۇپ قېلىشـىغا سـەۋەب بولـدۇ. مانا بۇ ـ قورساق كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ خەتەرلىك بولغـان تـۈرى. بـۇ ۋاقىتتـا بالا بـالا يـاتقۇ قانـاللىرىـدا (تۇرۇبىلىرىـدا) تـۆرەلگەن بولـدۇ، بالىنىـڭ تېـز چوڭىيىشـى بىـلەن ئـاخىرى بـالا يـاتقۇ پـارتلاش پـاجىئەلىرى كۆرۈلـدۇ. ئايــال ئەگەر ۋاقتىــدا ئوپېراتسـىيە قىلىنمىغانــدا، قــان ئۇنىــڭ ئىچكــى ئەزالىرىغا تاراپ كېتىش نەتىجىسدە ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ.

(2) مىكروبلىنىشـتىن كېلىـپ چىققـان بـۇ ئـاغرىق سـۈيدۈك يـوللىرى، تۇخۇملار، بۆرەك قاتارلىقلارغا ئارقـا ـ ئارقـىدىن يېتىـپ بارىـدۇ. مەلـۇمكى، سـۈيدۈك يوللىرىـدىكى كېسـەللىك كېسـەللىكلەرنىڭ ئەڭ خەتەرلىكـى ۋە

يامىنىدۇر.

(3) ئايال ئادەت كۆرگەن ۋاقىتىدا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنسىي ئالاقىدىن قەتئىي بالا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، ئايالنىڭ ئەردىن كەلگەن سپېرمىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بالا ياتقۇسىدىن كېلىدىغان تۇخۇمدانلىرى پۈتۈنلەي ئىشتىن چىققان بولىدۇ. شۇڭا ئايال ئادەتتىن ساقىيىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈلگەن جىنسىي ئالاقىدىن بالا تۆرىلىش نىسبىتى باشقا ۋاقىتلارغا نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئايالنىڭ قوبۇل قىلىش جىھازلىرى قايتىدىن تولۇق ئىشقا چۈشكەن بولىدۇ.

(4) ئايال ئادەت كۆرگەن كۈنلىرىدە، ئۇنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى يېرىمجان ۋە ئاجىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش تەبىئىي ئەھۋال ئەمەس، بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىجابىي نەتىجە كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

(5) ئەر ـــ ئايال ئىككىسىنىڭ جىنسىي ئورگانلىرىدا يېتىشكەن مىكروبلار سۈيدۈك تۇرۇبىلىرى ئارقىلىق تارىلىش نەتىجىسىدە، ئاخىرى بۆرەككە بېرىپ يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدا تەدرىجى ھالدا كېسەل پەيدا قىلىدۇ. بۆرەك كېسىلى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇنى ئۈزۈل - كېسەل ساقايتىدىغان داۋا يوق. سۈيدۈك خالتىسىدىن سپېرما قاناللىرىغا ئۆتكەن مىكروبلار ئۇنىڭدىن تۇخۇملارغا ئۆتىشى بىلەن ئۇ جايدا ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ ۋە سپېرما قاناللىرىنىڭ يېپىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

(6) پروفېسسور ئابدۇللا باسالامەنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىغا

ئاساسلانغاندا، ئايالنىڭ ئادەت كۆرگەن كۈنلىرىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى بالا ياتقۇدا راك كېسەللىنى پەيدا قىلىدۇ. لېكىن بۇتەتقىقاتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كۆپرەك ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ[1].

يۇقىرىقىلار ھازىرقى زامان تىببىي تەتقىقاتنىڭ ئادەت كۆرۈۋاتقان ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ زىيىنى ھەققىدە چىقارغان ئىلمىي يەكۈنلىرى بولۇپ، قۇرئان كەرىم بۇ مەسىلىنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىلا ئۇچۇقلىغان ۋە ئادەت كۆرۈش مەزگىلىدىكى ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ ئەر- ئايال ھەر ئىككىسى ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، كىشىلەرنى بۇنداق قىلىشتىن مەنئىي قىلغان. ھازىرقى تىببىي تەتقىقاتنىڭ ئىلمىي يەكۈنى بۇ ئىشنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زىيانلىرىنى ئىسپاتلاپ چىققان. قۇرئان ئىنسانلارنى پايدىسىز ئىشلارغا بۇيرۇغان ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان بولسا، ئۇلار ھەر تۈرلۈك زىيانلىقلاردىن ئامان قالىدۇ.

ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن، كۆپلىگەن مىللەتلەردە، ھەتتا ساماۋىي دىنلاردىمۇ ئايلىق ئادىتى ئەسناسىدىكى ئاياللار نىجىس، پاسكىنا دەپ قارىلاتتى. ئۇلار پاك بولمىغىچە، ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرۇش، بىرگە يېمەك يېيىش، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن بىر نەرسە ئېلىش مەنئىي قىلىناتتى. يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى تەۋراتتا

(1) دوكتور مۇھەممەد ئەلى بارنىڭ «ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە قۇرئان بىلەن زامانىۋى تىببىياتنىڭ ئىتتىپاقى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 100 ـ 104 ـ بەتلىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «ئايال ئادەت كۆرگىنىدە، ئۇ، يەتتە كۈن داۋام قىلىدۇ. بۇ ئەسنادا ئۇنى تۇتقان كىشىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش نىجىس بولىدۇ. ئۇنىڭ ياتقىنى تۇتۇپ سالغان كىشىمۇ كىيىمىنى، ئۆزىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكلىشى كېرەك، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتىپ قويغان كىشى يەتتە كۈنگىچە نىجىسلىقتىن پاك بولمايدۇ»[1].

ئەمما ئىسلام دىنى ئاياللارنى بۇنداق ھاقارەتتىن ئازات قىلىپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىدى ۋە ئۇلارنى بۇنداق تەبىئىي ھالەتلىرى تۈپەيلى خورلاشنى قەتئىي مەنئى قىلدى. ئۇلار بىلەن جىنسىي ئالاقىدىن باشقا بارلىق يېقىنچىلىقلارنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ بۇ مېھنەتلىك كۈنلىرىدە ئۇلارنى يالغۇز تاشلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ: «ئاياللار ئادەت كۆرگەن ۋاقىتلاردا، ئۇلار بىلەن جىنسىي ئالاقىدىن باشقا يېقىنچىلىقلارنىڭ ھەممىنى قىلىڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولغان ھالدا، ئاياللىرى ئادەت كۆرۈپ قالغان كۈنلىرىدىمۇ ئۇلارغا جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا بارلىق يېقىنچىلىقلارنى قىلاتتى. ھەتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) بىر ھەدىستە: «مەن ئادەت كۆرۈپ قالغان كۈنلىرىمدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى، مەن ئۇنىڭ بېشىنى تاراپ

---

(1) تەۋرات «لېۋى:15»
(2) مۇسلىم رىۋايىتى

قوياتتىم»[1] دەيدۇ.

2. ئۆزۈرلۈك ۋە ھامىلدار ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش مۇتلەق جائىزدۇر. ئاياللارنىڭ بۇخىلدىكى ھالەتلىرى ئۇلارنى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ۋە ئىبادەتلەرگە داۋام قىلىشتىن توسالمايدۇ. لېكىن ھامىلدار ئاياللار تۇغۇتقا يېقىنلاشقان ئايلاردا ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلمىغان ياخشى.

## ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ مۇتلەق ھالاللىقى ۋە چەكلەنگەن تەرىپى

ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە ھالال بولغان ئىكەن، بۇ ئىككىسىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتنى قانداق رەۋىشتە، قانداق شەكىللەردە ۋە قانداق ئۇسۇللاردا ئۆتكۈزىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا قانداق مۇقەددىمىلەرنى قىلىشى مۇتلەق ھالالدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىدا، شەيئىلەرنىڭ ئەسلىدە ھالاللىقى ئېتىبارى بىلەن ھاراملىقىغا ئېنىق دەلىل كەلمىگەن نەرسىلەر ۋە ئىشلار ھالالدۇر. ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان جىنسىي مۇناسىۋەتتە قەتئىي ھارام قىلىنغان ئىككى ئىشتىن ( بىرى، ئايال ئايلىق ئادىتىنى كۆرىۋاتقان ياكى تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلىنىپ بولمىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلىشىش، يەنە بىرى، ئايالنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىشتىن) باشقا ھارام قىلىنغان ئىش يوق.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿ نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾يەنى﴿ ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىككىنچىزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار﴾[1] دېگەن.

## ئايالالرنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىشنىڭ ھاراملىقى

ئاياللارنىڭ مەيلى ئالدى تەرىپىدىن، مەيلى كەينى تەرىپىدىن، مەيلى قايسىبىر تەرىپىدىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ جىنسىي ئورگىنىغا(ئالدى تەرىپىگە) كېلىش مۇتلەق دۇرۇستۇر. ئەمما ھارام بولغىنى ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىشتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يامان قىلىقنى قاتتىق ئەيىبلەپ: «ئۇ كىچىك بەچچىۋازلىقتۇر»[2] دەپ سۆككەن.

## ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى يېيىشنىڭ زىيىنى

ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى سىرتقا تارقىتىش تولىمۇ زىيانلىق ئەخلاقسىزلىق ۋە ئەدەپسىزلىك بولۇپ، ئەر - ئاياللىقنىڭ مۇقەددەس رىشتىسىگە قىلىنغان ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ يامان كىشى ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى يايغان كىشىدۇر»[3] دېگەن.

(1) بەقەرە سۈرىسى223-ئايەت
(2) ئىمام ئەھمەد، نەسائىي رىۋايىتى
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

# ئىنساننىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن چىقىدىغان سۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى

ئەر ـ ئايال ھەرقانداق كىشىنىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن چىقىدىغان سۇلار تۆتكە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## سپېرما (مەنى)

سپېرما ــ بالاغەتكە يەتكەن ئەر ـ ئايال ھەرقانداق كىشىنىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن چىقىدىغان قويۇق سۇ بولۇپ، سپېرمىنىڭ چىقىشى ئوغۇل ـ قىزلاردا بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. سپېرما جىنسىي ئالاقە قىلىش، ئىھتىلام (ئۇخلىغاندا چۈش كۆرۈش نەتىجىسىدە، ئىختىيارسىز ھالدا قوزغىلىشى) ئارقىلىق چىقىدۇ.

ئەرنىڭ سپېرمىسى ــ كۆپىنچە ھاللاردا تۇخۇمنىڭ ئېقىغا ئوخشاش رەڭگى ئاق، قويۇق كېلىدۇ. ئۇ، شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

ئەمما ئايالنىڭ سپېرمىسى ــ رەڭگى سېرىق، سۇيۇق كېلىدۇ. ئەگەر ئايال كۈچلۈك ۋە پائالىيەتچان بولسا ئۇنىڭ سپېرمىسى ئېقىش كېلىدۇ. سپېرمىنىڭ ئەر ـ ئايال قانداقلا بىر كىشىدىن قايسىبىر ھالەتتە چىقىشى غۇسلى قىلىشنى لازىم قىلىدۇ.

## مەزى

مەزى ـ چوڭ ئەر ـ ئاياللاردىن چىقىدىغان سېرىق، سۇيۇق سۇ بولۇپ، جىنسىي ھەۋەس قوزغالغان چاغدا، ئېتىلماستىن چىقىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ چىققىنىنى تۇيماي قالىدۇ. ئۇ، ئاياللاردىن كۆپرەك كېلىدۇ. مەزى ــ نىجىستۇر (پاسكىنىدۇر). بەدەننىڭ ياكى

كىيىمنىڭ مەزى يۇقۇپ قالغان يېرىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكىزلاش لازىم بولىدۇ. مەزى ــ تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. ئەمما غۇسلى قىلىشنى لازىم قىلمايدۇ.

**ۋەدى**

ۋەدى - سۈيدۈكتىن كېيىن چىقىدىغان دۇغ، ئاق، قويۇقراق سۇ بولۇپ، ئېغىر نەرسە كۆتۈرگەندە، ئىنجىقلىغاندا چىقىدۇ. ئۇ، چوڭ ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك چىقىدۇ. ۋەدىمۇ مەزىگە ئوخشاش نىجىستۇر. ۋەدى ــ تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. غۇسلىنى لازىم قىلمايدۇ. بەدىنىنىڭ ياكى كىيىمىنىڭ ۋەدى يۇقۇپ قالغان يېرىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكىزلاش لازىم بولىدۇ.

**سۈيدۈك**

مەلۇمكى، سۈيدۈك نىجىس سۇ بولۇپ، تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. بەدىنىنىڭ ياكى كىيىمىنىڭ سۈيدۈك تېگىپ كەتكەن يېرىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكىزلاشقا توغرا كېلىدۇ.

# سپېرما ۋە ئۇنڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

سپېرما (مەنى) پاكىزىمۇ ياكى پاسكىنىمۇ؟

ئىسلام ئۆلىمالىرى سپېرمىنىڭ پاكىزلىقى ياكى پاسكىنىلىق مەسىلىسىدە ئىختىلاپقا چۈشۈپ ئۈچ مەزھەپكە بۆلۈنگەن.

بىرىنچى مەزھەپ: ئىنساننىڭ سپېرمىسىنى پاكىز، بىراق يىرگىنىشلىك نەرسىدۇر. دېگۈچىلەر ساھابىلاردىن ئائىشە[1]، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر[2]، مەزھەپ پېشىۋالىرىدىن ئىمام شافىئىي، ئىسھاق، داۋۇد، ئىبنى مۇنزىر قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار سپېرما پاسكىنا ئەمەس، پەقەت ئادەم يىرگىنىدىغان بەلغەم ۋە تۈكۈرۈككە ئوخشاشلا نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمگە يۇقۇپ قالغان سپېرمىنى ئۇۋۇلاپ ئەسەرىنى يوق قىلاتتىم، ئاندىن شۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇيتتى»[3] دېگەن ھەدىسى بىلەن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سپېرما يۇقۇپ قالغان كىيىم توغرۇلۇق

---

(1) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلامنىڭ ئايالى ۋە ئەڭ كاتتا ئالىمە، ساھابىلارنىڭ ئالىملىرىمۇ كۆپلىگەن دىنىي مەسىلىلەردە، ھەزرىتى ئائىشەگە مۇراجىئەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنەتتى.

(2) ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر-ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى بولۇپ، ساھابىلارنىڭ ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان كاتتا ئۆلىماسى، ھەمىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولغان ۋە ئۇنىڭ ئالىم بولىشى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس دۇئاسىنى ئالغان زات.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

سۇرىلىدۇ، "ئۇ پەقەت بەلغەم ۋە تۆكۈرۈكنىڭ ئورنىدىكى نەرسە. ئۇنى ياغلىق ياكى لاتا بىلەن ئېيتىۋەتسەڭ بولىدۇ"دېدى»[1] دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. شۇڭا بۇ مەزھەپكە كۆرە، سپېرما ھۆل ھالىتىدە يۇيۇلىدۇ، قۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇۋۇلاپ ئەسىرىنى يوق قىلىۋەتسە بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە :« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمگە يۇققان سپېرما ئەگەر قۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇنى ئۇۋۇلاپ ئەسىرىنى يوق قىلىش بىلەن، ھۆل ھالىتىدە بولسا يۇيۇش بىلەن تازىلايتتىم»[2] دېگەن.

ئىككىنچى مەزھەپ: ئىنساننىڭ سپېرمىسى خۇددى سۆيدۈككە ئوخشاشلا پاسكىنا نەرسە، ئۇنى ھۆل ۋە قۇرۇق قانداقلا ھالەتتە بولسۇن سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلاش لازىم كېلىدۇ، دېگۈچىلەر بولۇپ، مەزھەپ پېشىۋالىرىدىن ئىمام مالىك، ئەۋزائىي، سەۋرىي قاتارلىق ئالىملاردۇر. بۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمگە يۇققان سپېرمىنى يۇياتتى»[3] دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. بۇ ھەدىس سپېرمىنى پاسكىنا دېيىشكە دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى بەلغەمگە ئوخشىغان پاسكىنا ئەمەس نەرسىلەر يۇقۇپ قالغان ياكى مېۋىنىڭ سۈيى تۆكۈلۈپ كەتكەن كىيىمنىمۇ يۇيۇشقا توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئادەتتە كىيىم كىرلىشىپ قالسىمۇ يۇيۇپ تۇرىمىز. بىر نەرسىنى يۇغانلىق ئۇنىڭ پاسكىنىلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) دارا قۇتنىي ۋە بەززاز رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئۈچىنچى مەزھەپ: ئىنسانىنىڭ سپېرمىسى پاسكىنا، بىراق ئۇنى قۇرۇپ قالغان بولسا ئۇۋۇلاپ ئۇنىڭ كىيىمدىكى ئەسىرىنى يوق قىلىۋەتسە، كىيىم پاك بولىدىغان نەرسە دېگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەبۇ ھەنىفە باشچىلىقىدىكى ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئۆلىمالىرىدۇر.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى سپېرمىنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىدە ئوخشاش قاراشقا ئىگە.

## سپېرما يۇقۇپ قالغان كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇش مەسىلىسى

ئىسلام فىقھشۇناسلىرى بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك ئىختىلاپلاشقان:

1. كىيىم ياكى بەدەنگە يۇقۇپ قالغان سپېرمىنى يۇيۇۋېتىش ئەۋزەل. ئەمما يۇيۇۋەتمىسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. ئۇنتۇپ قالغان ياكى ئېسىدە بار تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ شافىئىي، مالىكىي، زاھىرىي مەزھەپلىرىنىڭ رەيى.

2. سپېرما ھۆل ھالىتىدە يۇيۇلىدۇ، ئەگەر قۇرۇپ قالغان بولسا ئۇۋۇلاپ ئەسەرى يوق قىلىنىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىنىڭ بەزى ئۆلىمالىرىنىڭ رەيى.

3. سپېرما يۇقۇپ قالغان كىيىم ياكى بەدەننى مەيلى قۇرۇپ قالغان بولسۇن، مەيلى ھۆل بولسۇن، سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكىزلاش پەرزدۇر. پاكىزلىماستىن ئوقۇلغان نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم كېلىدۇ. بۇ مالىكىي مەزھەپىنىڭ رەيى.

بۇ مەسىلىدە، شافىئى، مالىكىي ۋە زاھىرىي مەزھەپلىرىنىڭ رەيىنى ھازىرقى زامانىنىڭ كۆپ ساندىكى ئۆلىمالىرى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ.

## ھايۋانلارنىڭ سىيپىرمىسى

ھايۋانلارنىڭ سىيپىرمىسىنىڭ پاكىزلىقى ياكى پاسكىنىلىقى توغرۇلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۈچ مەزھەپكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىمام نەۋەۋىي بۇنى مۇنداق بايان قىلغان:

1. ئىت بىلەن چوشقىدىن باشقا پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ سىيپىرمىسىنى پاكىزدۇر. بۇ ئادەمنىڭ سىيپىرمىسىگە ۋە تۇخۇمغا قىياس قىلغان ھۆكۈم.

2. جىمى ھايۋانلارنىڭ سىيپىرمىسى پاسكىنا.

3. گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ سىيپىرمىسى پاكىز، گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋاننىڭ سىيپىرمىسى پاسكىنىدۇر[1].

---

(1) ئىمام نەۋەۋىينىڭ«المجموعة» (توپلام) ناملىق ئەسىرىدىن.

# جىنسىي ھەۋەسنىڭ نورمالسىزلىقى ۋە ئېھتىلام

## جىنسىي ھەۋەسنىڭ نورمالسىزلىقى

كىشىلەرنىڭ جىنسىي كۈچى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ جىنسىي شەھۋىتى ئارتۇق بولىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ نورمال ۋە بەزىلەرنىڭ كەم كېلىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشىسى نورمال بولغىنىدۇر. نورمال جىنسىي كۈچكە ئىگە كىشى ـ ئايالىغا ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم يېقىنلاشسا ھېچقانداق چارچاش ھېس قىلمايدىغان كىشىدۇر. سېپىرما ـ ئىنسانىنىڭ جىسمى ۋە ئەقلى ئۆچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ماددىدۇر. ئۇنى ئاسراش كېرەك. ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش جىنسىي ھەۋەستە بىر خىل ئەمەستۇر. بەلكى ئاياللارنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرى ئەرلەرگە نىسبەتەن قىسمەن ئاز بولىدۇ.

ئايالنىڭ جىنسىي كۈچى ۋە ھەۋىسى ئادەت كۆرۈش، تۇغۇت، بالا ئېمىتىش ۋە قاتتىق چارچاشلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاجىزلىشىپ، كۈچىيىپ تۇرىدۇ. ئەرلەر ئاياللىرىنىڭ بۇ خىل نورمالسىز مىجەزلىرىنى ئاڭلىق چۈشىنىشى ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ئايالنىڭ مىجەزى ياخشى بولالماي قالغان ۋاقىتلاردا ئېرىنىڭ ھەۋەسگە قىزىقمايدۇ. ئەمما مىجەزى ياخشى بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا ئېرىنىڭ ھەۋەسگە تىزلا ماسلىشىدۇ. ئايالىنىڭ بۇخىل ئۆزگىرىشچان مىجەزىنى توغرا چۈشەنمىگەن كىشى ئايالىنى يامان گۇمان قىلىدىغان ياكى ئايالىدىن رەنجىپ قالىدىغان كەيپىياتلاردا بولۇپ قالىدۇ. بۇ، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە ئەلۋەتتە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

ئەرلەرمۇ بەزىدە، ئايالىغا قارىتا ھەۋەسسىز ۋە ھېسسىياتسىز بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئۆزلىرىنى جىنسىي ئالاقىنى بېجىرىشتىن ئاجىز

كەلگەنىدەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال كېسەللىكتىن ياكى جىنسىي ئاجىزلىقتىن بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ئەرنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، كۆڭۈلسىزلىك، غەم - قايغۇ، خاتىرجەمسىزلىك قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. ئەمما بۇخىل ئەھۋال ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. بەلكى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئەر ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا، ئەر تۇيۇقسىزلا جىنسىي ئالاقىنى بېجىرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭدىكى جىنسىي ئاجىزلىق ياكى جىنسىي كېسەللىك ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بېجىرىشتىن ئاجىز كېلىشى يېڭى ئايالىدىن خىجىل بولغانلىقتىن ياكى ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقتىن ۋە ياكى بۇ ئايالى بىلەن ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ ھىد - بويىدىن ياكى باشقا تەرەپلىرىدىن نەپرەتلەنگەنلىكىدىن ياكى ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا ماسلاشماستىن، ھېسسىياتسىز بولىۋالغانلىقىدىن ۋە ياكى ئايالى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنى بىئارام قىلىپ قويغانلىقتىن بولىدۇ. دېمەك، بۇ خىل ئەھۋال پەقەت ئايالىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئەرنى جىنسىي تەرەپتىن ئاجىز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ ئاجىزلىق ئەمەس. بەلكى بۇ شۇنداق ۋاقىتلىق ئۆزگىرىش بولۇپ، كېيىن ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

## ئېھتىلام

ئېھتىلام - ئەر - ئايالالاردىن ئىختىيارسىز ھالدا سېپېرمىنىڭ شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىشى دېگەنلىك بولۇپ، كۆپىنچە، ئۇخلاۋاتقانىدا چۈش كۆرۈش ئارقىلىق، گاھىدا چۈش كۆرمەستىنمۇ يۈز بېرىدۇ. گاھىدا ئويغاق ۋاقىتتىمۇ قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئېھتىلام ــ كىچىك ئوغۇل ــ قىزلاردا بالاغەتكە يەتكەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئېھتىلام بولغان كىشى ئۇچۇن غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ. كىشى ئەگەر چۈشىدە ئېھتىلام بولغىنىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىن كېيىن، كىيىمىدە ياكى ئەۋرەت جايلىرىدا سپېرمىنىڭ ئىزىنى كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا غۇسلى قىلىش لازىم كەلمەيدۇ. ئېھتىلام ئاساسەن، ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى جىنسىي خىياللارنىڭ سەۋەبىدىن ياكى دۈم يېتىپ قالغانلىقتىن ۋە ياكى قاتتىق توڭۇپ كەتكەنلىكتىن، گاھىدا سوغۇق ئېشىپ، مىجەز ئۆزگىرىپ قالغانلىقتىن بولىدۇ.

# ئائىلىنىڭ مەسئۇللۇقى

ئائىلە بىر مەسئۇلدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئائىلىدە، ئائىلە ئەزالىرىنى باشقۇرۇش، ئۇلارغا يول كۆرسىتىش، نەسىھەت قىلىش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا بىر مەسئۇلنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئىنسانلار ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولۇپ، ئۇلار ھەر ۋاقىت جەمئىيەت (ياكى جامائەت) ھاياتىدا ياشاشقا مۇھتاجدۇر. ئىنسانلار جەمئىيىتى يۇقىرىسى دۆلەت، كىچىكى ئائىلىدىن ئىبارەت چوڭ ـ كىچىك مۇئەسسەسەلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ مۇئەسسەسەلەر چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، بۇلارغا يولباشچى بولىدىغان بىر مەسئۇل رەئىسنىڭ بولۇشى تەبىئىي زۆرۈرىيەت ۋە ئىلاھىي پىرىنسىپتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئۈچ كىشى بىرگە سەپەرگە چىقسا، ئۇلاردىن بىرى ئۇلارغا مەسئۇل بولسۇن»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

قۇرئان كەرىم ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان رەئىس توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿ الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ﴾يەنى ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾[2].

چۈنكى، ئەر ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش، ئائىلە ئەزالىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە تەربىيىلەش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

(2) نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت

ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئايەت، ئەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئۇنى ئائىلىنىڭ رەئىسى بولۇشقا تاللايدۇ. بىراق بۇ ئايەت، ئەرنىڭ ئائىلە باشلىقى بولۇپ تاللىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئايالدىن پەرقلىق بولغان تەرەپلىرىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلمىغان. بىز بۇ ئايەتكە ئاساسلانغان ۋە ئۇنىڭ روھىغا ئەگەشكەن ھالدا، ئەر بىلەن ئايالنىڭ يارىتىلىشىدىكى تەبىئىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئەردە تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرىمىز:

1. ئەر ھاياتلىق كۈرۈشىگە كىرىشتە ۋە ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئايالغا نىسبەتەن تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن كۈچلۈك ۋە ئىقتىدارلىقتۇر.

2. ئەر ئايالغا نىسبەتەن ئەقىل ـ ئىدراكلىق، سوغۇق قانلىق ۋە سەۋرچان كېلىدۇ. ئومۇمەن، ئايال جىنسىنىڭ ئەر جىنسىغا نىسبەتەن ئەقىل ـ ئىدراك، چىدام ۋە كۈچ جەھەتتە يېتەرسىز ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بىر رېئاللىقتۇر. بەزى ئاياللارنىڭ بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئەقىللىق ۋە ئىدراكلىق بولۇشى قىسمەن بىر ھالەت بولۇپ، بۇ يۇقىرىقى سۆزىمىزگە زىت كەلمەيدۇ.

3. يالغۇز بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى ئۆتمەيدۇ. بەلكى ئىككى ئايال بىر ئەرنىڭ ئورنىدا گۇۋاھلىقتا تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:﴿ فَإِنْ لَمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّنْ تَرْضَوْنَ مِنَ الشُّهَدَاءِ أَنْ تَضِلَّ إِحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الْأُخْرَى﴾يەنى ﴿ئەگەر ئىككى ئەر كىشى بولمىسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) ئىشىنىدىغان كىشىلەردىن بىر

ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ﴾[1].

4. ئاياللار بەش ۋاقىت نامازلىرىنى مەسجىدتە ئوقۇشقا بۇيرۇلمىغان. بۇھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللىڭ ئۆز ئۆيىدە ناماز ئوقۇغىنى، مەسجىدتە ئوقۇغىنىدىن ئەۋزەلدۇر»[2].

بۇ ھەدىس، ئاياللارنىڭ مەسجىدتە ناماز ئوقۇشلىرىنى مەنئى قىلىشنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكى ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى مەشغۇلاتلىرىنىڭ كۆپلىكىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن، ئۇلارغا ئەرلەرگە ئوخشاش كۆپ ئىبادەتلەرنى بۇيرىمىغان. چۈنكى ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئۆي ئىشلىرىمۇ ئىبادەتتۇر. ئەگەر ئۇلارغا ئەرلەرگە ئوخشاش جۈمە ئوقۇشنى پەرز قىلغان ۋە بەش ۋاقىت نامازنى مەسجىدتە ئوقۇشقا بۇيرۇلغان بولسا ئىدى، كۆپىنچە ئاياللار بۇلارنى ئىجرا قىلالماي گۇناھكار بولغان بولاتتى. مانابۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئادىللىقى ۋە ئاياللارغا كۆرسەتكەن شەپقىتىدۇر.

5. ئايالغا جۈمە نامىزى پەرز ئەمەستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «جۈمە نامىزى ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە جامائەت بىلەن ئادا قىلىش پەرزدۇر. پەقەت قۇل، ئايال، كىچىك بالا ۋە كېسەل كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر»[3].

ئاياللارغا جۈمە ئوقۇشنىڭ پەرز بولمىغانلىقى ئۇلارنى جۈمە

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 282 - ئايەت

(2) ئەھمەد ۋە تەبەراني رىۋايىتى

(3) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

ئوقۇشتىن مەنئى قىلىش دېگەننى ئىپادىلىمەيدۇ. گەرچە ئاياللارغا جۈمە نامىزى پەرز قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن جۈمە نامازلىرىنى ئوقۇسا، بۇنىڭ ساۋابى ئەرلەرنىڭكىدىن ھېچ كەم بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

6. ئەر ئادىل بولۇش شەرتى بىلەن بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلىيالايدۇ. ئەمما ئايال ئۇنداق ئەمەس، ئۇ پەقەت بىر ئەرنىڭ زىممىسىدا بولىدۇ.

7. ئايالنى تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەرنىڭ قولىدا بولۇپ، ئايالدا ئېرىنى تالاق قىلىش ھوقۇقى يوق. ئەمما ئەر بۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئايالىغا زۇلۇم قىلسا ياكى ئايالى ئايرىلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئۇنى تالاق قىلمىسا شەرىئەت مەھكىمىسى ئۇنى مەجبۇرى تالاق قىلدۇرىدۇ ۋە ئەرگە زوراۋانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

8. ئايال مەھرەمسىز ياكى ئىشەنچلىك، ديانەتلىك ئايال گۇرۇپپىسىغا قوشۇلماستىن، ئۆزى يالغۇز ھالدا، ئۈچ كۈنلۈكتىن كۆپ مۇساپىلىك بولغان سەپەرگە چىقالمايدۇ.

## ئەرلەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئارتۇقچىلىقى

ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە ئۇنى باشقۇرۇپ، ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان بىرەر باشلىقنىڭ بولۇشى تەبئىي زۆرۈرىيەتتۇر. ئائىلىمۇ جەمئىيەتنىڭ بىر تەركىبى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىگە مەسئۇللۇق قىلىدىغان بىرەر مەسئۇلنىڭ شۇ ئائىلىدە بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. تەبىئىيكى، بۇ مەسئۇللۇققا ئەرلەر ئاياللارغا نىسبەتەن لاياقەتلىكتۇر. چۈنكى، ئەرلەر ئەقىلدا ئارتۇق، جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار ئائىلە ئىشلىرىنى تەمكىنلىك بىلەن باشقۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ

ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ﴾يەنى ﴿ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە﴾[1]، ﴿ الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ﴾ يەنى ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾[2].

دېمەك، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن بىر دەرىجە ئارتۇق ئىكەنلىكىگە ۋە ئائىلىنى ھىمايە قىلىپ، ئىدارە قىلىشتىكى مەسئۇلىيىتىنى ھېچ كىشى ئىنكار قىلالمايدۇ. ھەقىقەت شۇنداق ئىكەن، ئاياللارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان پۈتۈن ئىشلاردا ئەرلىرىنىڭ خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى خوجايىن، ئاياللىرىنى بولسا، خىزمەتچى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارنى ھەدەپ خارلايدىغان، ئۇرۇپ تىللايدىغان ئەرلەر ھەقىقەتەن نادان ھەم ئاڭسىز كىشىلەردۇر. ئۇلار ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقىدۇ. چۈنكى ئاياللارغا قارشى ھوقۇقلىرىنى ئۆز يولىدا توغرا ئىشلەتمىگەن ئەر ئايالىغا زولۇم قىلغان بولىدۇ. كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ.

ئەرلەرنى ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇق دېگەنلىك، ئۇلارنى ھۆرمەت ۋە خوجايىنلىق جەھەتتە ئارتۇق دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئادەم باللىرى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىدا، ئىنسانىي ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەتتە ئوخشاشتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن ھۆرمەت ۋە خوجايىنلىقتا ئەر - ئايال ئىككىسى ئوخشاشتۇر.

(1) بەقەرە سۈرىسى228ـ ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت

پەقەت ئەرلەر يارىتىلىشىدىكى بەزىبىر پەرقلىق تەرەپلىرى، ئەقىل ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىر قەدەر ئارتۇقچىلىقى تۈپەيلىدىن مەسئۇلىيەتلەرنى كۆتۈرۈشتە ئاياللاردىن ئارتۇق دېگەنلىكتۇر. بۇ ئارتۇقچىلىقنىڭ يۈزىسىدىن ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرى دېيىلگەن ۋە ئائىلىنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيەتلىرى ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان. شۇڭدەك، ئەرنى ئائىلىنىڭ مەسئۇلى ۋە باشلىقى دېگەنلىكمۇ ئۇنىڭ ھاكىمۇتلەق بولۇۋېلىشىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئەر ئائىلىدە ھاكىمۇتلەق ئەمەس، بەلكى ئائىلە ئەزالىرىغا يول كۆرسەتكۈچى رەئىس، خالاس. شۇنداقتىمۇ ئۇ، ئاياللىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ توغرا پىكىر ۋە مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتالمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئائىلە گۈللىنىدۇ. ئاياللارغىمۇ ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا مەسئۇلىيەتلەر بەلگىلەنگەن. لېكىن ئەرلەرنىڭ يۈكى ئېغىردۇر، ئەلۋەتتە.

## ئاياللىنىڭ ئېرىگە بويسۇنۇشى ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن مۇھىم

ئايال تۇرمۇشقا چىقىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدە ۋە ئۇلارنىڭ ئىگدارچىلىقىدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەر ئىشتا ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم. ئەمما تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىن ئۇنى پەرۋىش قىلىش، قوغداش ۋە ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭ ئېرىنىڭ زىممىسىغا ئۆتكەن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئاياللىنىڭ ئېرىنىڭ توغرا قارارىغا بويسۇنىشى، ئاتا ـ ئانىسىغا بويسۇنۇشىدىن زۆرۈر ۋە ئەۋزەلدۇر. ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ پەتىۋاسىدا «ئەرنىڭ توغرا ئىشىغا ياكى ھەق سۆزىگە، ئاياللىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قارشى چىقىپ، قىزىنىڭ قولىقىنى تولغاپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە بويسۇنۇشقا زورلىسا، بۇ ۋاقىتتا ئايال ئاتا ـ ئانىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئېرىنىڭ توغرا سۆزىگە كىرىشى لازىم» دەپ قەيت قىلىنغان. چۈنكى ئاياللىنىڭ ھەق ئىشتا ئېرىگە

بويسۇنغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتقانلىقىقا ياتىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ھەقىقىي ياخشى ئاياللارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا ئېرىنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان، ئۇنىڭ ئابرويىنى، مال - دۇنياسىنى، بالىلىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئاياللار ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلماقتا. قۇرئان ئۇلارنى تەرىپلەپ ۋە مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ فَالصَّالِحَاتُ قَانِتَاتٌ حَافِظَاتٌ لِلْغَيْبِ بِمَا حَفِظَ اللَّهُ﴾يەنى ﴿ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر﴾[1].

ياخشى ئايال ئېرىنى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى، ئۆزىدىن ۋە ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ. بۇ ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىزگە ياخشى ئۈلگىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكى بىر كۆڭۈلسىزلىك سەۋەبلىك ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەرنى ياكى ئاتا - ئانىسىنى تاللىشى مەسىلىسىدە، ئۇنى ئاتا - ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرىغاندا، ئۇ «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىز توغرۇلۇق مەن ئاتا - ئانامدىن مەسلىھەت سورامدىمەن؟ سىز مېنىڭ كۆز قارچۇغۇم تۇرغان يەردە، مەن ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تاللىدىم» دەيدۇ.

بىر كۈنى ئەبۇ سۇفيان قىزى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى)

---

(1) نىسا سۈرىسى 34 - ئايەت

ئۇممە ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇزاق ئايرىلىشتىن كېيىن، كۆرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ، لېكىن قىزى ئۇنىڭغا ئۆيىگە كىرىشكە ئىجازەت بەرمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئەبۇ سۇفيان ئۆزىچە كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرىدىغان مەخسۇس كۆرپىدە ئولتۇرۇشقا ئىنتىلگىنىدە، ئۇممە ھەبىبە كۆرپىنى دەرھال ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇسۇفيان ئەجەبلىنىپ: «ئەي قىزىم، كۆرپىنى مەندىن تارتىۋېلىشىڭىز مېنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇمغا لايىق بولمىغانلىقىمدىنمۇ ياكى كۆرپىنىڭ ماڭا لايىق ئەمەسلىكىدىنمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇممە ھەبىبە:«سىز ــ مۇشرىك(بۇتپەرەست) ئادەمسىز، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرپىسى، شۇڭا سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشىڭىزنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئىسلام دىنى مۇندىن باشقا يەنە، ئاياللارغا ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۆيلىرىدە بار ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلى روزا (يەنى پەرز، ۋاجىب بولمىغان، بەلكى قىلسا ساۋاپ بولىدىغان ئىختىيارى روزا) ۋە باشقىمۇ نەپلى ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئۆگەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ (ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا) ئېرىنىڭ توغرا خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىشىمۇ ساۋابلىق ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر ئايال، ئېرى ئۇنىڭدىن رازى بولغان ھالدا

ئۆلىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ»[1].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر ئادەم سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئايالىغا ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىپ كېتىپ قالىدۇ، بۇ ئادەم سەپەردىن قايتىپ كەلگىچە، ئايالىنىڭ دادىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالىدۇ، بۇ ئايال ئېرىنى كۈتۈپ باقىدۇيۇ، ئېرى قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، رەسۇلۇللاھتىن دادىسىنى يوقلاپ كېلىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭ، ئېرىڭىزنىڭ تەۋسىيەسىگە خىلاپلىق قىلماڭ، دەپ رۇخسەت بەرمەيدۇ. ئايال يەنە ئېرىنى كۈتىدۇ. بۇ ئارىدا دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى كېلىدۇ. ئايال يەنە رەسۇلۇللاھتىن دادىسىنىڭ ئۆلۈم مۇراسىمىگە بېرىپ كېلىشى ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ يەنە ئۇنىڭغا «ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭ، ئېرىڭىزنىڭ تەۋسىيەسىگە خىلاپلىق قىلماڭ» دەپ تەسەللى بېرىدۇ. ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ دادىسىنىڭ ئۆلۈم مۇراسىمىگە بارمايدۇ. شۇ ئەسنادا ئاللاھ تائالادىن پەيغەمبەرگە، «بۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ سۆزىدىن چىقمىغانلىقى يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىندى» دەپ ۋەھيى كېلىدۇ.

بۇ ھەدىستىن بىلىمىزكى، ئايالنىڭ ئېرىگە ھۆرمەت قىلىشىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت سانىلىدىغانلىقى ۋە قىزلىرىنى ئىتائەتچان، ياخشى قىلىپ تەربىيىلىگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ مېھنەتلىرىنىڭ

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

مۇكاپاتىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. بۇنداق ئاتىلار نېمە دېگەن بەختلىك ئاتىلار، ھە!

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى. ئايالنىڭ ئېرىگە بويسۇنۇشى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلار دائىرىسىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئېرى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ياكى پەرز، ۋاجىب قاتارلىق ئەمەللەرنى تەرك ئېتىشكە بۇيرىسا، ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنماسلىقى لازىم. قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسىمۇ گۇناھ بولمايدىغان نەپلى ئىبادەتلەرنى ئېرىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن تەرك ئەتسە بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا بەندىگە بويسۇنۇشقا بولمايدۇ.»

ئەمما نەپلى ئىبادەتلەرنى ئۆز ئىختىيارى ياكى بىراۋنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تەرك قىلغان كىشى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان ھېسابلانمايدۇ. نەتىجىدە گۇناھكار بولمايدۇ.

## ئەر ئائىلىدە مۇتلەق قارار ئىگىسى ئەمەس

بۇ ماۋزۇدىن يۆتكىلىشتىن ئاۋۋال شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئەر گەرچە ئائىلىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا يول كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بىر ئائىلە رەئىسى بولغان بولسىمۇ، ئائىلە ئىشلىرى ھەققىدە، ئايالىنىڭ كۆز قارىشىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەر ئىشنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭ توغرا پىكرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشتىن باش تارتالمايدۇ. چۈنكى ئائىلە ـ ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ مېھنىتى بىلەن قۇرۇلغان بىر مۇئەسسەسە. ئەر بۇ مۇئەسسەسەنىڭ باشلىقى بولغان بولسا، ئايالمۇ ئۇنىڭ مۇئاۋىنى

باشلىقى ۋە باشلىقىنىڭ سىردىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياردەمچىسىز باشلىق قاناتسىز قۇشقا ئوخشىسا، باشلىقسىز مۇئەسسەسە چوپانسىز پادىغا ئوخشايدۇ. قاناتسىز قۇش ئۇچالمىغاندەك، چوپانسىز پادىمۇ بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ۋەيران بولىدۇ. دېمەك، ئائىلە ئىشىدا ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنىڭ ياردىمىدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ئەرنىڭمۇ ئايالىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە پىكرىنى ئېلىشى زۆرۈردۇر.

# ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەرلىكى

بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنى ھەق يولدىن ئازدۇرۇش مەقسىتىدە قەستەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئەقىدە — ئىخلاسى ئاجىزلىشىپ قايمۇقۇپ قالماقتا. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىپلەردە چۈشىنىشلىك ھالدا تولۇق ئىزاھلانغان. بىز بۇ مەسىلىنى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىرئاز تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى يوقتىن بار قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان يېگانە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىن بولغاچقا، ئۇنىڭ قانۇن - پىرىنسىپلىرىدا ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى تەبىئىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا ئىسلام دىنىنى ئەقىلغا مۇۋاپىق، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان ھەق دىن، دەپ تونۇيمىز. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئىنسان ۋە باشقىمۇ مەخلۇقاتنى ئەركەك - چىشى قىلىپ ياراتتى. ئەر - ئايال ئىككى جىنسنىڭ تەبىئىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغىنىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر بىر جىنسنىڭ ئۆزىگە لايىق خوسۇسىيىتى ۋە ھاياتلىقتا ئوينايدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رولى بار. شۇنداق ئىكەن، ئىسلام قانۇن — پىرىنسىپلىرىدىمۇ ئەر - ئايال ئىككى جىنسنىڭ باراۋەر بولىدىغان ۋە باراۋەر بولالمايدىغان يەرلىرىمۇ باردۇر.

## ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولىدىغان مەسىلىلەر

تۆۋەنــدە، ئەر بىــلەن ئايــال بــاراۋەر بولــدىغان مەســىلىلەردىن ئىخچاملىغان ھالدا 9 مەسىلە بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1. ئەر بىــلەن ئايــال ئىنســانلىق خۇسۇســيەتلىرىدە ۋە ئىنســانلىق ھــۆرمەتتە ئوخشاشــتۇر. ئــاللاھ تائــالا ئەر - ئايــال پۈتــۈن ئىنســانلارنى ھۆرمەتلىــك ياراتقــانلىقى ھەققىــدە مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾يەنى ﴿ھەقىقەتەن بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق﴾[1].

2. ئەر بىــلەن ئايــال ئىســلام شــەرىئىتىدە بۇيرۇلغــان ئەمەل - ئىبـادەتلەرنى بەجـا كەلتۈرۈشـكە تەكلىـپ قىلىنىشـتا ئوخشاشـتۇر. يەنـى ئەرگە پەرز بولغـان بەش ۋاقىـت نامـاز، روزا، زاكـات ، ھەج، بىلىـم ئېلىش ۋە باشـقىمۇ ئىبـادەتلەر ئايالغىمۇ ئوخشاشـلا پەرزدۇر. شـۇنداقلا ئۇلارنىـڭ قىلغـان - ئەمەل - ئىبـادەتلىرىگە بېرىلىـدىغان مۇكاپـاتلارمۇ ئوخشـاش بولىدۇ. ئاللاھ تائـالا بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ أَنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى﴾ يەنــى﴿مەن ســىلەردىن ئەر بولســۇن ، ئايــال بولسـۇن ھەرقانـداق بىـر ياخشـى ئىـش قىلغۇچىنىـڭ قىلغـان ئەمەلىنـى بىكار قىلىۋەتمەيمەن﴾[2].

3. ئەر بىلەن ئايـال ئىسلام شـەرىئىتىدە مەنئـى قىلىنغـان ئىشلاردىن توسۇلۇشتا ئوخشاشتۇر. يەنـى قۇرئـان كەرىمـدە ۋە سـەھىھ (ئىشـەنچلىك) ھەدىسـلەردە مەنئـى قىلىنغـان ئىشـلاردا ئەر بولسـۇن، ئايـال بولسـۇن

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 70 - ئايەت

(2) ئال ئىمران سۈرىسى195- ئايەت

ھەممىسى بىردەك مەنئى قىلىنغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَمَنْ جَاءَ بِالسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَى الَّذِينَ عَمِلُوا السَّيِّئَاتِ إِلَّا مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ يەنى﴿كىمكى (يەنى ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن) يامان ئىش قىلىدىكەن، يامان ئىش قىلغانلارغا پەقەت قىلغان ئىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ﴾[1].

4. ئەر بىلەن ئايال قىساستا ئوخشاشتۇر. يەنى بىر ئەر بىر ئايالنى ھەقسىز ئۆلتۈرگەن بولسا بۇ ئەر ئۆلتۈرۈلگەن ئايال ئۈچۈن ئۆلتۈرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر بىر ئايال بىر ئەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇ ئايالمۇ شۇ ئەر ئۈچۈن ئۆلتۈرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِصَاصُ فِي الْقَتْلَى الْحُرُّ بِالْحُرِّ وَالْعَبْدُ بِالْعَبْدِ وَالْأُنْثَى بِالْأُنْثَى ﴾ يەنى﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەرئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ﴾[2].

يۇقىرىقى ئايەتتە بايان قىلىنغان «مۆمىنلەر» دېگەن سۆز ـ ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق مۆمىن كىشىلەرگە قارىتىلغان.

5. ئەر بىلەن ئايال ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشكە بۇيرۇلۇشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇغاندا، ئەر بىلەن ئايالنى ئايرىماستىن، ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش

---

(1) قەسەس سۈرىسى 84 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 178 ـ ئايەت

بۇيرۇغان. بۇ مەسىلە، قۇرئان كەرىمدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرغان ئايەتلەردە ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر»[1].

ئەلۋەتتە، بۇ ئورۇندىكى «ئۆگىنىش» دىنىي ئىلىملەرگىلا قارىتىلماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىن ۋە ئەخلاققا خىزمەت قىلىدىغان پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنىڭ ھەممىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

6. ئەر بىلەن ئايال مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدا ئوخشاشتۇر. يەنى ئەر مال - مۈلۈككە قانداق ئىگە بولالىسا، ئايالمۇ مال - مۈلۈك ساھىبى بولۇشقا ۋە ئېرىدىن مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەشكە ھوقۇقلۇقتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا اكْتَسَبُوا وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِمَّا اكْتَسَبْنَ﴾يەنى ﴿ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ﴾[2].

7. ئەر بىلەن ئايال مىراس ئېلىش ھوقۇقىدا ئوخشاشتۇر. يەنى ئەرلەر مىراس ئالغاندەك، ئاياللارمۇ مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق:﴿ لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ

(1) بۇخارى رىۋايىتى
(2) نىسا سۈرىسى 32 - ئايەت

وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنْهُ أَوْ كَثُرَ نَصِيبًا مَفْرُوضًا﴾يەنى ﴿ ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ئادەم بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ ﴾[1].

8. ئەر بىلەن ئايال ئۆزلىرىگە ئائىت بولغان مال ـ مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئۆز مۈلكىنى خالىغانچە قوللىنىش، ئېلىش ۋە سېتىش ئىشلىرىدا ئەر بىلەن ئايال ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا ﴾يەنى﴿ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى﴾[2].

يۇقىرىقى ئايەت ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا سودا ـ سېتىقنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

9. ئەر بىلەن ئايال نىكاھلىنىش ھوقۇقىدا ئوخشاشلا ئەركىنلىككە ئىگە. يەنى ئەرلەر ئۆزلىرى خالاپ، ياخشى كۆرگەن ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغاندەك، ئاياللارمۇ ئۆزلىرى خالاپ، ياخشى كۆرگەن ئەرلەرگە ياتلىق بولۇش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

ئىسلام شەرىئىتىدە ئوغۇل ـ قىزلارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاش يوقتۇر.

---

(1) نىسا سۈرىسى 7 ـ ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى 275 ـ ئايەت

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ:« چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار»[1].

## ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولالمايدىغان مەسىلىلەر

تۆۋەندە، ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولالمايدىغان مەسىلىلەردىن ئىخچاملىغان ھالدا، 4 مەسىلە بايان قىلىنىدۇ:

### 1. ئىدراە قىلىش

ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇقاتتۇر. يەنى ئۇلار ئۆزى يالغۇز ياشىيالمايدىغان، بەلكى مەلۇم مىقداردىكى ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان جىنىستۇر. ئىنسانلار بىرگە توپلىشىپ ئىجتىمائىي ھالدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، بىر - بىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش ئىشلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، چوڭ دۆلەت - ھۆكۈمەت، ئەڭ كىچىك ئائىلە قاتارلىق ھەرخىل ئىدارە، ئورگانلارنى قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇش ئىشى ئادەتتە ئەڭ قىيىن ۋە ئېغىر مەسىلىدۇر. ئىنسانلارنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ سوغۇققان، مۇستەھكەم ئىرادىلىك، بەزى ھاللاردا كەسكىن بولىشى تەقەززا قىلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ سۈپەتلەر ئاياللاردا ئاز تېپىلىدۇ. چۈنكى، ئاياللار يارىتىلىشىدىنلا كۆڭلى يۇمشاق، ھېسسىياتچان ۋە تېز ئۆزگىرىدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئادەم باشقۇرۇشنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىدىن چىقىشتىن كۆپ ھاللاردا ئاجىز كېلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى ئاياللارنى

(1) بۇخارى رىۋايىتى

ئاسرىغانلىقتىن، بۇنداق ئېغىر يۈكلەرنى ئەرلەرگە تاپشۇرىدۇ. ھەتتا كۆپىنچە ئاياللار ئائىلىسىنىمۇ مۇستەقىل ئىدارە قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. گەرچە بەزى ئاياللار ۋاقىتلىق ئىدارە قىلالىسىمۇ، ئۇلار قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇ مەسىلە كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر زامان كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر رېئاللىقتۇر.

## 2. گۇۋاھلىق

گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر مەسىلىدە ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر كېلىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ناھەقچىلىككە يول قويماسلىق ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىدى.

چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىدە ھەر كىشىگە ئۆز ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەرقانداق ھەقسىزلىك يۈزبەرسە ، ئۇنىڭ قانداق يۈزبەرگەنلىكىنى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىكنىڭ پۈتۈن جەريانى گۇۋاھچىلاردىن سورىلىدۇ. بۇنداق ئىنچىكە مەسىلىلەردە بىر ئەرنىڭ ئورنىغا ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى كېرەك بولۇشىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاياللار جىسمانىي جەھەتتىن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئاجىز بولغانلىقتىن ۋەقەلىكنى ئۇزاقتىن كۆزىتىدۇ. شۇڭا بىر ئايالنىڭ پۈتۈن ۋەقەلىكنى تەپسىلى كۆرەلىشى ۋە ئۇنى باشتىن ئاخىر تولۇق بايان قىلىپ بېرەلىشى قىيىن مەسىلە. ئەمما ئىككى ئايال بولسا، بىرىنىڭ كۆرمىگىنىنى ئىككىنچى بىرسى كۆرىدۇ، بىرىنىڭ ئۇنتۇپ قالغىنىنى ئىككىنچى بىرسى خاتىرلىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ئايال گۇۋاھچى بىر ئەرنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

(2) ناھەق ئىش قىلغۇچىغا جازا بېرىشتە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشقا بولمايدۇ. جىنايەتچىگە تېگىشلىك جازاسىنى قەتئىيلىك بىلەن قوللانمىغاندا جەمئىيەتتە ئامانلىق، دۆلەتتە ئادالەت بولمايدۇ. شۇڭا جىنايەتچىنى جازالاشتا قەتئىيلىك كېرەك. ئاياللار رەھىمدىل، كۆڭلى يۇمشاق ۋە ھېسسىياتچان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر بىر ئايال يالغۇز گۇۋاھلىق بەرگەندە جىنايەتچىگە ئىچ ئاغرىتىپ يالغان سۆزلىشى ياكى ۋەقەلىكنى مەجھۇل قىلىپ قويۇشى ئېھتىمال. ئەگەر ئىككى ئايال گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلارنىڭ بىرى كۆڭۈلچەكلىككە تەشەببۇس قىلغاندىمۇ، ئىككىنچىسى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ئاياللاردە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئەھۋاللاردۇر. شۇڭلاشقا، ئاياللار ھەرقانداق ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىدىكەن، ئىككى ئايال بىر ئەرنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَإِنْ لَمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّنْ تَرْضَوْنَ مِنَ الشُّهَدَاءِ أَنْ تَضِلَّ إِحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الْأُخْرَى﴾يەنى ﴿ئەگەر ئىككى ئەر كىشى بولمىسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) ئىشىنىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ﴾ [1].

## 3. مىراس

ساماۋىي دىنلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئادالەتنىڭ مەنبئى بولغان

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 282 ـ ئايەت

ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگىچىلىك، مەيلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بولسۇن، مەيلى باشقا ئەللەردە بولسۇن ھېچبىر يەردە ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلار ئۆزلىرى ئەرلەر تەرىپىدىن مىراس ئورنىدا قوللىنىلاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇ ھەقسىزلىكلەر تامامەن يوقىتىلىپ، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش مىراس ئېلىش ھوقۇقى دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئىسلام دىنىنىڭ مىراس قانۇنىدا بېكىتىلدى.كىشىلەرگە مىراس بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئاللاھ تائالا بىۋاستە ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، مىراس مەسىلىسى قۇرئان كەرىمنىڭ نىسا سۈرىسىدە ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا مىراس مىقدارى ھەققىدە ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىغا، ھەتتا پەيغەمبەرگىمۇ ئىجتىھاد قىلىش ھوقۇقىنى بەرمىگەن ھالدا، ئۇنى ئۆزى تەپسىلى بەلگىلەپ بەرگەن. شۇڭا مىراس مەسىلىسى توغرۇلۇق ئىسلام مەزھەپلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يوق.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بەزى كىشىلەر «ئىسلامدا ئاياللارغا ئەرنىڭ مىراسىنىڭ يېرىم ھەسسىسى بېرىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئەر ئايالغا ئوخشاش بېرىلمەيدۇ؟ بۇ، ئاياللارنى كەمسىتكەنلىك ئەمەسمۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش خاتا چۈشەنچىلەردە بولۇپ قالغان. ئەمما ئىسلام شەرىئىتىدىكى مىراس قانۇنىنى ئازراق ئويلاپ كۆرۈپ، توغرا پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەڭ ئادالەتلىك ۋە ئەڭ توغرا قانۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىسلامدىكى مىراس مەسىلىسى ئائىلە نىزامىغا باغلىق بىر مەسىلە. بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. بىر

ئائىلىدىكى ئايال ياكى شۇ ئائىلىدىكى ئەرنىڭ ئايالى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ قىزى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئانىسى بولىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بولىدۇ. زادى ئۇ، بۇ تۆت خىل ئايالنىڭ بىرى بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىنىڭ قىزى بولسا، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەك ، كىيىم - كېچەك ۋە باشقىمۇ پۈتۈن چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىنىڭ ئايالى(يەنى شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقىنىڭ ئايالى) بولسا، ئۇنىڭ چىقىملىرى «نەپىقە» دەپ ئاتىلىپ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ نەپىقەسىنى ئۆز لايىقىدا تولۇقلاپ بەرمىسە، ئايالنىڭ مەھكىمىگە بېرىپ ئېرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ھوقۇقى بار.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلە ئىچىدە ئانا بولۇپ يەنى شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرنىڭ ئانىسى بولۇپ ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن چىقىملىرى ئوغلىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرنىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى جورىسى ياكى بالىسى بولمىغانلىقتىن شۇ كىشىنىڭ رىئايىتى ئاستىدا تۇرغان بولسا، بۇ ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرى ئۇنىڭ شۇ ئوغۇل قېرىندىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئېرى يوق، ئوغلىمۇ يوق، ئاتىسىمۇ يوق، قېرىندىشى ھەم يوق ئايالنىڭ چىقىملىرى ئۇنىڭ تاغا ئاكىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تاغا ئاكىلىرىمۇ بولمىسا، بۇ ئايالنىڭ تۇرمۇشى مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن كاپالەتكە ئېلىنىدۇ.

بۇ يەردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىدىكى پۈتۈن

چىقىملىرى ئەرلەر تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۈستىگە باشقىلار ئۈچۈن چىقىم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈنمۇ چىقىم قىلىشلىرى لازىم كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنى ئەرلەر قامدايدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئەقلىمىز بىلەن ھۆكۈم قىلىمىز دېسەك ئاياللار مىراس ئېلىشقا تېگىشلىك ئەمەس. لېكىن ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ قەدرى قىممىتىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، ئۇلارغا مەلۇم مىقداردا مىراس بەلگىلىدى ھەمدە ئۇلارغا ئائىلىسى ياكى تۇغقانلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق چىقىم قىلىشنى بۇيرىمىدى.

ئەمدى ئەرلەرگە كەلسەك، ئوغۇل بالا قولى ئىشقا تەككەندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا ئاتىسىغا ياردەملىشىدۇ. ئېغىر ئىشلار ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئۇ ئۆيلىنىپ بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ نەپىقىلىرى(چىقىملىرى) يۈكلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئۆينىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىشى لازىم كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئاتىسى بولمىسا، ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى بېقىشى، ئاتا ـ ئانىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ياشىنىپ قالغان، كىرىمى يوق ھالەتتە بولسا، بۇلارنى ياخشى بېقىشى، بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى لازىم كېلىدۇ. دېمەك، ئائىلە ھاياتىدىكى بارلىق چىقىم ـ خىراجەتلەر قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، پەقەتلا ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ھەقىقەت بۇ ئىكەن، قايسى ئەقىل ۋە قايسى مەنتىق بىلەن ئاياللار بىلەن ئەرلەر تەڭ مىراس ئېلىشى كېرەك دېيەلەيمىز؟ قايسى ئادالەتلىك قانۇن ئۇلارنى تەڭ مىراس ئېلىشى كېرەك دېيەلەيدۇ؟ قايسىسى ئادالەتلىك بولىدۇ؟ــ تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىرى ئۈستىگە

يـۈكلەنگەن ئەرگە ئىككـى قىزلـىق مـىراس بېرىشـمۇ؟ يـاكى ئۇنىــڭ زىممىسـىغا ئاياللارنىـڭ چىقىملىرىنـى يـۈكلەش بىـلەن بىـرگە، ئۇنىڭغـا ئايال بىلەن تەڭ مىراس بېرىشمۇ؟

مەسـىلەن: بىراۋنىـڭ بىرقىـز، بىـر ئوغـۇل ئىككـى پەرزەنتـى بولغـان بولسـا، ئـۇ ئۆلگەنـدىن كېيىن، ئۇلارغـا 3000 يـۈەن نەق پـۇل مـىراس قالـدۇرغان بولسـا، ئۇنىـڭ 2000 نـى ئوغۇلغـا، 1000نـى قىزغـا بېرىلـىدۇ. 2000 يـۈەننى ئالغـان ئوغـۇل، ئـۇنى ئائىلىسـىنىڭ ــ ئـۆزى، ئايـالى ۋە بالىلىرىنىـڭ ئېھتىيـاجلىرى ئۈچـۈن قوللىنىـدۇ. مۇبـادا ئايـالى بىـلەن ئاجراشماقچى بولسا، قولـدىكى بـۇ 2000 يۈەننىـڭ 1000نـى ئايالىغا نەق بېرىـدۇ، چـۈنكى ئەرنىـڭ مۈلكىنىـڭ يېرىمـى ئايالىنىـڭ ھەققىـدۇر. ئۇمـۇ ئاتىسـىدىن 1000 يـۈەن يـاكى ئۇنىڭـدىن ئـاز يـاكى كـۆپرەكىنى مـىراس ئالغـان بولسـا، ئېرىـدىن ئالغـان 1000 يـۈەن بىـلەن قوشـۇلۇپ ئۇنىـڭ قولىغـا 2000 يـاكى ئۇنىڭـدىن ئـازراق يـاكى كـۆپرەك نەق پـۇل كىـرگەن بولىدۇ. ئەمدى، ئاتىسـىدىن 1000 يـۈەن مـىراس ئالغـان قىزغـا كەلسـەك، ئۇمۇ ئېرىدىن 1000 ياكى ئۇنىڭـدىن ئـازراق يـاكى كـۆپرەك مىقداردا نەق پۇل ئالغان بولسا، ئۇنىـڭ ئېرىشـكەن ئومـۇمى نەق پـۇلى 2000 ئەتراپىـدا بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايـاللار ئاتـا ـ ئانىسـىدىن مـىراس ئالغـان نەق پۇللىرىنى ۋە باشقىمۇ بايلىقلىرىنى ئائىلىسـى ئۈچـۈن چىقىـم قىلىشـقا بۇيرۇلغان ئەمەس، ئېرىنىـڭ ئـۇنى چىقىـم قىلىشـقا زورلاش ھەققـى يـوق، ئەلـۋەتتە. ئەگەر ئـۇ ئـۆز ئىختىيـارى بىـلەن ئېـرىگە ھەمكارلىشـىمەن دېگەن نىيەت بىـلەن بىـر قىسـىم ئىقتىسـادىنى ئائىلىسـىگە چىقىـم قىلسـا بـۇ ئۆزىنىـڭ ئىشـى. ئايـاللار مـىراس ئالغـان پـۇلىنى ئـۆز يېنىـدا بېسـىپ ياتالايـدۇ، ئەممـا ئەرلەر ئۇنـداق قىلالمايـدۇ. بەلكـى ئائىلىسـىگە چىقىـم قىلىشى لازىـم كېلىـدۇ. ئەمـدى ئـويلاپ باقـايلى، ئەمەلىيەتـتە قايسـى

كۆپ ئالغان بولىدۇ؟ ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟

### 4. تالاق

ساغلام ئائىلە ئاسايىشلىق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولغاچقا، ئۇ، ئائىلە قورۇپ جامائەت تەركىبىدە ياشاشقا ئېھتىياجلىقتۇر. ئىنسانلار تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، كۆندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا ھەمىشە بىر خىل تۇرمايدۇ. گاھىدا ئەر ــ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل ــ ماجىرالار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار ئازراق ئاچچىقلىرىغا ھاي بېرىپ، سەۋرچانلىق بىلەن تۇرمۇش ھاياتىنى خاتىرجەم ھالدا داۋام قىلدۇرۇشقا مۇھتاجدۇر. ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جېدەل ـ ماجىرالاردا بىرىنىڭ ئاچچىقى يېنىپ، ئۆزھالىغا كەلگۈچىلىك قارشى تەرەپنىڭ سەۋر قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، بىر دەملىك ئاچچىق تۈپەيلىدىن ئائىلە بۇزۇلىدۇ. ئاياللار ئادەتتە سەۋرسىز، ھېسسىياتچان كېلىدۇ. ئۇلار بەزىدە ئۆز ھېسسىياتلىرىنى باشقۇرالماي قالىدۇ. ئۇلار ئاچچىقى كەلگەندە، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىشىغا قارىماستىن، ئېغىزىنى قويۇۋېتىدۇ. ئەمما ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا، سەۋرچان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلار ئاچچىقى كەلگەندە، ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشنى بىلىدۇ ۋە ئېغىزىنى قويۇۋەتمەيدۇ. سەۋرى بىلەن ئاچچىقنى يۇتۇۋالايدۇ. نەتىجىدە، ئەر ــ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل ــ ماجىرالار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۇلار ئۆزئارا يارىشىۋالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلە پارچىلانماستىن داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئائىلە ئوچىقى داۋام قىلغاچقا باللارمۇ يېتىم بولمايدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ پەرىشان بولمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەرلەرگە بېرىلگەن.

شـۇنىمۇ ئەسـتىن چىقارماسـلىق لازىمكـى، ئائىلىنىـڭ باشـلانغۇچى بولغان نىكاھتـا ھوقـۇق ئايالنىـڭ قولىدىـدۇر. ئەگەر ئايـال ئـۆزى بىـلەن تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئەرگە رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا خوتـۇن بولۇشـنى «قوبـۇل قىلـدىم» دېمەيـدىكەن، ئەرنىـڭ ئـۇنى «ئالـدىم» دېگىنـى بېكـاردۇر. بـۇ مەسـىلىنى مۇشـۇنداق كەڭ دائىرىـدە چۈشـەنگىنىمىزدە، ئىسـلام دىنىنىـڭ ئەقىلغـا نەقەدەر مۇۋاپىـق، ئىنسـانىنىڭ فىترىتـى «تەبىئىتى» گە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

# ئەر ـ ئايال ئوتتۇرسىدىكى ئەدەپلەر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئەرلەرنى ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ فَإِنْ كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾يەنى ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار ، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلارمۇ، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى بولغانلىرىدۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى بولغان كىشىڭلارمەن»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. ئاياللار قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ قىڭغىر يېرى ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىدۇر. ئەگەر سىز ئۇنى بىراقلا تۈزلىمەكچى بولسىڭىز ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسىز. ئەگەر ئۇنى ئۆز ھالى بويىچە قويۇۋەتسىڭىز قىڭغىرلىقىنى تۈزەلمەيدۇ. شۇڭا ئاياللارغا سىلىق، ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار.»[3]

ئىسلامدىكى ئەر ـ ئايال‌لىق مۇئامىلىسىنىڭ ئەدەپلىرىدىن، ئەرنىڭ ئايالى تەرىپىدىن كەلگەن ئازارلارغا، جاپالارغا ۋە كەمچىلىكلەرگە سەۋر

---

(1) نىسا سۈرىسى 19 ـ ئايەت

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

(3) بۇخارى رىۋايىتى

قىلىپ، ئۇنى سىلىق، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىسلاھ قىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ جەۋر - جاپالىرىغا، بەدەۋى ئەرەبلەرنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىگە سەۋرچانلىق بىلەن، يۇمشاق، سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئۈلگىلىك زات ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ساھابىلارنىڭ: «ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىرىنى كۆرمىدۇق» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا ۋە كىچىك باللارغا ئەڭ مېھرىبان زات ئىدى»[1].

ئەرنىڭ ئايالىغا قىلىدىغان ياخشىلىقلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئەدەپلىك، ياخشى كۆلكىلەر، خۇش چاقچاقلار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشى. ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىش ھەر ئىككىسىنىڭ قەلبىنى راھەتلەندۈرىدۇ، مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئايالمۇ ئېرىنى رازى قىلىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە پائالىيەتچان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئاياللىرىنىڭ ئەقلىلىرىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىدىغانلىقى ۋە بىرگە كۆڭۈل ئاچىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ بىلەن يىراققا يۈگۈرۈشتە مۇسابىقە قىلىشاتتى، بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلەپ كەتسەم ، يەنە بىركۈنى ئۇ، مېنىڭدىن ئىلگىرىلەپ

---

(1) تارىخ ئىبنى ئەساكىر

كېتەتتى»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمانى ئەڭ كامىل كىشى ئۈز ئەھلىگە ئەڭ يۇمشاق ۋە ئەخلاقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر»[2].

ئۆز ئەھلى بىلەن بىرگە كۆڭۈل ئېچىش ياخشى ئەمەللەردىندۇر. ئەمما چاقچاقلاشقاندا، چاقچاق، دەپ يالغان سۆز قىلماسلىق ۋە ئەدەپ ــ ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، ئەر ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

## ئايالنىڭ ئېرىگە قىلىدىغان ياخشىلىقلىرى

1. ئېرىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماسلىقى، ئېھتىياجىدىن ئارتۇق نەرسىنى سورىماسلىقى. مانا بۇلار، ئايالنىڭ ئېرىگە ئىقتىسادتا ھەمكارلاشقانلىقىدۇر. قانائەت ئائىلىنى گۈللەندۈرىدۇ، مۇھەببەتنى كۈچلەندۈرىدۇ. قانائەتسىزلىك ئەر ــ ئاياللىق مۇناسىۋەتنى سوغۇقلاشتۇرىدۇ.

2. ئېرىگە ۋە ئېرىنىڭ ئۈستىدىن باشقىلارغا شىكايەتچى بولماسلىقى، بالاغا ـ قازاغا رازى بولۇپ، سەۋرچان بولۇشى، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا جورىسىنىڭ رايىغا ماسلىششى. ئايالنىڭ ئېرىگە ھۆرمەت قىلىشى كاتتا ئىبادەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مونۇ ھەدىسى رىۋايەت قىلىنغان: «بىر ئايال

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(2) تىرمىزىي رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ــــ يا رەسۇلەللا، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئاياللارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كەلدىم. سىز ئەرلەرگە جىھاد قىلىشتىن كېلىدىغان ساۋاپ ۋە غەنىمەتلەرنى بايان قىلدىڭىز، بىز قانداق قىلغاندا ئەرلەرگە ئوخشاش جىھادنىڭ ساۋابىنى تاپالايمىز؟ ــ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ــ سىزگە ئۇچرىغان ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق يەتكۈزۈڭكى، ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشى ئەرلەرنىڭ جىھاد قىلغىنىغا ئوخشاش ساۋاپلىقتۇر. ئەمما، شۇنداق قىلىدىغان ئاياللار تولىمۇ ئاز، ــ دېدى».

3. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىقى. ئاياللار سىرتقا چىققانلىرىدا ئىسلامىي قىياپەت بىلەن ئېسىل، كۆركەملىك بولۇپ چىقىشى لازىم. مانا بۇ ــــ دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزدۇر.

# ئەر ـ ئايال ئوتتۇرسىدىكى ھەق-ھوقۇقلار

## ئەرنىڭ ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر

ئەرنىڭ ئۇستىدىكى ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەردىن:

1. ئەرنىڭ ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىكى، پۈتۈن مۇھەببىتى ۋە سۆيگۈسىنى بېغىشلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا ھەر ئىشتا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن ياخشى بولغانلاردۇر»[1].

يەنى سىرتتا ناھايىتى ياخشى ئەخلاقلىق بولۇپ، ئايالىغا قاتتىقلىق، قوپاللىق قىلىدىغان كىشى ياخشى كىشى دېيىلمەيدۇ. بەلكى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئايالىغا، باللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇلارغا ئەڭ مېھرىبان بولغان كىشىلا ياخشى كىشى بولالايدۇ.

2. ئايالىنىڭ ئازارلىرىغا، بولۇپمۇ ئايالىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالغان چاغلاردىكى ئۇنىڭ بەزى يېقىمسىز مۇئامىلىسىگە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىشى، دەردىنى ئاڭلاپ ھالىغا يېتىشى ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇشى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك مېھرى ـ شەپقەتلىك كىشىنى كۆرمىدىم».

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

3. ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى، ئايالغا بولغان سۆيگۈسىنى ھەر ۋاقىت سۆز ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ئىزھار قىلىپ تۇرۇشى.

4. ئايالنى باشقىلارنىڭ يامان نىيەتلىك كۆزلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىشتا غورۇرلۇق بولۇشى. ئايالنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇنى قەدىرلىشى، ئائىلىنىڭ بوزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن غاپىل بولۇپ قالماسلىقى. لېكىن ئايالنى كۆنىلىدىم دەپ ئارقىسىدىن جاسۇسلۇق قىلماسلىقى، بەدنىيەتلىك بىلەن ئايالنى ئاساسسىز قارىلىماسلىقى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، كىشىلەرنى يامان گۇمان قىلىشتىن مەنئى قىلغان.

5. ئايالنى ئىمكان قەدەر ئاتا - ئانىلاردىن ئايرىم ئۆيدە تۇرغۇزۇشى، ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىق نەرسە - كېرەكلىرىنى ھازىرلاپ بېرىشى، ئايالغا قېيىن ئاتا ۋە قېيىن ئانىسىنىڭ پۈتۈن يۈكلىرىنى يۈكلىمەسلىكى لازىم. چۈنكى كېلىن ئۇلارنىڭ خىزمەتچىسى ئەمەس، بەلكى شۇ ئائىلىنىڭ ھۆر ئەزاسىدۇر.

بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلاردا باللارنى ئۆيلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئايرىم ئۆيگە چىقىرىپ، مۇستەقىل تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئادىتى بەكمۇ ئاز. بەزىلەر بۇ ئىشتا ئىمكانىيەتنىڭ يوقلىقىنى ــ ئىقتىسادىي تەرەپتىن قولىنىڭ قىسقىلىقىنى باھانە قىلىشى مۇمكىن. بۇمۇ ئۆزۈر بولالمايدۇ. ھازىر دۇنيا تەرەققى قىلدى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىمۇ بۇرۇنقىدىن ياخشىلاندى. ئۆيلەنگەن يىگىتلەر ئەگەر مۇستەقىل تۇرمۇش قۇرىمەن دېسە بۇنى قىلالايدۇ. باللار مۇستەقىل ئۆي تۇتمىغاندا كېلىن بىلەن قېيىن ئانا ۋە يەڭگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار ئەر - ئايالliq تۇرمۇشقا ئەلۋەتتە زىيان يەتكۈزمەي قالمايدۇ. كۆپىنچە قېيىن ئانىلار ۋە بەزى يەڭگىلەر كېلىننى ياقتۇرمايدۇ، بەزى ئاكىسىز قېيىن ئانىلار

ئۇنىڭ بالىسى بىلەن بولغان مۇھەببىتىگە ۋە يېقىنلىقىغا قىزغىنىدۇ، ھەدەپ كېلىنىدىن كەمچىلىك ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئۇلار كېلىنىدىن ئازراق ئېيىبنى تاپقان ھامان ئۇنى بالىسىغا مۇبالىغە بىلەن چېقىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بەختلىك ئۆۋىسىنى، ھۇزۇرلۇق تۇرمۇشىنى بۇزۇشقا ئورۇنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇچى ئۆيدىكى ھايات ھۇزۇرسىز بولىدۇ. قىسقىسى، يىگى توي قىلغان بىر جۈپلار ھەر ۋاقىتتا بىر - بىرى بىلەن ئەركىن كۆڭۈل ئېچىشىپ، ئازادە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشالمايدۇ. پەقەت كېچىدىلا بىر - بىرىنى كۆرىدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئۇڭايسىزلىق؟

تەبىئىيكى، ئايالنى كىشىلەر كېچىسى بىرگە بولۇش ئۈچۈنلا ئالمايدۇ. مۇھەببەتنىڭ كۈچىيىشى ئارقىلىق ئائىلىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە بولغان ئىخلاسىنى ۋە سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىشىپ تۇرىشى لازىم. ئۆيلەنگەنلەر ئايرىم تۇرمۇش قۇرۇپ مۇستەقىل بولمىغاندا، ئۇلار ھەر ۋاقىت ئازادىلىك ھېس قىلالمايدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ كىچىك رايونلىرى ۋە يېزىلىرىدىكى كۆپىنچە ئۆيلەردە ئايرىم مۇنچا بولمىغاچقا كىشىلەر بىر چېلەك سۇنى بېشىدىن قۇيۇپلا ئالدىراپ يۇيۇنىدۇ. چېچى ھۆل بولۇپ قالغان ئايالنى كۆرسە، ئۇنى ئېيىپلايدىغان ئادەتمۇ بار. چۈنكى بىز ئۇيغۇرلار بۇرۇنقىلىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە ئىسلامىي ھەم مىللىي قائىدە ــ يوسۇنلىرىنى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بارغانچە ئۇنتۇپ كېتىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىمىزگە يات ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ قالغانلىقىمىز سەۋەبلىك، ئادەتتە يۇيۇنۇپ، پاكىز يۈرۈشنى ئۆزىمىزگە ئادەت قىلالمايۋاتىمىز.

بىزدە «پەقەت جۇنۇپ بولغان ئادەملا يۇيۇنىدۇ» دەيدىغان قالاق

ئېتىقـاد بولغـانلىقى ئۈچـۈن، بەزىــدە پــاكىزلىق ۋە تــازىلىق ئۈچــۈن يۇيۇنغـان قىزلارنــى، كېلىنلەرنــى يامـان ئــش قىلغـان ئوخشـايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ ئۇلارغـا گۇنـاھ ئارتىشقا ئـاران تۇرىـدىغانلارمۇ ئـاز ئەمەس. ئېــرى ســەپەرگە چىقىــپ كەتــكەن بەزى كېلىنــلەر ئــايلىق ئادەتتىــدىن پاكلانغانلىقى ياكى پـاكىز، خۇشـپۇراق بولۇشـى ئۈچـۈن يۇيۇنسا، ئـۇلارنى چۇقـۇم يامـان ئــش قىلغـان ئوخشـايدۇ، ئۇنـداق بولمىسـا يۇيۇنمىغـان بــولاتتى دەپ چۈشــىنىپ، ئۇلارغـا گۇنـاھ ئارتىشـقا ۋە ئەرلىـرىگە يالغـان يــاۋۇداق ســۆزلەر بىــلەن ئــۇلارنى چېقىشــتۇرۇپ، ئۇلارنىــڭ ھۇزۇرلــۇق تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىشقا ئورۇنىــدىغانلارمۇ بـار. بـۇ سـەۋەبتىن، جۇنـۇپ بولغانلارمۇ يۇيۇنۇشتىن قورقىدىغان، ھەتتا بـالاغەتكە يېتىـپ قالغـان قىـز - ئوغۇللار ئېھتىلام سـەۋەبى بىـلەن گاھىـدا يويۇنۇشـقا تېگىشـلىك بولـۇپ قالغانلىرىــدىمۇ، ئاتـا - ئانىســىدىن ھايـا قىلىــپ يۇيۇنالمايـدىغان ناچـار ئادەتلەرمۇ بار.

بىـز ئۇيغـۇرلار ئـۆي سـالدۇق دەپ ئىسـراپخورلۇق بىـلەن چـوڭ ئاسـما ئايۋانلىق ئۆيلەرنى سېلىشقا شـۇنچىلىك زىيـادە چىقىملارنـى قىلىمىزكـى، ئوغۇل ـ قىزلار ئايرىم ياتىدىغان، ئـايرىم ئىشـكىلىك ھـوجرىلارنى كـۆپرەك سېلىشــقا ۋە پاكىزلىقنىــڭ ھەم تەن ســاقلىقنىڭ ۋاستىســى بولغــان ــــ تەرەتـخانا بىلەن مۇنچا سېلىشقا كۆڭۈل بۆلمەيمىز. رۇسـلار كـاپىر مىللـەت تۇرۇپ، ئۇلار ئۆي سالسا ئەڭ ئـاۋۋال مۇنچىسـىنى ۋە تەرەتــخانىسىنى ئەڭ ياخشـى شـەكىلدە پۈتتـۈرۈپ بولـۇپ، ئانـدىن ئۆيىنـىڭ باشـقا سـارايلىرىنى سېلىشــقا كىرىشــىدۇ. ئــۇلار ئــۆي ســېتىۋالماقچى بولغانــدىمۇ ئەڭ ئــاۋۋال مۇنچىسى بىـلەن تەرەتــخانىسىنى تاللايـدۇ. بىـز مۇسـۇلمانلار «پـاكىزلىق ئىمانىنــڭ يېرىمــى»، «پــاكىزلىق ئىمانــدىن» ۋە «ئــاللاھ پــاكتۇر، ئــۇ، پەقەت پـاكلىق بىـلەن قىلغـان ئەمەللەرنـىلا قوبـۇل قىلىـدۇ» دەيـدىغان

ئىسلامىي قائىدە ـ پىرىنسىپلارنى ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆگەنگەن تۇرۇپ، پاكىزىلىققا ئەھمىيەت بېرىشتە مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتىمىز. مۇنچىسى ۋە تەرەتخانىسى پاكىز ۋە جايىدا بولمىغان ھەرقانداق ئۆي ــ يېتەرسىز ئۆيدۇر. تەرەتخانا بىلەن مۇنچا پاكىز بولمىسا ئادەم خالىغان ۋاقىتتا تازىلىق قىلالمايدۇ. جۇنۇپ بولغان كۆنلەردە بىر چۆگۈن ياكى بىر چېلەك سۇ بىلەن ئالدىراپ يۇيۇنغانلىق گەرچە پاكلىق ھۆكۈمىگە كىرسىمۇ، تولۇق پاكىزىلىققا ياتمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەدەندىكى كىرلار چىقمايدۇ. ئادەم جۇنۇپ بولغان ۋاقىتىدا يۇيۇنۇشى پەرز. ئەمما جۇنۇپ بولمىغان بولسىمۇ، سىرتتا ئىشلەپ كىرىپ تەرنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىش ياكى كىيىمنى ئالماشتۇرۇشتا پاكىز بولۇش مەقسىتى بىلەنمۇ، ئاز دېگەندە، ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىرەر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر. جۈمە، ھېيت ۋە مېيىت نامازلىرىغا، توي ــ تۆكۈنلەرگە، نەزىر ـ چىراغلارغا ۋە باشقىمۇ ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە يۇيۇنۇپ، پاكىز كىيىم كىيىپ، ئۆزىگە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى چېچىپ بېرىش سۈننەتتۇر. ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى قەلبنىڭ پاكلىقى ۋە بەدەن بىلەن كىيىمنىڭ پاكىزىلىقىغا باغلىقتۇر. پاكىز بولمىغان كىشىنىڭ ئىبادەتلىرىمۇ ۋە دۇئالىرىمۇ قوبۇل بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىياتپەرۋەر بىر دىندۇر. ئۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ۋاقىت گۈزەل، كۆركەملىك، خۇشپۇراق يۈرۈشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئايالىڭىزمۇ ئېرىنىڭ تۆشەككە كېلىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ ، ئۆزىگە خۇشپۇراق چېچىپ كېلىشى بەكمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى ئايالللار كۈندۈزى تاماق ئېتىش، ئۆي سۈپۈرۈش ۋە بالىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى، تەرەتلىرىنى تازىلاش جەريانىدا كىرلىشىدۇ، قازان بېشىدا

تـۇرۇپ تەرلەيـدۇ. بەزى ئايـاللار سـىرتتا ئىشـلەپ تەرلەيـدۇ ۋە چـاڭ تۇزانلىشـىدۇ. بـۇلار يۇيۇنماسـتىن شـۇ پېتـى بىـلەن ئەرلىرىنىـڭ قوينىغـا كىرسـە، ئەرلىـرى ئـۇلاردىن سەسـكىنىدۇ، ھەتتـا نەپرەتلىنىـپ قالىـدۇ. ئاياللىـدىن كـۆڭلى ئېچىلمىغـان ئەر تالاغـا قـاراپ قالىـدۇ. نەتىجىـدە، ئىپپىتىنى بۇزىدۇ.

ئايـاللار ئەگەر ھەر ئاخشـىمى يېتىشـتىن بـۇرۇن پـاكىز يۇيۇنـۇپ، ئۆزلىرىگە خۇشپۇراق ئەتىرلەرنـى چېچىـپ ياتىـدىغان بولسا، ئەرلىرىنىـڭ ئۇلارغا ھەۋىسى كېلىدۇ. ئـۇلارنى ياقتۇرىـدۇ. تەن ساقلىقى جەھەتتىنمۇ ھەر ئىككىسـىگە پايـدىلىق بولىـدۇ. شـۇڭا - ئەر ئاياللارغـا ۋە باللارغـا يۇيۇنۇپ پاكىز يـۈرۈش پۇرسىتىنى يارىتىـپ بېرىش ئۈچۈن، ھەرقانـداق ئۆيـدە ئـايرىم مۇنچـا بولىشـى شـەرتتۇر. تەرەتـخانىنى ئىمكـان قەدەر سـۇ بىلەن تازىلىنىدىغان قىلىپ ياساش كېرەك. تەرەتـخانىدا سـۇ بولسـا ھەم تازىلىق ھەم ئىستىنجا ئىككـى ئىش بىـر ۋاقىتتـا ھەل بولىـدۇ. مەلـۇمكى، سۇ پاكلىغۇچى ماددىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

6. ئايالنىــڭ بېرىشــكە تېگىشــلىك بولغــان مېھرىنــى تولـۇق ئــادا قىلىشـى. چـۈنكى بـۇ، ئايالنىـڭ نىكـاھ سـەۋەبى بىـلەن بەلگىلەنـگەن ھەققىدۇر.

7. ئايالنىــڭ نەپىقىســىنى كېمەيتمەســتىن ۋە ئىســراپ قىلماســتىن تولـۇق ئـادا قىلىشـى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: «ئـۆز ئەھلىگە ساۋابنى كـۆزلەپ نەپىـقە قىلغـان كىشـى سـەدەقىنىڭ ساۋابىنى

ئالىدۇ»[1].

8. ئايالىغا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشى ــ ناماز، روزا، زىكىر، دۇئا قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق پۈتۈن ئىبادەتلەرنى ئۆگىتىشى ھەم ۋاقتىدا ئورۇندىشىغا ئۇندىشى ۋە ياردەم بېرىشى.

9. ئايالى ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۇرماستىن نەسىھەت قىلىپ ئۆزگەرتىشى، ئىمكان قەدەر ئايالىنى ئۇرماسلىقى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىنى ئۇرمايدىغانلاردۇر»[2].

ئايال ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى چارە ۋە ئەڭ قاتتىق جازا ۋاقتىلىق ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلماسلىقتۇر.

10. ئايالى تۇغۇشنى ئارزۇ قىلسا ئۇنى تۇغماسلىققا مەجبۇرلىماسلىقى.

11. ئايالىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى. ئەگەر ئايالى ئۇنى ھاجىتىگە رىغبەتلەندۇرىدىغانلىقىنى قايسىبىر يول بىلەن ئىپادىلىسە، ئۇنى رەت قىلماسلىقى.

12. ئايالىنى تۇۋەن كۆرمەسلىكى، ھاقارەتلىمەسلىكى، ئۇنى ياكى تۇغقانلىرىنى مەسخىرە قىلماسلىقى.

13. ئايالىغا ئۆي ئىشلىرىدا ياردەملىشىشى. چۈنكى پەيغەمبەر

---

(1) تەبەرانىي رىۋايىتى
(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

ئەلەيھىسسالاممۇ ئاياللىرىغا ياردەملىشەتتى.

14. بىردىن ئارتۇق ئايالى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پۈتۈن ئىشلاردا ئادالەتلىك بولۇشى، ھەممىنىڭ ھەققىنى ئوخشاش ئادا قىلىشى.

15. ئايالى يېتەرلىك شەرئىي ئۆزرىسى بىلەن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەستىن، ئازار بەرمەستىن چىرايلىقچە ئاجرىششى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان 15 تۈرلۈك ھەق ئەرنىڭ ئۈستىدىكى ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ھەقلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى مۇھىم بىر قىسمىلىرىدىن ئىبارەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىسىدە سۆزلىگەن خۇتبىسىدا مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دەپ تەۋسىيە قىلغان: «بىلىڭلاركى! ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۈستىدە سىلەرنىڭ ھەققىڭلار باردۇر. سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىمۇ ئاياللىرىڭلارنىڭ ھەققى باردۇر. سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىكى ھەققىڭلار ئۇلارنىڭ سىلەرگە خىيانەت قىلماسلىقى ۋە سىلەر يامان كۆرىدىغان بىرسىنىڭ ئۆيۈڭلەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقى. بىلىڭلاركى، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىنى (ۋە باشقىمۇ ئېھتىياجلىرىنى) تولۇقلاپ بېرىشىڭلاردۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەرنى ئىجمالىي ھالدا بايان

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

قىلغان. بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولغانىدەك، ئەرنىڭ ئايالىدىكى ئەڭ چوڭ ھەققى، ئېرىنىڭ ئىپپىتىنى ۋە نومۇسىنى ساقلىشى، ئېرىگە خىيانەت قىلىپ ئىككىنچى شەخس بىلەن ئالاقە قۇرماسلىقىدۇر. ئېرىگە خىيانەت قىلغان ئايال ئېرىنىڭ ھەققىگە خىيانەت، دىنىمىزغا جىنايەت قىلغان بولۇپ، ئۆزىنى نابۇت قىلغان بولىدۇ. بۇنداق ئايالنىڭ ئېرىدىكى ھەقلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بولىدۇ.

ئىسلام دىنى ئايالنىڭ ئېرى ياقتۇرمايدىغان بىرسىنى ئۆيگە كىرىشكە يول قويۇشىنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. ئېرى بولمىغان ۋاقىتتا قانداقلا بىر يات ئەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە يول قويماسلىقى ئايرىم بىر قائىدە، ئەمما ئېرى بولمىغان ۋاقىتتا ئېرى ياقتۇرمايدىغان ياكى ئېرى بىلەن ئاداۋىتى بولغان بىرسىنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە يول قويۇشى ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىغا ئەڭ زىيانلىق بىر ئىشتۇر. چۈنكى مۇنداق ئەھۋاللاردا، ئەر كۆپىنچە، ئايالىدىن شەكلىنىدىغان ۋە يامان گۇمان قىلىدىغان كەيپىياتلاردا بولىدۇ. ھەتتا ئىنسان بەزىدە ئايالىنى ئۇ ئايالنىڭ تاغىسىنىڭ ياكى ھامما ىسىنىڭ باللىرىدىنمۇ كۈنلەپ، ئۇلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىدىن شەكلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەر ئۆزى بولمىغان ۋاقىتتا، مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئايالى بىلەن يالغۇز قېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئەرنىڭ ئايالىنى ھەر ۋاقىت مۇھاپىزەت قىلىشى، گۇمانلىق ئىشلاردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئايالىغا مەھرەم بولالمايدىغان يات ئەرلەردىن ئۇنى ئۇزاقلاشتۇرۇشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھوقۇقىدۇر.

مۇنداق ئىشلارغا كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. كۆپىنچە ئائىلە جېدەللىرى، ئۇرۇش - ماجىرالار، ئاجرىشىشلار مۇشۇنداق كۈتۈلمىگەن سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

## ئىناقلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ

ئىنسانىيەت تارىخىدا دەسلەپ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ ئائىلىسى قۇرۇلۇپ، ئىنسانلار بۇ ئىككىسىدىن كۆپەيگەن. ئىنسانلار ئائىلىلەرنى قۇرۇپ چىقىپ، بىر - بىرى بىلەن قېرىنداشلىق رىشتىلىرىنى ئورنىتىپ، ئۆز ئارىسىدا ئىنسانىي مېھرى - مۇھەببەتنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىناقلىقنى، ئىللىقلىقنى بەرپا قىلدى. دېمەك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىناق ئائىلىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشگە مۇھتاج. ئىناق ئائىلە قۇرۇش ئەقىدىلىك ۋە ئەخلاقلىق ئەر - ئاياللارغا مۇھتاج. ئائىلىدىكى ئىناقلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ. ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ۋە ئورتاق ئارزۇسىدۇر.

### ئائىلە ئەر - ئايالنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى بىلەنلا ئۆرە تۇرىدۇ

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى﴿ئۇنسى - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەر يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقىمۇ ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾ دەپ كۆرسەتكەن. بۇ پەقەت ئەر - ئاياللار ھېس قىلالايدىغان ۋە ئۇلار ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان مېھرى - مۇھەببەتنى، ئىللىقلىقنى، خاتىرجەملىكنى، ئىناقلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئايەت بولۇپ، بۇ خىل ئۇنسى - ئۈلپەت ئىنسان

روھىـــدىكى ئىزتىــراب، تەشــۋىش ۋە ۋەسۋەســـىلەرنى يوقىتىـــدۇ. ئائىلە كىشىلىك ھاياتىنىـك ھـۇلى، ئاياللىنىـڭ ئائىلىـدىكى ئـورنى ئەڭ ئاساسلىق مـۇھىم ئورۇنـدۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام بىـر ھەدىستە«ئاياللىرىنى ئۇرىـدىغانلار ياخشـى كىشـىلەر ئەمەس»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى بوزەك قىلىشى، ئۇرۇشى، خارلىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى ئۇرغىنى، ئـۆزلىرىنى خـارلىغىنى، شــۇنداقلا بــالىلارنى، پۈتــۈن ئىنســانىيەتنى بــوزەك قىلغىنــى، ئۇرغىنى ۋە خارلىغىنى بىلەن بـاراۋەردۇر. چـۈنكى ئايـاللار پۈتـۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئانىلىرى ۋە ئەرلەرنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

## ئاياللارنى ھۆرمەتلەش گۈزەل ئەخلاق

پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام ئايــاللارنى ھۆرمەتلەشــنى بىــر ئادەمنىــڭ ياخشـى يـاكى يامـان ئىكەنلىكىنىـڭ ئـۆلچىمى سـۈپىتىدە بايـان قىلىـپ: «سـىلەرنىڭ ياخشـىلىرىڭلار ئايالىغـا ياخشـى مۇئـامىلە قىلىـدىغانلاردۇر. مەن ئىچىڭلاردىكى ئايالىغا ئەڭ ياخشى مۇئـامىلە قىلىـدىغان ئـادەممەن» دەپ كۆرســـەتكەن. ئىنســـانىنىڭ دىيـــانىتى ۋە ئەخلاقـــى ئۇنىـــڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قانـداق مۇئـامىلە قىلىشـى بىـلەن ئۆلچىنىـدۇ. بىـراۋ ئىبـادەتلەرنى ئـادا قىلىشـقا قانچىلىـك كۆڭـۈل بۆلىـدىغان كىشـى بولـۇپ كەتسـۇن، ئـۇ ئايلىغــا، بالىلىرىغــا قــاتتىق قوللــۇق بىــلەن مۇئــامىلە قىلىــدىكەن، ئۇلارنىـــڭ ئەھۋالىـــدىن خەۋەر ئالمايـــدىكەن، مۇنـــداق كىشـىنىڭ دىنـى نـاقىس بولغـان بولىـدۇ. چـۈنكى گـۈزەل ئەخلاقمـۇ ئەڭ ئېتىبـارلىق ئىبـادەت تـۈرى بولـۇپ، شـۇ ئادەمنىـڭ تەقۋالىقىغـا بىۋاسـىتە

(1) ئىمام نەسائىي رىۋايىتى

تەسىر كۆرسىتىدۇ. زاھىرىي ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا ئاكتىپ بولۇپ، ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە سەل قارايدىغان ياكى ئائىلىسىگە قوپاللىق قىلىدىغان ئادەم جىمى ئىبادەتلەرنىڭ مەقسىتى بولغان ئەخلاقىي ئىبادەتلەرنى ئورۇندىمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئەر كىشى ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىكى، ئۆي ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ھەمكارلىششى مۇھىمدۇر.

## ئاياللارغا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش زۆرۈر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ئەڭ مېھىر-شەپقەتلىك زات ئىدى. ئاياللىرىغا بەكمۇ كۆيۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، دەردلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشايتتى. پىكىرلىنى ئاڭلايتتى، ھەتتا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردىمۇ ئاياللىرى بىلەن كېڭىشەتتى، پىكىرلىرىنى ئالاتتى[1].

---

(1) مەككە ئازات بولۇشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ ئاتلىنىپ، مەككە يېقىنىدىكى «ھۇدەيبىيە» دېگەن جايغا كەلگەندە، مەككىلىك كۇپپارلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقان ۋە مەككىگە كىرىشىگە يول قويمىغان. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ بۇ يىل مەدىنىگە قايتىپ كېلىدىغان يىلى ئۆمرىگە كېلىش، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئون يىللىق ئۇرۇش توختىتىش... قاتارلىقلاردا ئىتتىپاقلاشقان. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار ئۆمرە قىلماستىن مەدىنىگە قايتىشى كېرەك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى مەككىدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى شۇ يەردە بوغۇزلاشقا بۇيرىغاندا، مۇسۇلمانلار مەككىگە كىرەلمىگەنلىكلىرىگە ھەسرەتلىنىپ، ماللىرىنى بوغۇزلاش ئەمرىنى دەرھال ئورۇندىماستىن تۇرۇپ قالدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئاياللىرىغا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇشقا كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىپ: «مۆمىنلەردىن ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر»[1] دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار سەپەرگە چىققانلىرىدا، ئاياللارنى تۆگىلەر كۆتىرىدىغان مەپىلەرگە ئولتۇرغۇزۇپ ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ ماڭاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول بويى تۆگىلەرنى يېتىلەپ ماڭغانلارغا: «بۇ نازۇك شىشىلەرنى سىلىق ئېلىپ مېڭىڭلار»[2] دەپ تەۋسىيە قىلىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى نازۇك شىشىلەرگە ئوخشاتقان. ھەقىقەتەن ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلى نازۇكلۇقتا خۇددى شىشىگە ئوخشايدۇ، ئاياللار ئومۇمەن ھېسسىياتچان بولغانلىقتىن تېز رەنجىپ قالىدۇ ۋە تېز ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارغا ئىنتايىن سىلىق مۇئامىلە قىلىشتىن باشقىسى ئىشقا يارىمايدۇ.

مېھىر-مۇھەببەت ئاياللارنى ئاسراش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشتىن باشلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەشھۇر ۋىدا خۇتبىسىدە ۋە ۋاپات

---

پىكرىنى سورىغاندا، ھەزرىتى ئۇممە سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچكىمگە گەپ قىلماي ئاۋۋال ئۆزى قۇربانلىق مېلىنى بوغۇزلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنى بوغۇزلاشقا كىرىشىدۇ، بۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ئامىسى ھەممە ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنى بوغۇزلاپ چىقىدۇ.

(1) ئىبنى ماجە ۋە دارمى رىۋايىتى

(2) بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد رىۋايىتى.

بولۇش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىدە: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان.

قىزلارنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن كۆرۈش، ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئېغىر ئىشلارغا بۇيرۇش،"قىز بالا ئوقۇپ نېمە بولاتتى" دەپ ئۇلارنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىش، ئۆگەي ئانىسىنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلارنى ئېزىش، ھاقارەتلەش، ھەتتا ئۇرۇش، ئۇلارنىڭ دەردىگە قۇلاق سالماي، نازۇك كۆڭلىگە ئازار بېرىش قاتارلىق ناچار ئىشلارنى قىلىدىغان ئاتىلار قەلبلىرىدىن رەھىم-شەپقەت سۇغۇرۇپ ئېلىنغان بەختسىز كىشىلەردۇر. مۇنداقلار قانچىلىك تەقۋا سۈرەتلىك مۇسۇلمان بولۇپ كەتسۇن، قانچىلىك چوڭ ئالىم- ئۆلىما ياكى قارى-قۇرئان، ھاجى-ھەرەم بولۇپ كەتسۇن، بەربىر كۆڭلىدە رەھىم-شەپقەت بولمىغان ئىكەن، مۇنداقلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلىشى ناتايىن.

قىزلارنىڭ سەبىيلەرچە پاك ھېسسىياتىنى سۇيئىستېمال قىلىپ، ئۇلارغا يالغاندىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغانلار ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئورنىدا قويسۇن! ئۇلارنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئىپپىتى ۋە نومۇسى قانچىلىك قىممەتلىك بولسا، شۇ قىزلارنىڭمۇ ئىپپەت نومۇسى شۇنچىلىك قىممەتلىكتۇر. بىراۋنىڭ نومۇسىنى ئاياق ئاستى قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن تەڭ.

قىزلارنىڭ ساپلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ئۆيلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى ھەسرەتتە قويىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقسۇن، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ شۇنداق بىر ئۆمۈر ھەسرەت-نادامەت چەكمەسلىكىنى خالىسا، باشقىلارنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىغىمۇ چەكتۈرمىسۇن! «بۇ ئالەم ئۆتنە

ئــالەم»دەپ بىكـــار ئىيتىلمىغـــان. رىئـــاللىقتىكى تەجرىبىلەرمـــۇ بـــۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە.

ساددا قىزلارنى ئالداپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زالىم خوجايىنلارنىڭ ئۆيـۈن-كۆلكىسـىنى قىـزىتىش ئۈچـۈن يېقىلغـۇ قىلىـپ بېرىۋاتقـان ۋىجدانسـىز ئىپلاسـلار ئـاللاھ تائـالادىن قورمىغـان تەقـدىردىمۇ، بـۇ جىنايەتنىـڭ بەدىلىنـى ئۆزلىرىنىـڭ قىزلىـرى يـاكى ئاچـا-سىڭىللىرى ئۆتەيدىغان بىر كۈننىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلسۇن!

ئۇنىڭ بىلەن ئـۆيلىنىش نىيىتـى يـوق تـۇرۇپ بىـر قىزنىـڭ كـۆڭلىنى ئوۋلاشـقا تىرىشـماقچى بولغـانلار بـۇ رەزىـل پەيلىـدىن يانسـۇن! كـۆڭلىگە بىرنىـڭ مـۇھەببىتى كىرىـپ قېلىـپ، مۇرادىغـا يېتەلمەسـتىن يـۈرىكى يانغانلىقنىـڭ قانچىلىـك تـۈگىمەس ئـازاب ئىكەنلىكىنـى ئويلىسـۇن ۋە ئۆزىنى شۇ قىزنىڭ ئورنىدا قويسۇن. «پىچاقنى ئـۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىلارغا سال» دېگەن ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن!

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام «نـازۇك شىشـىلەر»دەپ سـۈپەتلىگەن بـۇ شىشىدەك نازۇك يۈرەكلەرنى خىيانەت پىچىقى بىلەن تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈشـتىن، شىشـىدەك نـازۇك كـۆڭـۈللەرنى بىـر ئۆمـۈر ھەسـرەت-نـادامەتكە قويۇشـتىن ھەزەر قىلسـۇن! بـۇ خىنايەتنىـڭ ئۆزىنىـڭ ئاچـا-سـىڭىللىرىدىن يـاكى كېيىـنچە، ئـۆز قىزلىرىـدىن بىرەرسـىگە يېنىـپ قېلىشىدىن قورقسۇن!

## ئائىلىنىڭ ئىرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلىرى

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: «دۇنيـا مەنپەئەتتـۇر.

دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتى ئۆلگىلىك خوتۇندۇر»[1].

ئۆلگىلىك خوتۇن دېگەن قانداق بولىدۇ؟

ئۆلگىلىك خوتۇن - ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىگە، ئاندىن ئېرىنىڭ ھەقلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ئۇلارنى كامىل ئادا قىلىدىغان خوتۇن دېمەكتۇر. ئۆلگىلىك خوتۇننىڭ سۈپىتى — ئېرىگە چىن ساداقەت باغلاش، ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا كۆيۈنۈش، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، ئېرىنى قەدىرلەش، ئېرى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىكلىرىنى بىلىش، ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن قىسمىتىگە رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش قاتارلىقلارغا ئىخچاملىنىدۇ.

ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئېرىنىڭ ھەققىنى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ ۋە جىمى تۇغقانلىرىنىڭ ھەققىدىن ۋە مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىشى ۋە ئۇلارنى قوغدىشى.

2. ئايلىق ئادەت، تۇغۇتلۇق ۋاقىتلىرىدىن باشقا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېرىنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى. چۈنكى ئېرىنىڭ تەلىپىنى ئۆزۈرسىز تۇرۇپ رەت قىلغان ئايال گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرمۇ لەنەت ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئېرى تۆشەككە چاقىرسا، ئۆزۈرسىز تۇرۇپ كەلمىگەن ئايالغا پەرىشتىلەر تاڭ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ.»[1]

ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر. كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى ئومۇمەن، مۇشۇ سەۋەبتىن بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ باشقا ئائىلىلەرغا بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى سەۋەبلىرىنىڭ بىرىمۇ، ئايالىنىڭ ئۇنىڭ رىغبىتىگە ماسلاشماي ئۇنى رەنجىتكەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

3. ئېرىنىڭ ھاجىتىنى قايرىپ قويۇپ نەپلى ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىۋالماسلىقى.

4. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارغا ئۆيدىن بىر نەرسە بەرمەسلىكى. ئەمما يېمەك ـ ئىچمەكتىن باشقىلارغا سەدىقە بەرسە بولىدۇ.

5. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىقى، ئېرى رازى بولمىغان ئاياللار بىلەن ئارىلاشماسلىقى.

6. ئاللاھ تائالا بەرگەن رىزىققا قانائەتلىك بولۇشى، قاتتىقچىلىق كۈنلىرىدە ئېرىدىن زارلانماسلىقى، ياخشى كۈنلەردە ئاللاھ تائالا نى ئۇنۇتماسلىقى، ئېرىنىڭ مېھنىتىنى ھەر ۋاقىت قەدىرلىشى. ئەڭ ياخشى خوتۇن ئېرىگە ھەمىشە: «ھارام كەسىپتىن ساقلانغىن، ھالالدىن كەسىپ قىلغىن، بىز قاتتىقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيمىز، ئەمما دوزاخ ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز» دەيدىغان خوتۇندۇر.

7. ئېرىدىن باشقىلار ئۇچۇن زىننەتلەنمەسلىكى، باشقىلارغا يۈز، قوللىرى ۋە پۇتلىرىدىن باشقا ئەزالىرىنى نامايەن قىلماسلىقى، قىسقا،

(1) بۇخارى رىۋايىتى

نىپىز كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلىنىشى.

8. ئېرىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئېرى بولمىغان جايلاردا پاراڭلاشماسلىقى، ئېرى يوق ۋاقىتتا كەلگەن يالغۇز، ئەر مېھماننى يالغۇز قارشى ئالماسلىقى. ئۆزى يالغۇز بولسا، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلماسلىقى كېرەك.

9. ئېرىگە ھۆسن - جامالى، بايلىقى ۋە مەنسىپى بىلەن پەخىرلەنمەسلىكى (يەنى ئايال كىشى ئېرىدىن بىرقەدەر ئارتۇق جامالغا، بايلىققا، مەنسەپكە ياكى ئېسىل نەسەبكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ چوڭلۇق قىلماسلىقى).

10. بالىلىرىغا مېھرىبان بولۇشى، ئۇلارنى ئۇرۇپ تىللىماستىن ياخشى تەربىيىلىشى، ئېرىگە تىل ئۇزارتماسلىقى.

## ئايالنىڭ كىيىنىشى ۋە سەپەر قىلىشىدىكى بەلگىلىمىلەر

مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ باشلىرىغا رومال ئارتىپ چاچلىرىنى، بويۇنلىرىدىكى ۋە قولاقلىرىدىكى زىننەتلىرىنى يېپىپ، ئۇزۇن ۋە ئازادە كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشى مۇسۇلمانلىقنىڭ شۇئارى، تەقۋالىقنىڭ كىيىمى، ئالىيجاناپلىقنىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت - ئىززەتنىڭ نىشانىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ دەلىلىدۇر. رومال ئارتىش مۇسۇلمان ئاياللىرىنى ھەر تۈرلۈك رەزىللىكلەردىن، پەسكەشلىكلەردىن قوغدىغاندەك، مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ ھايا، نومۇس ۋە ئىپپەت ئىچىدە تېخىمۇ قەدىر - قىممەتلىك ھەم كۆركەملىك بولۇشىنى تەمىن ئېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

## ئايالنىڭ سىرتقا چىقىش ئۈچۈن ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى

**كېرەكمۇ؟**

بۇ ماۋزۇ توۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئايالنىڭ ئۆيىدىن چىقىشى ئۈچۈن ھەممە ھاللاردا ئېرىدىن رۇخسەت سورىشى كېرەك ئەمەس. مەسىلەن: خىزمەت، مەكتەب، بالىلارنىڭ ئىشى ياكى سىرتتىن ئۆيگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشتا ئېرىدىن رۇخسەت سوراش شەرت ئەمەس.

(2) ئايال ئەگەر ئېرى تونۇمايدىغان بىر ئائىلىنى زىيارەت قىلىش ياكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقماقچى بولسا، ئېرىنىڭ رۇخسىتى ئېلىشى شەرت بولىدۇ، ئېرى رۇخسەت قىلمىسا چىقماسلىقى لازىم.

(3) ئايال بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ياكى دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە سەپەر قىلماقچى بولسا، گەرچە ئايروپىلان بىلەن شۇ كۈنى يېتىپ بارىدىغان بولسىمۇ ئېرىنىڭ رۇخسىتى ئېلىپ، ئىشەنچلىك ھەمراھلار بىلەن بارسا بولىدۇ. ئەمما يولدا توختاپ مېھمانخانىلاردا قونۇپ قالىدىغان ياكى بىر قانچە كۈن داۋام قىلىدىغان سەپەر ئۈچۈن ئايال مەھرەمسىز چىقالمايدۇ.

(4) ھەنەفىي، ھەنبەلىي مەزھەپلىرى «ئايال مەھرەمسىز ئۈچ كۈندىن كۆپ سەپەرگە چىقمايدۇ»دەيدۇ. شافىئىي، مالىكىي مەزھەپلىرى «ئايال ئىشەنچلىك ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەھرەمسىز چىقسا بولىدۇ»، دەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى ئاياللارنى مەھرەمسىز سەپەرگە چىقىشتىن توسۇشتىكى مەقسەت يولدىكى ئامانسىزلىقلار ئىدى. زامان تەرەققىي قىلىپ خاتىرجەملىك ئومۇملاشتى. شۇڭا ھازىر

ئايال ئىشەنچىلىك ئاياللار بىلەن چىقىسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ(1).

## ئالدانغان ئىشەنچ

بىز مۇسۇلمانلار كېيىنكى دەۋرلەردە، ئۆزىمىزنى ئالداپ كەلگەن يالغان ئىشەنچلەرنىڭ بىرى، خوتۇن - قىزلىرىمىزنىڭ ئىپپەت — نومۇسلىرىنى موھاپىزەت قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىش، بۇنداق بىپەرۋالىقتىن يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كەلمەسلىكىگە ئىشىنىپ كېتىش بولدى. بۇ پەقەت، ئىماننىڭ ئاجىزلاشقانلىقى، ۋىجداننىڭ غەپلەت ئىچىدە كىرلەنگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ھېچقانداق كىشى خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. كىشى پەقەت يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ساقلىنىش ئارقىلىقلا خاتالىقلاردىن ساقلىنالايدۇ. ئايال ھەرقانچە ئىرادىلىك، دىيانەتلىك، جورىسىغە سادىق بولۇپ كەتكەندىمۇ، ئۇلار ھېچ ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىلىرى، ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەردە ئەڭ ياخشى ئۈلگىلەردۇر. شۇنىڭلىق بىلەنمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۇنۇ تەۋسىيەلەرنى قىلغان:﴿ يَا نِسَاءَ النَّبِيِّ لَسْتُنَّ كَأَحَدٍ مِنَ النِّسَاءِ إِنِ اتَّقَيْتُنَّ فَلَا تَخْضَعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ وَقُلْنَ قَوْلًا مَعْرُوفًا﴾ يەنى﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچ بىرىگە ئوخشىمايسىلەر، سىلەر (يات ئەرلەرگە) سۆز قىلغاندا نازاكەت بىلەن سۆزقىلماڭلار. (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار)

(1) «ياۋروپا پەتىۋا ۋە تەتقىقات كېڭىشى» نىڭ پەتىۋاسى

دىلىــدا كېســەل بــار ئــادەم (ســىلەرگە قارىتــا) تەمەدە بولــۇپ قالىــدۇ. (گۇماندىن خالىي) ياخشى سۆز قىلىڭلار﴾(1).

ئــاللاھ تائــالا مۇســۇلمانلارغا خىتــاب قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ:﴿ وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ وَمَا كَانَ لَكُمْ أَنْ تُؤْذُوا رَسُولَ اللَّهِ﴾يەنــى ﴿ ســىلەر پەيغەمبەرنىــڭ ئاياللىرىــدىن بىرنەرســە ســوراپ (ئالمــاقچى) بولســاڭلار، پەردە ئارقىســىدىن سوراپ ئېلىڭلار، بۇنــداق قىلىــش ســىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمــۇ، ئۇلارنىــڭ دىللىرىنىمــۇ پــاك تۇتىــدۇ، ســىلەرنىڭ رەســۇلۇللاھنى رەنجىتىــپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس﴾(2).

كىتابــخانلارنىڭ چۈشىنىشــىگە ئــانچە قىــيىن ئەمەســكى، يــۇقىرىقى ئــايەتلەردە خىتــاب قىلىنغــان كىشــىلەر يەر يۈزىــدىكى ئەڭ تەقــۋا، ئەڭ ئەخلاقلىق زاتــلار بولغــان ســاھابىلەر (پەيغەمبەرنىــڭ زامانىــدىكى ئۆزىنىــڭ بىــلەن بىــر ســەپتە بولغــان ئۆلگىلىــك مۇســۇلمانلار)دۇر. ئــۇلار مۇئــامىلە قىلىــدىغان ئايــاللارمۇ يەر يۈزىــدىكى پۈتــۈن ئاياللارنىــڭ ئەڭ تەقــۋالىرى، ئەڭ ئەخلاقلىـــق ۋە ئەڭ ئۆلگىلىـــك ئـــانىلىرى بولغـــان ئايـــاللار ــــ پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدۇر.

يــۇقىرىقى بايــانلاردىن كېيىنمــۇ، يەنە خوتــۇن ـ قىزلىرنىــڭ ئىپــپەت ــ نومۇســلىرىنى مۇھــاپىزەت قىلىــش ئىشــىدا، يالغــان ئىشــەنچكە بېرىلىــپ ئالــــدانغۇچىلارغا دەيمەنكــــى: ســــىلەر قانچىلىــــك ياخشــــى بولــــۇپ

(1) ئەھزاپ سۈرىسى 32ـ ئايەت
(2) ئەھزاپ سۈرىسى 53ـ ئايەت

كەتسەڭلارمۇ، پەيغەمبەردىن كامىل ئەمەسسىلەر. ئاياللىرىڭلارمۇ قانچىلىك پاك ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ كەتكەندىمۇ، ئۇلار يەنىلا پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىغا يەتمەيدۇ. سىلەر ئارىلىشىدىغان يېقىن - يورۇقلىرىڭلارمۇ ساھابىلەردىن ۋاپادار ئەمەس. سىلەر نېمەڭلەرگە بۇنچىۋالا ئىشەنچ قىلىپ كېتىسىلەر؟!

## غۇرۇرنىڭ يوقالغانلىقى ئەرلىكنىڭ ئۆلگەنلىكىدۇر

ئىنسانىنىڭ دۇنيادا ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى ئۇنىڭ نومۇسىدۇر. بەلكى ئىنساننىڭ نومۇسى ئۇنىڭ دىنىنىڭ ئاساسلىق پارچىسىدۇر. نومۇسنى ساقلاش دىنىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى تەلىپى ۋە ئىمانىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ مەسىلىدە پۈتۈن دىنلار ئىتتىپاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۆز ئەھلىنىڭ نومۇسىنى ساقلاشتا، ئەڭ غۇرۇرلۇق زاتلار ئىدى. مۇنۇ ھەدىس ئۇلارنىڭ نەقەدەر غۇرۇرلۇق ۋە ئىپپەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆز ئۆيىگە كىرگەندە، ئايالىنى بىراۋ بىلەن يامان ئىش ئۈستىدە كۆرسە 4 كىشىنى گۇۋاھلىققا چاقىرسۇن» دېگەندە، سەئىد ئىبنى مۇئاز ئىسلاملىك ساھابە ئورنىدىن تۇرۇپ ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئايالىمنى يامان ئىش ئۈستىدە كۆرسەم، ئۇنىڭغا 4 گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە قاراپ تۇرامدىمەن ؟ ياق! ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئايالىمنى بىراۋ بىلەن يامان ئىش ئۈستىدە كۆرسەم ئۇنى بېشىدىن ئايغىچە پارچىلاپ، ئېزىپ، ئۇندەك قىلىۋېتىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ مېنى قانداق جازالىسا، جازالىسۇن، ــ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ غۇرۇرىغا قايىل بولغانلىقتىن تەبەسسۇم قىلىپ، ــ ھەقىقەتەن سەئىد

بەكمۇ غورورلۇق، مەن سەئىدتىن، ئاللاھ ھەممىمىزدىن بەك غۇرۇرلۇقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ غۇرۇرى يۈزىسىدىن ھارام ـ پاھىشە ئىشلارنىڭ ھەر قاندىقى ھارام قىلىنغان»[1].

ھەر كىشى ئۆچۈن ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نومۇسى ۋە ئىپپىتى شۈنچىلىك مۇقەددەس بولغان يەردە، باشقىلارنىڭ نومۇسى ۋە ئىپپىتىمۇ شۇنچىلىك مۇقەددەستۇر، ئۆزىنىڭ نومۇسىنى قوغداش يولىدا غۇرۇرلۇق بولغان كىشى، ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭمۇ ئىپپەت، نومۇسلىرىنى قوغدىشى، دۈشمەنلىك ۋە خىيانەتلەر بىلەن ئۆلارنىڭ نومۇسلىرىنى ئاياق ئاستى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

# يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان بوشلۇقلار

ئېپ-پەت-نومۇسنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ۋە يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ بۇزۇقچىلىق ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان بوشلۇقلار تۆۋەندىكىلەر:

1. ئائىلە مەسئۇلىنىڭ ئۆز ئەھلىنى يات ئەرلەرنىڭ يامان نىيەتلىك تەمەلىرىدىن قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى. بۇئاجىزلىق، ئائىلە مەسئۇلىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى يوقاتقانلىقى ياكى ئۆز ۋەزىپىسىنى تونۇمىغانلىقى ۋە ياكى ئۆزىنىڭ تەربىيە ساھەسىدە بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن ئاجىزلىقتۇر.

2. مۇسۇلمان خانىم- قىزلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى دوراپ، ئوچۇق، نېپىز ۋە قىسقا كىيىنىشى ۋە يورۇش - تۇرۇشلىرىدىكى بىنورمال نازاكىتى. شۇڭا ئىسلام دىنى ھەرتۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاياللارنى ئۆزلىرىگە قارىتا ئەرلەرنىڭ ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىپ قويىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق بولۇشقا چاقىرغان. ئاللاھ تائالا پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى وَأَقِمْنَ الصَّلَاةَ وَآَتِينَ الزَّكَاةَ وَأَطِعْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ﴾ يەنى ﴿ ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾[1].

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 33 - ئايەت

بۇ ئايەتتىكى خىتابتىن مەقسەت، ئاياللارنى گۈزەل، يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئىپسىل يۈرۈشلىرىدىن مەنئى قىلىش ئەمەس. بەلكى ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئاياللارنىڭ ۋە كۈنىمىزدىكى مەدەنىيەت دەۋاسى قىلغۇچى ئاياللارنىڭ كىيىنگىنىدەك، يات ئەرلەر بار يەردە نېپىزلىكتىن بەدەنلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، قىسقىلىقتىن تىزىدىن ئاشمايدىغان، تارلىقتىن بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

گۆھەر نەچچە قات تۈگۈنلەر ئىچىدە ساقلانغانلىقى ۋە ھەركىشىنىڭ ئۇنى كۆرەلمىگىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتكە سازاۋەر بولغان نەرسىدۇر. ئايالمۇ ئوزۇن، ئازادە، ئىپسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسە، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە قىممىتى ئاشىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ. شۇڭا ئاياللار يات ئەرلەر بار جايدا سۆز قىلغاندا، ئىمكان قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى جەلىبكار ۋە نازاكەتلىكتە سۇنئىيلەشتۈرىۋالماستىن، بەلكى نورمال، تەبىئىي سۆزلەشكە تىرىشىشى كېرەك. چۈنكى نازاكەتلىك، سۇنئىي ئاۋازلار ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر. ئەرەب ماقال تەمسىللىرىدىمۇ « قولاق كۆزدىن بۇرۇن ئاشىق بولىدۇ» دەيدىغان سۆز بار.

3. ئەر ـــ ئايال جىنسلىرىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى. ئىسلام شەرىئىتىدە، ئاياللارنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىدىن بولمىغان، يات ئەرلەر بىلەن ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى، ئۇلارغا نازاكەتلىك ۋە سۇنئىي ئاۋازلىرى بىلەن، زۆرۈرىيەتسىز سۆز قىلىشى مەنئى قىلىنغان تۇرسىمۇ، كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئائىلىلىرى ئۆزئارا زىيارەت ياكى باشقا مۇناسىۋەتلەردىن تاشقىرى، ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ ئەر ـ ئاياللار بىر ئورۇندا ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ئەرلەر

بىلەن ئاياللار بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىشىدىغان ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ قالغان. بۇنداق ئىشلار دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ بولغىنىنىڭ سىرتىدا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگىمۇ يات كېلىدىغان ئەھۋالدۇر.

4. ئائىلىدە دىنىي تەربىيەنىڭ يوقلىقى ياكى كەملىكى. بىر ئائىلىدە ھەقىقىي دىنىي تەربىيە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى شۇ ئائىلىدىن يېتىشىپ چىققان بالىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياشىغان مەھەللە، يۇرت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولىدۇ. ئائىلىدىكى دىنىي تەربىيە، بالىلارنىڭ دەسلەپكى تەربىيەسى بولۇپ، دىنىي تەربىيىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەن قىز - يىگىتلەر ئائىلىنىڭ شەرىپىنى ۋە نومۇسىنى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. نەتىجىدە، قورۇق سۆزلەردىن ۋە يالغان تۆھمەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ياتلار بىلەن بىنورمال ئالاقە قۇرمايدۇ، قىزلار ئائىلىسىدىن رۇخسەتسىز خالىغان جايغا كەتمەيدۇ، يات ئەرلەر بىلەن بىرگە يۈرمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام تەربىيىسىنىڭ تەقەززاسى بۇ خىل يولسىز ئالاقىلارنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە مەنئى قىلىدۇ.

(5) نامەھرەم بىلەن يالغۇز قېلىش. ئەر ياكى ئايال ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ جورىسى ياكى نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقىنى بولمىغان يات بىرى بىلەن خالىي يەردە يالغۇز قېلىشى ئىسلامدا مەنئى قىلىنغان ھارام ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم مەھرىمى يېنىدا بولمىغان

يات ئايال بىلەن خالىي بىر يەردە يالغۇز قالمىسۇن، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولۇپ قالىدۇ»[1].

(6) بىراۋنىڭ ئەۋرەت جايلىرىغا قاراش. مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن بىراۋنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى مۇتلەق ھارامدۇر. پەقەت ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە ۋە پۈتۈن ئورگانلىرىغا قارىشى دۇرۇستۇر.

(7) ھاياسىز فىلىملەرنى كۆرۈش، ئەخلاقسىز سۈرەتلەرگە قاراش، تېلېۋىزور كونتروللۇقنى قولدىن بېرىش. نامەھرەملەرگە قاراش ھارام بولغان يەردە، بەزى فىلىملەردىكى ئەخلاقسىز قىلىقلارغا قاراپ لەززەتلىنىش، ھاياسىز رەسىملەرگە قاراپ تاماشا قىلىش، تېلېۋىزور قاناللىرىنى كونتروللۇقىدا تۇتۇپ، نورمال فىلىملەردىن باشقىلىرىنى كۆرۈشتىن ئۆزى ۋە ئائىلە ئەزالىرى چەكلەنمەستىن مۇتلەق قويۇۋېتىش ئەلۋەتتە چوڭ ھاراملاردىن بىرى ۋە ئىنسانىنىڭ قەلب كۆزىنى خىرەلەشتۈرىدىغان گۇناھتۇر. ئائىلە باشلىقى بولغان ئاتا بىلەن ئانا باللارنىڭ بۇ خىلدىكى ھارام ئىشلارنى سادىر قىلىپ، گۇناھ ئىشلىشىنى توسۇشى لازىم. شۇنداق قىلمىغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى بىلەن بىرلىكتە باللىرىنىڭمۇ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ جازاسىنى چېكىدۇ.

(8) ئاياللار كېسەللىكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، ئايال دوختۇرلارغا بېرىش ئىمكانىيىتى بار بولغان شارائىتتا، ئاياللارنىڭ ئەر دوختۇرغا بېرىشى. چۈنكى ئەر بىلەن ئايال ئىككى يات كىشىنىڭ يالغۇز

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

بىر يەردە بولۇشى تـوغرا بولمايـدۇ. بـۇ ھەر قانـداق ئـادەم ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. ئايال دوختۇر بولمىغانـدا يـاكى جىـددىي ئەھۋال ئاستىدا ئەر بولامدۇ، ئايال بولامدۇ قايسىبىر دوختۇرغا بېرىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇنىدىكى «زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارغا يول قويىدۇ» دەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپ بۇ ئىشقا يول قويىدۇ.

(9) ئاياللارنىڭ ئەر ساتىراشقا، ئەرلەرنىڭ ئايال ساتىراشقا بېرىپ چاچ كەستۈرۈشى ياكى ياسىتىشى. يات ئايالنىڭ يات ئەرگە، يات ئەرنىڭ يات ئايالغا تېكىلىپ قارىشى ھارام بولغان يەردە، ئۆزىنىڭ جورىسى بولمىغان بىرىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، چېچىنى ياسىشى ئەلۋەتتە ھارامدۇر. بۇنىڭدا زۆرۈرىيەت ياكى ئۆزۈر بولمايدۇ. چۈنكى ئاياللار ئۈچۈن ئايال ساتىراش، ئەرلەر ئۈچۈن ئەر ساتىراشلار تېپىلماي قالمايدۇ. ھەمدە چاچ ياسىتىش ياكى كەستۈرۈش جىددىي ئەھۋالمۇ ئەمەس، خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان جايدا قىلغىلى بولىدۇ.

(10) ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز ھالدا سەپەرگە چىقىشى. مۇسۇلمان ئايال سەپەرگە چىقماقچى بولسا، ئېرى ياكى مەھرەم تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى ياكى ئىشەنچلىك، دىندار ئاياللار گۇرۇپپىسى بىلەنلا چىقىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئايالنىڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈزلۈك مۇساپىگە مەھرەمسىز سەپەر قىلىپ چىقىشى ھالال بولمايدۇ»[1] دېگەن.

(11) زىنا قىلىش. دۇنيادىكى بارلىق دىنلارنىڭ زىنانى ھارام قىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتى تەرەققىي قىلىۋاتقان ھازىرقى ئەسىردە تېخىمۇ

---

(1) بۇخارىي، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

روشەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. چۈنكى زىنا دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئەڭ زىيانلىق بىر ئاپەت بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ساقايمايدىغان ىنجىس كېسەللىكلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا زىنادىن توسۇشتا: ﴿ وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَا إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاءَ سَبِيلًا﴾يەنى ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن[2].

(1) ئىسرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت

(2) زىنا توغرۇلۇق «ئائىلىنىڭ بۇزۇلىشى»دېگەن بۆلۈمدە ئايرىم توختىلىمىز.

# هاملىدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى

تۇغۇش - تۇغماسلىق مەسىلىسى ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ قارارىغا باغلىق ئىشتۇر. ئائىلىدىكى مەلۇم سەۋەبلەر ياكى زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى ئەر - ئايال ئىككىسى كېلىشىپ تۇغۇشنى ۋاقىتلىق كېچىكتۈرۈش نىيىتى بىلەن ھاملىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا، ئوكۇل ۋە باشقا ھەر قانداق بىر چارىنى قوللىنىشى دۇرۇستۇر. بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆپلەندۈرىدىغان ھەدىسلەر كۆپ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىمۇ ئەزلە قىلاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىلگەن، ئەمما ئۇنىڭدىن توسمىغان ئىدى»[1].

ئەزلە قىلىش — جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە، بالا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، سپېرمىنى سىرتقا تۆكۈۋېتىش دېگەنلىكتۇر.

## تۇغۇش ياكى تۇغماسلىق ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ ئىختىيارىدۇر

تۇغۇش ياكى تۇغماسلىق ئىختىيارى ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ ھەققىدۇر. بۇ سەۋەبتىن تۇغۇش ياكى تۇغماسلىق مەسىلىسىنىڭ دۆلەتلەرنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن بىرەر پىرىنسىپقا ياكى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدىغان بىرەر چاقىرىققا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، كىشىلەرنى ئاز تۇغۇشقا ياكى تۇغماسلىققا تەشەببۇس قىلغۇچىلار ياكى زورلىغۇچىلار بىرەر يامان غەرەزنىڭ تەشەببۇسى بىلەن

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلاردۇر. تۇغۇش ـ تۇغماسلىق مەسىلىسى ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ قارارىغا باغلىق ئىشتۇر. باشقىلارنىڭ ئۇلارنى تۇغۇشقا ياكى تۇغماسلىققا زورلاش ھوقۇقى بولماسلىقى كېرەك.

## قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش جىنايىتى

قورساقتىكى بالىغا زىيان يەتكۈزۈش ئەڭ ئېغىر قاتىللىق جىنايىتىدىن سانىلىدۇ. ئىسلام جازا قانۇنى بويىچە، چۈشۈرۈۋېتىلگەن بالا تىرىك چۈشكەن بولسا (يەنى تىرىك چۈشۈپ ئاندىن ئۆلگەن بولسا) ئۇنى چۈشۈرۈۋەتكۈچىنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمنىڭ دىيىتى (يەنى بىر ئادەمنى سەۋەبلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىگە كېلىدىغان ماددىي تۆلەم) كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ بالا ئۆلۈك چۈشكەن بولسا، ئۇنى چۈشۈرۈۋەتكۈچى ئۇنىڭ ئانىسىغا ئالدىنقىسىدىن يېنىكرەك تۆلەم تۆلەيدۇ. بۇ ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بىر جان ئىگىسىنى سەۋەبلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى، خالاس. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ جىنايەت ئىشلىگەن ۋاقىتتىكى نىيىتىگە قاراپ خالىسا ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ. لېكىن ئانىنىڭ قورسىقىدا بولۇپ، بۇ دۇنياغا تېخى كۆز ئاچمىغان بىر بوۋاقنى قەستەن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ جازاسى قۇرئان كەرىمدە ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ، دوزاختۇر!

## قانداق شارائىتتا قورساقتىكى بالىنى ئېلىۋەتسە بولىدۇ؟

ھازىرقى زامان ئىسلام ئۆلىمالىرى تۆرەلمىنىڭ ئاتا-ئانىسى بولغۇچىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن 40 كۈنلۈك بولمىغان تۆرەلمىنى ئېلىۋېتىشقا بولىدۇ، دەپ قارار قىلىدۇ. كۇۋەيت دۆلىتىنىڭ «پەتىۋا ئىشلار كومىتېتى»نىڭ 1984-يىلى 9- ئاينىڭ 29-كۈنى چىقارغان

پەتىۋاسىدا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان:« تۆرەلمىنى ئۇنىڭ تۆرەلگىنىگە 40 كۈن توشمىغان بولسا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىستىكى ۋە رازىلىقى بىلەن ئېلىۋېتىشقا بولىدۇ.»

تۆرەلمىنى ئېلىۋەتمىگەندە، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ھاياتى خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق ۋە كەسكىن قارارلاشقاندا، پەقەت ئانىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش يۈزىسىدىن تۆرەلمىگە 120كۈن توشمىغان بولسا، ئۇنى ئېلىۋەتسە بولىدۇ»[1].

ئەمما تۆرەلگىنىگە 120كۈن تولۇپ ئېشىپ كەتكەن تۆرەلمىنى قايسىبىر سەۋەب بىلەن چۈشۈرىۋېتىشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش بىر جاننى قەستەن ئۆلتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن مۇتلەق كۆپ سانلىقى يۇقىرىقى قاراشنى ماقۇللايدۇ.

## بوۋاقنىڭ ئەيىبلىك تۇغۇلىدىغانلىقى ئېنىقلانسا نېمە قىلىش كېرەك؟

بوۋاقنىڭ ئەيىبلىك تۇغۇلىدىغانلىقى ئىشەنچلىك تېببىي مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن شەكسىز ھالدا ئېنىقلانغان ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ساقايتىش ئىمكانىيىتى بولۇشتىن قەتئىي ئۈمىد ئۈزۈلگەن بولسا، مەزكۇر تۆرەلمىگە 120كۈن توشمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئېلىۋەتسە بولىدۇ.

ئەمما تۆرەلمىگە 120كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا قايسىبىر

(1) كۇۋەيت ئىسلامىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ نەشرى، «پەتىۋا ئىشلار كۆمىتېتى» پەتىۋاسى.

ئۆزۈر ياكى زورۇرىيەت تۈپەيلى تۆرەلمىنى ئېلىۋېتىشقا بولمايدۇ[1].

## تۆرەلمىگە قاچان جان كىرىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولۇپ، 40 كۈن ئىچىدە لەختە قانغا، ئاندىن گۆش پارچىسىغا ئايلىنىسىلەر، ئاندىن مەخسۇس پەرىشتە ئەۋەتىلىپ، سىلەرگە جاننى پۈلەيدۇ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى، ئەجىلىڭلارنى، بەختلىك ياكى بەختسىزلىكىڭلارنى يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە:« تۆرەلمىگە 42كۈن بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ بىر پەرىشتىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ، ئۇنى ئىنسان شەكلىگە كىرگۈزىدۇ، ئۇنىڭ قولىقىنى، كۆزىنى، تېرىسىنى، گۆشىنى ۋە سۆڭەكلىرىنى يارىتىدۇ. ئاندىن پەرىشتە: ئى رەببىم! بۇ تۆرەلمە ئەركەك بولامدۇ ياكى قىزمۇ؟ دەيدۇ. ئاللاھ ئۆز خاھىشى بىلەن ئەمر قىلىدۇ، پەرىشتە يازىدۇ»[3].

ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ ئىككى ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، «تۆرەلمە ئانىسىنىڭ قورسىقىغا ئۇنۇپ 40 ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جان

(1) «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» تەركىبىدىكى«ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى»نىڭ 1990-يىلى2-ئاينىڭ10-كۈنىدىكى 1410-نومۇرلۇق قارارى، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ« پەتىۋا ۋە ئىلمىي تەتقىقات دائىمىي كومىتېتى»نىڭ 1979-يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنىدىكى2484- نومۇرلۇق قارارى يۇقىرىقى ھالەتتىكى تۆرەلمىنى 120كۈن توشماستىن ئېلىۋېتىشنى جائىز ساناپ پەتىۋا چىقارغان.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

كىرىدۇ. بىراق مەزكۇر 40 كۈن ئۆتۈپ قانچە كۈندىن كېيىن جان كىرىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق كېسىپ ئېيتالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ قۇرئان كەرىمدىكى:﴿ ثُمَّ سَوَّاهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِنْ رُوحِهِ﴾ يەنى ﴿ ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى﴾[1] دېگەن ئايەتتىن، تۆرەلمە ئىنسان شەكلىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىلىدۇ، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنە ئىنفىتار سۈرىسىدىكى﴿ الَّذِي خَلَقَكَ فَسَوَّاكَ فَعَدَلَكَ ﴾ يەنى ﴿ئۇ سېنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى) بىجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى﴾[2] دېگەن ئايەتكە ئاساسلانغاندا، تۆرەلمىگە 8 ھەپتە بولغاندىن كېيىن جان كىرىپ بولىدۇ، دەپ چۈشىنىسكە بولىدۇ. كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەر بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن[3].

## ئاز تۇغۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ باھانىلىرى

بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە جەمئىيەتنىكى پېقىرلىق، كېسەللىك، بىلىمسىزلىك ۋە ئىشسىزلىق قاتارلىق بەختسىزلىكلەر نوپۇسنىڭ كۆپلىكىدىن كېلىپ چىقارمىش. شۇڭا جەمئىيەتنى بۇ ۋابالاردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تۇغماسلىق كېرەكمىش. ئەمەلىيەتتە بولسا، جەمئىيەتنى بۇ نىداق ۋابالاردىن ۋە بەختسىزلىكلەردىن ساقلاش ئۈچۈن تۇغۇشنى چەكلەشكە ھاجەت يوق. بۇ ئويئۇچۇق جاھىللىق،

(1) سەجدە سۈرىسى9-ئايەت

(2) ئىنفىتار سۈرىسى7-ئايەت

(3) دوكتور ئابدۇلجەۋۋاد ساۋىي، مەككە مۇكەررەمەدىكى« قۇرئان ۋە سۈننەت مۆجىزىلىرىنى تەتقىق قىلىش خەلقئارالىق كۆتىتىتى»نىڭ تور بېتىدىن.

ئاخماقلىق ۋە ئاجىزلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ھەرقانداق بالايى ــ ئاپەتلەرنىڭ ۋە بەختسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەقىل ـ ئىدراك، ئىلىم ـ پەن ئاتا قىلدى. يوللۇق ۋە ئىلمىيلىك بىلەن جەمئىيەتتىكى ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشماستىن، تۇغۇتنى چەكلەشكە ئورۇنۇش بولسا، ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىك ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا يېڭىلگەنلىكتۇر.

جەمئىيەتنى ئاغرىق ــ سىلاقلاردىن، پېقىرلىقلاردىن، بىلىمسىزلىكلەردىن ۋە ئىشسىزلىقلاردىن ساقلاشنىڭ ئىلمىي ۋە مەنتىقىي يولى مەكتەپلەرنى كۆپ ئېچىش، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا قەتئىي تۈردە تەشەببۇس قىلىش، دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ھەركىشى ئاممىۋى ۋە شەخسىي تازىلىقلارغا رىئايە قىلىشى كېرەك. چۈنكى دىنىمىزدا پاكىزىلىق ئىماننىڭ يېرىمى سانىلىدۇ. ھەر قانداق ئاغرىق ـ سىلاقلار ئومۇمەن، پاكىزىلىققا رىئايە قىلمىغانلىقتىن بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى كاپىتالىستلارنى ۋە پۇل ـ مال ئىگىلىرىنى جەمئىيەتكە، خەلققە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشقا ئۈندەش، ئۇلارغا دۆلەت تەرەپتىن ئوڭايلىق ۋە كەڭچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىشى ئىشسىزلارنى ئىشتىن بەھرىمەن قىلىشنىڭ توغرا يولىدۇر.

يوقسۇللۇققا سەۋەب بولىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن تۇغماسلىقنى ياكى ئاز تۇغۇشنى تەشەببۇس قىلىش خۇددى قاتناش ھادىسىلىرى كۆپ بولىدۇ، دەپ ماشىنا ھەيدەشنى مەنئى قىلماقچى بولغانغا ئوخشاش بىمەنىلىكتۇر.

## تۇغۇشنىڭ ۋاقتىلىق ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە پەتىۋا

بۇ يەردە سەئۇدى ئەربىستان پەتىۋا كومىتېتىدىكى كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتىنىڭ 1974-يىلى13-ئاپرېل(ھىجرىيە 1394 -يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) چىقارغان 42- نومۇرلۇق مۇنۇ پەتىۋاسىنى نەقىل كەلتۈرىمەن: « ئىسلام شەرىئىتىنىڭ نەسىللەرنى كۆپەيتىشكە تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى، بالىلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا - ئانىلارغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ كاتتا نېمەت دەپ ئېتىبار قىلىنىدىغانلىقى ۋە نەسىل يېتىشتۈرۈش ئىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ كۆپلىكىگە ئاساسلىنىپ ۋە تۇغۇت چەكلەش ياكى پىلانلاش مەسىلىسىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتكەن ئىلاھىي قانۇنىيىتىگە زىت كېلىدىغانلىقى، تۇغۇت چەكلەش پىكىرلىرىنى تارقىتىپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ ئومۇمەن، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا؛ خۇسۇسەن، ئەرەب دۇنياسىغا پىلانلىق ھالدا سۇيىقەست قىلىۋاتقان بىر تۈركۈم مەككار گورۇپپا ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىنى مۇستەملىكە قىلىشتىن ئىبارەت نىجىس غەرەزلىرىگە يېتىشنى پىلانلىغانلىقىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكى ۋە نامراتلىقتىن قورقۇپ تۇغۇتنى چەكلەشنىڭ﴿ وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا﴾يەنى ﴿ يەر يۈزىدىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ﴾([1]) دېگەن ئايەتكە ئىشەنچ قىلمىغانلىق بولۇپ، چوڭ گۇناھ سانىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەيئىتىمىز تۆۋەندىكىچە قارار چىقاردى:

(1) ھۇد سۈرىسى6-ئايەت

تۇغـــۇت چەكـــلەش مـــۇتلەق خاتـــادۇر. پىقىـــرلىقتىن قورقـــۇپ ھامىلــدارلىقنىڭ ئالــدىنى ئــېلىش ئۈچــۈن دورا ـ ئوكــۇل ۋە باشــقىمۇ چــارىلەرنى قــوللىنىش جــائىز ئەمەس. چــۈنكى ئــاللاھ تائــالا ھەرقانــداق جــانلىقنى ئــۆز رىزقــى بىــلەن يارىتىــدۇ. ئەممــا ئــائىلىۋىي ســەۋەبلەر تۈپەيلىــدىن، مەســىلەن: ئايىنىــڭ نورمــال تۇغۇتتــا تۇغالماســتىن، بــالىنى ھەر قېتىمــدا ئوپېراتسىــيە قىلىــش ئــارقىلىق ئېلىشــقا مەجبــۇ ر بولــۇپ قالغــانلىقى يــاكى ئەر ـ ئايــال ئىككىســى تۇغۇشــنى بىــر زامــان كېچىكتۈرۈشـــتە ئـــۆزلىرى ئۈچـــۈن ياخشـــىراق بولىـــدىغانلىقىنى مەسلىھەتلەشــكەنلىكى قاتــارلىق ھــاللاردا ئۇلارنىــڭ ھامىلــدارلىقنىڭ ئالــدىنى ئالىــدىغان دورا، ئوكــۇل ۋە باشــقىمۇ چــارىلەرنى قوللىنىشــى جــائىزدۇر. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ ئەزلە ھەققىــدىكى ھەدىســلىرى ۋە ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ تــۆرەلگىنىگە قىرىــق كــۈن بولمىغــان نــۇتفە (ئــابىمەنى) نــى دورا يــاكى ئوكــۇللار ئــارقىلىق زۆرۈرىــيەت يۈزىســىدىن چۈشۈرىۋېتىشــنىڭ جــائىزلىقى ھەققىــدىكى پەتىــۋالىرى بىزنىڭ بۇ قارارىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ».

## سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش مەسىلىسى

سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش دېگەن نېمە؟

سـۈنئىي ئۇرۇقلانـدۇرۇش ــ ئەرنىـڭ سپېرمىسـىنى ئېلىـپ ئايالنىـڭ رەھىمــگە (بالىياتقۇســىغا) يەرلەشــتۈرۈش ئــارقىلىق ئايــالنى ئېغىــر ئايــاق قىلىش دېگەنلىكتۇر.

بۇ ئىـش قايىسـىبىر سـەۋەب تـۈپەيلى ئەر-ئايـال ئوتتۇرىسـىدا ئەمەلـگە ئاشمىســا ھــېچ ۋەقەســى يــوق. چــۈنكى ئــۇلار بەرىبىــر نىكــاھلىق ئەر-خوتــۇنلاردۇر. ئوخشــمايدىغان تەرىپــى ئەر سپېرمىســىنىڭ جىنســي

مۇناسىۋەت بىلەن ئەمەس، بەلكى تىببىي ئۇسۇل بىلەن ئايالنىڭ رەھمىگە ئۆتكەنلىكىدۇر.

ئەمما ئايالنىڭ ئۆز ئېرى بولمىغان بىر ئەرنىڭ سپېرمىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ رەھمىگە يەرلەشتۈرىشى ھارامدۇر.

ئۆزىنىڭ ئېرى بولمىغان بىرىنىڭ سپېرمىسى بىلەن سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش زىنادىن بالا تېپىشنىڭ تەرەققىي قىلغان زامانىۋى تۈرى بولۇپ، قەتئىي ھارامدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش مەزمۇن ۋە نەتىجە جەھەتتە زىنا بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىنىڭ نىكاھلىق ئېرى بولمىغان يات ئەردىن بالا تاپقانلىقتىن تاشقىرى، نەسلنى بۇزۇۋشتۇر. مىسىرنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن شەيخ شەلتۇت ئۆز ۋاقتىدا، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشنىڭ زىناغا ئوخشاشلا ھارام ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگەن.[1]

---

(1) «شەيخ شەلتۇت پەتىۋالىرى» 300 - بەت

# ئەقىقە ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

ئەقىقە- بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرگەن چاغدا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن يوقسۇللارنى تائاملاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان قۇربانلىقتۇر. يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقنىڭ چېچىنى تولۇق چۈشۈرۈشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىدە بارلىق ئۆلىمالار ئىتتىپاقتۇر. ئەمما قىز بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشنىڭ سۈننەت ياكى ئەمەسلىكى توغرۇلۇق ئىختىلاپ بار. شۇنداقتىمۇ چۈشۈرۈشنىڭ بوۋاق ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تېببىي مۇتەخەسسىسلەر تەكىتلىمەكتە.

ئەقىقە قىلىش مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىيلىششى زۆرۈر بولغان تەكىتلىك سۈننەت ئەمەللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەقىقە قىلىشتا ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلىنىدۇ. ئەقىقە ئۈچۈن بوغۇزلىنىدىغان قوينىڭ قۇربانلىققا يارايدىغان قويدىن بولىشى شەرتتۇر. ئەقىقىنى بوۋاق تۇغۇلۇپ 7 كۈندىن كېيىن قىلىش ئەۋزەل سانالغان.

ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلاش شەرتمۇ؟

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي

بوغۇزلاشقا بۇيرىغان»[1] لىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئوغۇللار ئۈچۈن ئىككى قوي بوغۇزلاش سۈننەت. ئەمما ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەن كىشىلەر بىر قوي بوغۇزلىسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿ فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾يەنى ﴿ تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[2] دەپ بۇيرىغان.

قوي بوغۇزلىماستىن گۆش ئېلىپ تارقاتسا بولامدۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قوي بوغۇلاش ئىبادەت بولۇپ، خۇددى ھاجىلار ھەج جەريانىدا قۇربانلىق قىلغىنىغا ئوخشاش ئەقىقە قىلىشتىمۇ مال بوغۇزلاپ، قان ئېقىتىش تەلەب قىلىنىدۇ. شۇڭا بىراۋ ئەقىقە قىلىشتا، قوي ئېلىپ بوغۇزلايدىغان پۇلغا تەييار گۆش ئېلىپ، ئۇنى يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىپ تارقىتىپ بەرسە، سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئەلۋەتتە تاپىدۇ. ئەمما بۇ ئەقىقە قىلغانغا ياتمايدۇ.

قوي سېتىپ ئېلىپ ئەقىقە قىلىدىغان پۇلنى يوقسۇللارغا تارقىتىپ بەرسە بولامدۇ؟

قوي سېتىۋېلىپ ئەقىقە قىلىدىغان پۇلنى يوقسۇللارغا تارقىتىپ بەرسە، ئەلۋەتتە سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. بىراق بۇ قىلغانلىق ئەقىقگە ياتمايدۇ. ئەمما قوي سېتىپ ئېلىپ ئەقىقە قىلىدىغان پۇلنى ئىقتىسادىي ئەھۋالى بەكمۇ ناچار، ھاجەتمەنلەرگە تارقىتىپ بەرگەنىنىڭ ساۋابى ئەقىقە قىلغانىنىڭ ساۋابىدىن چوڭ بولىشىدا شەك

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، «سەھىھ»دېيىلگەن ھەدىس.
(2) تەغابۇن سۈرىسى16-ئايەت.

يوق. چۈنكى ئەقىقە قىلىش سۈننەت. ئەمما بىرەر مۇسۇلمان ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش پەرزدۇر. ئەلۋەتتە پەرز ئەمەلنىڭ ساۋابى سۈننەت ئەمەللەردىن چوڭ بولىدۇ.

ئەقىقىنىڭ گۆشىنى قانداق تەقسىم قىلىش ياخشى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقىقە قىلغان قوينىڭ گۆشىنى قانداق تارقىتىش ھەققىدە بەلگىلىمە قويمىغان. ئىسلام ئۆلىمالىرى ئەقىقىنىڭ گۆشىنى خۇددى قۇربانلىق قىلغان قوينىڭ گۆشىنى بىر تەرەپ قىلغانغا ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى سۆزلىگەن. مەسىلەن: گۆشنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلۈكىنى ئۆزى ئائىلىسىدە يېيىش، يەنە بىر بۆلۈكىنى يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرىش، قالغان بۆلۈكىنى قوشنىلىرىنى، تۇغقانلىرىنى ۋە دوستلىرىنى چاقىرىپ ھەممە بىرگە زىياپەت قىلىشقا ئوخشاش. ئەقىقىنىڭ گۆشىنىڭ ھەممىسىدە تاماق ئېتىپ ياكى گۆشىنىڭ ئۆزىنىلا پۇشۇرۇپ، ئەل-جامائەتنى چاقىرىپ، ئۇلارغا زىياپەت بەرسىمۇ بولىدۇ.

ئەقىقە قاچان قىلىنىدۇ؟

ئەقىقىنى بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنىدە قىلىش سۈننەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەر قانداق بالا ئۆزىنىڭ ئەقىقىسىگە مەھبۇستۇر. بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بولغاندا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قوي بوغۇزلىنىدۇ، بېشى چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئېتى قويۇلىدۇ.»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئەقىقىنى يەتتىنچى كۈنىدە قىلالمىغانلار ئون تۆتىنچى ياكى يىگىرمە بىرىنچى

(1) ئەبۇداۋۇد ۋە باشقىلارنىڭ«سۈنەن» توپلاملىرىدا رىۋايەت قىلىنغان، ئەللامە ئالبانىي«سەھىھ» ھەدىسلەر قاتارىدىن سانىغان ھەدىس.

كۆنلىرىدە ياكى قايسىبىر ۋاقىتتا قىلسىمۇ ئادا تاپىدىغانلىقىنى كۆپ سانلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بايان قىلغان. ھەدىستە يەتتىنچى كۈننى قەيت قىلغانلىق پەقەت ئەۋزەللىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما قايسى ۋاقىتتا قىلسا ئادا تاپىدىغانلىقىدا شەك يوق.

بوۋاقنىڭ چېچىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە قىلىش سۈننەتمۇ؟

بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرگەندە، ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئېغىرلىق مىقدارىنى ئۆلچەپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدا، كۈمۈش سەدىقە قىلىش سۈننەت دېيىدىغان كۆز قاراش مەۋجۇت. بۇ قاراشتىكى ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى : «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىسى ھەسەن ئۈچۈن ئەقىقە قىلدى ۋە: ـ ئى فاتىمە! بۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، چاچنىڭ ئېغىرلىقى باراۋىرىدە كۈمۈش سەدىقە قىلغىن! ـ دېدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەسەننىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ ئۆلچىگەن ئىدى، بىر تەڭگە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ئېغىرلىققا تەڭ كەلدى»[1] دېگەن ھەدىستۇر. بۇ ھەدىسنىڭ «سەھىھ»دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكى سەۋەبلىك، بەزى ئۆلىمالار: بالىنىڭ چېچىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە قىلىشنى سۈننەت ياكى مۇستەھەپ دېگىلى بولمايدۇ، دېگەن.

ئەقىقە ئۈچۈن بوغۇزلىنىدىغان قوي قانداق بولىشى كېرەك؟

ئىسلام ئۆلىمالىرى ئەقىقە ئۈچۈن بوغۇزلىنىدىغان قوينىڭ قۇربانلىق

(1) ئىمام تىرمىزىنىڭ«سنن الترمذي»(سۈنەنى تىرمىزى)ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1519ـ ھەدىسى. بۇ ھەدىسنى ئەلبانى ھەسەن دېگەن، (1226) ھەدىس.

قىلىشقا يارايدىغان قويدىن بولىشىنى شەرت قىلىدۇ. خۇددى قۇربانلىق قىلىدىغان ھايۋاننىڭ بەك ئۇرۇق ياكى بەك قېرى ياكى مېيىپ ھايۋانلاردىن بولماسلىقى ياكى قويىنىڭ ئالتە ئايلىقتىن، ئۆچكىنىڭ بىر ياشتىن كىچىك بولماسلىقى شەرت قىلىنغاندەك، ئەقىقە ئۈچۈنمۇ بۇ شەرتلەر تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەقىقە بىلەن قۇربانلىقنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى: قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تۆگە ياكى بىر كالا يەتتە ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ. يەنى يەتتە ئادەم بىرلىشىپ بىر تۆگە ياكى بىر كالا قۇربانلىق قىلسا ئادا تاپىدۇ. ئەمما ئەقىقە بۇنداق ئەمەس. ئەقىقىدە ھەر بىر بالا ئۈچۈن ئايرىم قان ئېقىتىش شەرت. بىر كالا ياكى بىر تۆگە بوغۇزلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەت بىر بالىنىڭ ئەقىقىسى ئۈچۈنلا بولىدۇ.

ئەقىقە قىلىش ساۋاب، ئەمما ئىسراپچىلىق گۇناھتۇر

جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن كىشىلەر بالىلىرىنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىش باھانىسى بىلەن كۆپ ئىسراپخورلۇقلارنى سادىر قىلىدۇ، بۇزۇپ-چاچىدۇ، ئەقىقىدىن پايدىلىنىش ھەققى بولغان يوقسۇللارنى، ھاجەتمەنلەرنى، يېتىملەرنى ۋە تۇللارنى قايرىپ قويۇپ، بايلارنى، مەنسەپلىكلەرنى ۋە ئابرۇيلۇق ھاجىملارنى چاقىرىپ زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. مۇنداق قىلغانلار ھەرگىزمۇ ئەقىقىنىڭ ساۋابىنى تاپالمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقىقە قىلىشقا بۇيرۇشتا يوقسۇللارنى غىزالاندۇرۇش، شۇلارغا ياردەم قىلىپ، شۇلارنىڭ يۈزىنى كۈلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما زامانىمىزدا بۇ ئەقىقىنى قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار بۇ مەقسەتتىن چەتتە قالماقتا.

# ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ۋە خەتنە توي

ئوغـۇللارنى خەتـنە قىلىـش ئادىتىنىـڭ ئىنسـانلارنىڭ ئاتىسـى ئـادەم ئەلەيهىسسـالامدىن كەلگەنلىكـى سـۆزلىنىدۇ. مىلادىـيەدىن بـۇرۇنقى 3500- يىللارغـا ئائىـت بابىـل مەدەنىيىتـى قولىيازمىلىرىـدا ئوغـۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى سۆزلەنگەن. مىلادىيىـدىن بۇرۇنقى 2200- يىلـلاردا مىسـىردا ئـۆتكەن ئـانىخ ئـامۇن قەبرىسـىدىن تېپىلغـان قولىيـازمىلاردا ئوغـۇللارنى خەتـنە قىلىشـتىن ئـاۋۋال خەتـنە قىلىنىـدىغان ئورگـاننى مەخسـۇس دورىـلار بىـلەن مەسـت قىلىـدىغانلىقى بايـان قىلىنغان.

ئوغـۇللارنى خەتـنە قىلىـش پەيغەمبەرلەرنىـڭ پېشۋاسـى ئىبـراھىم ئەلەيهىسسالامدىن باشلاپ رەسمىي دىنىي تۈسكە كىرگەن بىر ئـادەت. پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام بىـر ھەدىسـتە:« ئىبـراھىم ئەلەيهىسسـالام 80 يېشىدا خەتـنە قىلىنغـان»[1] دېـگەن. بـۇ ھەدىسـقا ئاساسـلانغاندا، ئـاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيهىسسـالامنى خەتـنە قىلىنىشقا بۇيرىغـان ۋە شـۇندىن باشلاپ ئىبراھىم ئەلەيهىسسـالام ۋە ۋە ئۇنىـڭ قەۋمىـمۇ خەتـنە قىلىـدىغان بولغان بولىشى ئېهتىمال

## خەتنە قىلىشنىڭ ھۆكمى

پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام مۇنـداق دېـگەن: « بەش ئىـش ئـادەم ئەۋلادىنىـڭ قەدىمىـي ئادىتىـدىن سـانىلىدۇ. ئـۇلار: ئوغـۇللارنى خەتـنە

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىش، سۈننەت قىلىش، قولتۇقلارنى تازىلاش، تىرناقلارنى ئېلىش، بۇرۇتنى قىسقارتىشتۇر.»[1] ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش مەسىلىسىدە ئىسلام مەزھەپلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار. شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىگە كۆرە، ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش پەرزدۇر. ھەتتا بۇ مەزھەپلەردە خەتنە قىلىنمىغان كىشىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس دېيىلىدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىدە سۈننەتتۇر.

## خەتنە قىلىشنىڭ ۋاقتى

ئەرەب مەملىكەتلىرىدە بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ خەتنىسىنى قىلىۋېتىش ئادىتى بار. بەزىدە بالا تۇغۇلۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن خەتنىسىنى قىلىدۇ. ئالاھىدە بىر ئەھۋال بولمىسا بۇنىڭدىن كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا تونۇلغان مەشھۇر مېدىتسىنا ئالىمى دوكتور مۇھەممەد ئەلى بار مۇنداق دەپ يازغان:« تېببىي تەتقىقاتلار ئوغۇللارنى كىچىك يېشىدىلا خەتنە قىلىشنىڭ ئىنتايىن پايدىلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بالىلارنى تۇغۇلغىنىغا 40 كۈن تولماستىن خەتنە قىلىش تېببىي جەھەتتىن ياخشىراق»[2].

ئەمما ئۇيغۇرلار ۋە شۇنداقلا بارچە تۈركىي خەلقلەر ئوغۇل بالىلىرىنىڭ خەتنىسىنى بالىلار6-7 ياشلارغا كىرگەندىن كېيىن

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) دوكتۇر مۇھەممەد ئەلى بارنىڭ« قۇرئان كەرىم ۋە تىببىي تەرەققىيات» ناملىق ئەسىرىدىن.

قىلىدۇ.

## ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ تىببىي جەھەتتىكى پايدىسى

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ ئەيدىز كېسىلىدىن ساقلىنىشنىڭ بىر چارىسى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى يەنە ئافرىقا مەملىكەتلىرىدە ئېلىپ بارغان تىببىي تەتقىقات نەتىجىسىدە، خەتنە قىلىنغانلارنىڭ HIV ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتىنىڭ خەتنە قىلىنمىغانلارنىڭكىدىن 50% تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. 2006- يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي ئافرىقىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ بۇرۇنقىسىنى تەكىتلىگەن.

پروفېسسور ۋىزول 1990- يىلى مۇنداق دەپ يازغان:« مەن ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئادىتىگە ئەڭ قاتتىق قارشى تۇرغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. 1975- يىلىدىن باشلاپ ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشقا قارشى كۆپلىگەن ماقالىلارنى يازدىم. بىراق 80- يىللارنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى زامان تىببىي تەتقىقاتلىرى ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلىكىنى ۋە نەسىل ئورگانلىرىدا پەيدا بولىدىغان راكنىڭ خەتنە قىلىنمىغانلاردا كۆپ بولىدىغانلىقىنى ھەمدە خەتنە قىلىنمىغانلاردا سۈيدۈك تۇرۇبىلىرىدا كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتىنىڭ زور بولىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققاندىن كېيىن، ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئادىتىنى قوللىغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالدىم».

تىببىي مۇتەخەسسىسلەردىن دوكتور ھېلبېرگ مۇنداق دەپ يازغان:« تىببىي تەتقىقاتلار جىنسىي ئورگاندا بولىدىغان راكنىڭ خەتنە قىلىنغانلاردا ئىنتايىن ئاز كۆرىلىدىغانلىقىنى ۋە يەھۇدىيلار بىلەن

مۇسۇلمانلاردا مۇنداق راكىنىڭ يوقنىڭ ئورنىدا ئىككەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوغۇل باللىرىنى كىچىك يېشىدىلا خەتنە قىلىدۇ».

## خەتنە تويى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىدۇر

خەتنە توي قىلىش تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ پەرزەنت ئاتا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت كاتتا نېمەتكە شۈكۈر ئىزهار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدۇ. خەتنە تويى خەتنىسى قىلىنغان باللار ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ خەتنە تويى بولغان كۈن ئۇلار ئۈچۈن چوڭ بايرام بولىدۇ. دوستلىرى، تۇغقانلىرى ئۇنى تەبرىكلەپ ھەدىيەلەرنى تەقدىم قىلىدۇ. ئاتا-ئانىلارمۇ بايرام خۇشاللىقىنى ياشايدۇ، بەزىلىرى ئالاھىدە مېھمان چاقىرىپ، قازان ئېسىپ بۇ خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلىدۇ.

باللارنىڭ خەتنە تويىنى قىلىش ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ شاملارنى ياققاندىن نەچچە ھەسسە ياخشى ۋە ئېسىل پائالىيەتتۇر. چۈنكى تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش مىللىتىمىز ئارىسىغا باشقا دىنىدىكى مىللەتلەردىن كىرگەن ئادەت بولۇپ، بىزنىڭ نە مىللىي، نە دىنىي ئەنئەنىمىزدە بولمىغان يات ئىشتۇر.

باللارنىڭ خەتنە تويىنى قىلىش دىنىي مەجبۇرىيەت ئەمەس، بەلكى مىللىي ئەنئەنە. شۇڭا خەتنە توي قىلغۇچىلارنىڭ ئىسراپچىلىق قىلىپ گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى ئىسراپچىلىق ئېغىر گۇناھتۇر. ئاللاھ تائالا ئىسراپخورلارنى شەيتانلارنىڭ دوستلىرى دەپ تەبىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنى قاتتىق سۆككەن.﴿ إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُوا

﴿إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ﴾يەنــى﴿ ئىســراپخورىلار ھەقــقەتەن شــەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر﴾[1] ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر قىسىم كىشىلەر بالىلىرىنىڭ خەتنە تويى مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇن ئىسراپچىلىقلارنى قىلىدۇ. ئۇلار ئىقتىسادىي ياردەمگە مۇھتاج بولۇۋاتقان تۇغقانلىرى، دوستلىرى ۋە يېقىنلىرى شۇنچە كۆپ تۇرسىمۇ، خۇددى پۇلنى خەجلىگىلى يەر تاپالمىغاندەك ئىسراپ قىلىپ تۆكىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل-مالنىڭ ھېسابى بار. خەلقىمىزدىمۇ :« ھالالنىڭ ھېسابى بار، ھارامنىڭ ئازابى(بار)»دەيدىغان ھېكمەت بار.

(1) ئىسرا سۈرىسى27-ئايەت.

# ئانا-بالا ھەقلىرى

## بالا ئېمىتىش مەسىلىسى

ھەرقانداق ھايات ئىگىسىنىڭ ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇشى ۋە ساغلىقىنى ساقلىشى ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشى كېرەك. ئوزۇقلارمۇ ئۆز تەركىبلىرىگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. بىرىگە پايدىلىق بولغان نەرسە، باشقا بىرسىگە زىيانلىق بولۇشى ئېھتىمال. بوۋاقلارنىڭ ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ پايدىلىق ئوزۇقى سۈتتۇر. سۈتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ پايدىلىق بولغىنى ساغلام ئانىنىڭ سۈتى بولۇپ، ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاققا ئەڭ ئاز دېگەندە 24 سائەت ئانا سۈتىنى ئەمدۈرۈش ئۇنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى تېببىي يەكۈنلەرگە ئاساسلانغاندا، ئانا سۈتىنىڭ تەركىبلىرى بوۋاقنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ياسالغان سۈت تۈرلىرىنىڭ تەركىبلىرىدە يوقتۇر. ئانىنىڭ بالىسىنى ئېمىتىشكە باشلىغان ئاۋۋالقى كۈنلىرىدىكى سۈتىنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردىكى پروتېين (ئاقسىل) ۋە مەدەن ماددىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (Colustrum) ماددىسى بار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭدا ماي ۋە شېكەر ئاز بولىدۇ. چۈنكى بوۋاقنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە بۇلارغا ھاجىتى بولمايدۇ. مۇندىن باشقا، ئانا سۈتىنىڭ تەركىبىدە بوۋاقنى ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە قارشى قوغدىغۇچى ماددىلار بار.

سىل كېسىلى ۋە باشقىمۇ ئېرسىي كېسەللىكلىرى بولغان ئانىنىڭ سۈتىنى بوۋاققا ئېمىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، ئېمىتكۈچىدىكى بۇ ئېرسىي كېسەللىك بوۋاققا ئۆتىدۇ - دە ، ئۇنىڭ بېجىرىم ئۆسۈشىگە توسقۇن بولىدۇ. بوۋاقنى ئۆز ئانىسىنىڭ

ئېمىتكىنىگە ھېچ نەرسە تەڭ بولالمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئانا ئۆز بالىسىغا ئۆز جىنىدىنمۇ بەك كۆيۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە مېھرى ـ شەپقەت كۆرسىتىدۇ. ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغان باللار، باشقا ئاياللاردىن ياكى ھايۋانلاردىن سۈت ئەمگەن باللارغا قارىغاندا ساغلام ۋە باشقىمۇ تەرەپلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئۆسىدىغانلىقىمۇ تېببىي ۋە پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىردەك بەكۈنىدۇر. چۈنكى، ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ يېتىلگەن بوۋاق ئەڭ ئاۋۋال ئانىلىقنىڭ تېپىلماس شەپقىتىگە قانىدۇ، ئانىسىغا كۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئامراقلىقىنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. كېلەچەكتىمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. تېببىي تەرەپتىن ئانىغا بالىسىنى ئېمىتىشكە بىر ھەر توسقۇنلۇق كۆرۈلگەن ۋاقىتتا، بالىنى ساغلام ھايۋاننىڭ سۈتىنى ئەمدۈرۈشكە بولىدۇ. بوۋاقنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئەڭ كۆپ ئىككى يىل ئېمىش ھەققى باردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: .﴿ وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ﴾يەنى ﴿ ئانىلار (باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم[1]﴾

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەنلىك سەۋەبتىن ئوتتۇرىدا قالغان بوۋاقلارنى ئۆز ئانىسى ئېمىتىدۇ. ئۇنىڭ ئېمىتكىنى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ھەق تۆلىشى لازىم كەلمەيدۇ. ئانا ئەگەر ھەق تەلەب قىلسا، بەرسە بولىدۇ.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 233 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ لَا تُكَلَّفُ نَفْسٌ إِلَّا وُسْعَهَا لَا تُضَارَّ وَالِدَةٌ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوْلُودٌ لَهُ بِوَلَدِهِ﴾يەنى ﴿ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. پەقەت كىشى قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارغىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم.[1]﴾

بالىنى ئۆزى تەرەپكە ئېلىۋالغان ئاتىنىڭ ئانىنى بالىسىنى ئېمىتىش توغرۇلۇق زورلاش ھەققى يوقتۇر. ئانا خالىسا ئۆزى ئېمىتىدۇ، خالىسا باشقا ئىشەنچلىك ئانىنىڭ ئېمىتىشىگە رازى بولىدۇ. باللار ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل باللار ئاتىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ يېنىدا، قىزلار ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق ئۈچۈن ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرغىنى ياخشى. ئەپسۇسكى، ھازىرقى جەمئىيەتتە، كۆپلىگەن كىشىلەر ئائىلە دەۋالىرىنى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۆز ئارىلىرىدا ھەل قىلماستىن، بىر ـ بىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىپ سوتلارغىچە بېرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى خار ۋە رەسۋا قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۆز ئارىسىدىكى مۇھەببەت، ھۆرمەتلەرنىمۇ يوقىتىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئۇنۇتىدۇ:﴿ وَلَا تَنْسَوُا الْفَضْلَ بَيْنَكُمْ إِنَّ اللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾يەنى ﴿ ئۆز ئارا ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار! ئاللاھ

(1) بەقەرە سۈرىسى 233 ـ ئايەت

ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

## بوۋاقلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقى

ھەرقانداق ھايات ئىگىسىنىڭ ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇشى ۋە ساقلىقىنى ساقلىشى ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشى كېرەك. ئوزۇقلارمۇ ئۆز تەركىبلىرىگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. بوۋاقلارنىڭ ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ پايدىلىق ئوزۇقى سۈتتۇر. سۈتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ پايدىلىق بولغىنى ساغلام ئانىنىڭ سۈتى بولۇپ، ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاققا ئەڭ ئاز دېگەندە 24 سائەت ئانا سۈتىنى ئەمدۈرۈش ئۇنىڭ تەن ساقلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى تىببىي يەكۈنلەرگە ئاساسلانغاندا، ئانا سۈتىنىڭ تەركىبلىرى بوۋاقنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ياسالغان سۈت تۈرلىرىنىڭ تەركىبلىرىدە تېپىلمايدۇ. شۇڭا بوۋاقلارنى ئۇلار ئالتە ئايلىق بولغىچىلىك پەقەت ئانا سۈتى بىلەنلا ئوزۇقلاندۇرۇش تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنماقتا.

(1) بەقەرە سۈرىسى 237 ـ ئايەت

# بوۋاقلارنىڭ ئانا قۇچىقى ۋاقتى-ھەزانە

بوۋاقلارنىڭ ئانا قۇچىقى ۋاقتى - بوۋاق چوڭ بولۇپ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ئۆزى يەپ، ئىچەلەيدىغان، كېيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيەلەيدىغان بولغىچىلىك ئارىلىقتىكى ۋاقىت دېمەكتۇر.

بوۋاقلارنىڭ ئانا قۇچىقى ۋاقتىدا، ئۇلارغا ياخشى قاراش ئاتا - ئانىنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاتا-ئانا ئۆزلىرى بېقىشى ۋە تەربىيىگە بىۋاسىتە ئۆزلىرى ئىگە بولۇشى زۆرۈردۇر. چۈنكى ھازىرقى ئەسىرىمىزدە، يەسلى دەپ ئاتىلىدىغان مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇپ بوۋاقلارنى ئەتىگەندىن - ئاخشامغىچە بېقىش ۋەزىپىسىنى ئېلىپ بارماقتا. بۇ مۇئەسسەسەلەر ھەقىقىي مەنىدىكى يەسلىلەر ئەمەستۇر. ھەقىقىي يەسلى ئانىنىڭ ئىسسىق قوينىدۇر. ياۋروپانىڭ يالغان - ياۋۇداق، ساختا، رەڭلىك ئېلانلىرىغا ئالدىنىپ قالغان بەزى كىشىلەر، ھەرقايسى جەمئىيەتلەردىكى يەسلى ئاتالغان مۇئەسسەسەلەرنى ماختاپ، ئۇلار باللارنى ئۆز ئانىسىدەك ياخشى قاراپ بېقىپ، ساغلام چوڭ قىلىدۇ دېيىشىدۇ. بۇ خاتادۇر. چۈنكى ئۇلار باللارنى ياخشى بېقىپ، قورسىقىنى ياخشى تويغۇزۇپ چوڭ قىلغان بىلەن، ئۇلارنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالمايدۇ، ئۇلارغا ئانىنىڭ بەرگەن مېھرىنى بېرەلمەيدۇ، ئۇلارغا ئىمان، ئىسلام ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، تىللىرىنى ئىسلام كەلىمىلىرى بىلەن ئاچالمايدۇ. باللارنى باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش قورسىقىنى توق، كۆڭلىنى خوش قىلىپ بېقىش بىلەن، ئۇلارغا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچلارنى ئۆتىگەن بولمايدۇ. ھازىرقى كۈنىمىزدىكى باللارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈنمەسلىكى، ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەسلىكى، ئۈستىدىكى ئۇلارنىڭ ھەق — ھوقۇقلىرىنى تونۇماسلىقى ئۇلارنىڭ

كۆپلىرىنىڭ ئانىلار قوللىرىدا ئەمەس، بەلكى يەسلى دېگەن مۇئەسسەسەلەردە ھېسسىياتسىز، سۆيگۈسىز، ئېتىقادسىز ھالدا، باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش چوڭ بولغانلىقى سەۋەبتىن بولسا كېرەك. باللار ئانىسىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ياشلىرىدا، يەسلى دېگەن يەرلەردە سۆرۈلۈپ يۈرۈپ ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولغاچقا، ئۇلار سۆيگۈ ــ ۋاپادىن خەۋەرسىز چوڭ بولىدۇ.

## ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن باللار كىمگە بېرىلىدۇ؟

ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن باللارنى ئانىسىنىڭ بېقىشى ئۈنىڭدىن بىھاجەت بولغىلى بولمايدىغان مۇھىم ئىشتۇر. بۇ مەزگىل ئىچىدە بوۋاقنى پەرۋىش قىلىشتا ئۈنىڭ ئانىسى دادىسىدىنمۇ ھەقلىقتۇر. بوۋاقنى بۇ مەزگىل ئىچىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ھەققىنى ئۈنىڭ ئانىسىغا بەرگەن. ھەر بوۋاق ئۈچۈن ئۈنىڭ ئۆز ئانىسى ئەڭ كۆيۈمچان ۋە ئەڭ مېھرىبان كىشىسىدۇر.

شۇڭا دەيمىزكى، باللىنى تەربىيىلەش ھوقۇقى «ئانا قۇچىقى» نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۈنىڭ ئانىسىغا بېرىلگەن تەبىئىي ھوقۇق. ئۈنىڭدىن قالسا، ئۈنىڭغا ئانىسىنىڭ ئايال تۇغقانلىرى ھەقلىقتۇر. بۇ ھوقۇق ئۈچۈن ئانىسىنىڭ ھەقلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

بىرىنچىدىن، بوۋاق ئۆزىنىڭ يېمىكىنى ئۆزى يەپ، ئىچەلەيدىغان بولغىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئانىسىغا قاتتىق ئېھتىياجلىقتۇر.

ئىككىنچىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سابىت بولغان ھەدىسلەردە، بوۋاقلارنى ئۆز ئانىسى بېقىپ، تەربىيىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى تەكىتلىنىدۇ.

ئۇچىنچىدىن، ئانىسى ئۆز بالىسى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلالايدۇ ۋە بالىسىغا بىرىشكە تېگىشلىك ئانىلىقنىڭ تېپىلماس مېھرىنى بېرەلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېرى بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئېرى بالىسىنى تارتىۋالماقچى بولغان بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەرز قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ياتلىق بولغانغا قەدەر بالاڭنى ئۆزۈڭ بېقىشىڭغا ھەقلىقسەن»[1] دېگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرى بوۋاقلارنى يەسلى ياشلىرىدا بېقىشقا، تەربىيىلەشكە ئانىسىنىڭ ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

بالىنىڭ چىقىملىرىنى ئاتىسى كۆتىرىدۇ. چۈنكى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە ئانىنى ۋە بالىنى بېقىش پەرزدۇر. بالا تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ھەققىدە تۆۋەندىكى 3 ھوقۇق بەلگىلەنگەن بولىدۇ:

1. ئۇنى تەربىيىلەش ھوقۇقى.

2. ئۇنىڭ جېنىنى قوغداش ھوقۇقى.

3. ئەگەر ئۇنىڭغا ئاتاپ قويۇلغان مال بولسا، ئۇنى قوغداش ھوقۇقى.

## ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى تاشلاپ كەتكەن بالىنىڭ ئەھۋالى

ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالغان بوۋاقنى ئانىسىنىڭ ئانىسى بېقىشقا ھەقلىقتۇر. ئەگەر ئانىسىنىڭ ئانىسىمۇ

---

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، ھاكىم «سەھىھ»دەپ باھالىغان ھەدىس.

بولمىسا ياكى ئۇ باقمىسا، ئۆز ئاتىسى باقىدۇ. ئۇمۇ بولمىسا، ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىلىرى باقىدۇ. ئۇلارمۇ باقمىسا، ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىلىرى باقىدۇ.

**بالا باققۇ ئايالنىڭ ئۈنىڭغا ھەقلىق بولۇشىنىڭ شەرتلىرى**

ئۆز ئانىسى بولمىغان ياكى ئانىسى تاشلاپ كېتىپ قالغان، يېقىن تۇغقانلىرىمۇ ئۇنى ئۆز تەربىيەسىگە ئالمىغان بالىلارنى تەربىيىلەشكە ھەقلىق بولغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. بالىنى باققۇچى ئايالنىڭ ئاقىل، بالىغ ۋە مۇسۇلمان بولۇشى،

2. بالىنى باققۇچى ئايالنىڭ بالىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلەشكە كۈچى يېتىدىغان، ياشراق، تېنى ساق ئايال بولۇشى. ئۆزى ياشىنىپ قالغان ياكى كېسەلچان ياكى سىرتتا ئىشلەيدىغان ئايال بالىنى بېقىش مەسئۇلىيىتىدىن چىقالمايدۇ.

3. بالىنى باققۇچى ئايالنىڭ ئەخلاقى، دىنىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك بولۇشى. ئەگەر ئەكسىچە بولسا، بالىنى بۇزۇپ قويىدۇ.

# ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى

## ئاياللارنىڭ بىلىم ئېلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى

ئىسلام دىنى ئۆگىنىشكە چاقىرغان ئىلىملەر، ئەر - ئايال ھەر ئىككى جىنسقا ئورتاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ھەدىستىكى بۇيرۇق ئەر - ئايال ھەر ئىككى جىنسقا ئوخشاش قارىتىلغان. ئىسلام تارىخىدا، ئاياللار ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ھوقۇقىدىن ھېچ ۋاقىت چەكلەنگەن ئەمەس. لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ دىنىنى كەمسىتىپ، كىشىلەرنىڭ رايىنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى توقۇپ كەلدى. «ئىسلام دىنى ئاياللارنى كەمسىتىدۇ»، «ئۇلارنى ئىلىم ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ» دەيدىغان ئاساسسىز دەۋالارمۇ بۇ تۆھمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئىسلام دىنىنى ياخشى چۈشەنمىگەن بەزى كىشىلەرمۇ بۇنداق يالغان دەۋالارغا ئىشىنىپ قالماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ ئۆز دىنىمىزنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىر كۈنى ساھابىلارنىڭ ئاياللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!، ئەرلەر سىزنىڭ دەرسىڭىزگە ھازىر بولۇپ دىني مەسىلىلەرنى ئۆگىنىدۇ، بىزلەرگىمۇ ئايرىم بىر كۈننى بەلگىلەپ بەرسىڭىز، شۇ كۈندە ئاللاھ تائالا سىزگە

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

بىلــدۈرگەنلەرنى بىــزلەرگە ئۆگەتســىڭىز، ـــ دېگەنــدە، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام ئـۇلارنى: «پـالانى كـۈنى، پـالانى يەردە توپلىنىـڭلار» دەپ بۇيرۇپ، شۇ بەلگىلەنگەن كۈنلەردە ئاياللارغا مەخسۇس تەلىم بەرگەن.

## پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ۋە ســاھابىلارنىڭ ئايــاللىرى ياخشــى ئۈلگە

پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ۋە سـاھابىلارنىڭ ئايـاللىرى ئىچىــدىن قۇرئـــاننى، كـــۆپلىگەن ھەدىســـلەرنى يادلىغـــان، شــېئىر، نەســـر ۋە تارىخلارنى يازىـدىغان ئايـاللار كـۆپ بولـۇپ، ھەتتـا مەشـھۇر سـاھابىلار ۋە بۈيـــۈك ئـــالىملار پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسســـالامدىن بىۋاســـىتە ســـوراپ ئـــۆگىنەلمىگەن ئـــائىلە بىلىملىرىنـــى، ئاياللارغـــا قىلىنىـــدىغان مۇئامىلىلەرنىــڭ قائىــدىلىرىنى، ئاياللارغــا مەخســۇس بولغــان ئــايلىق ئـــادەت، قورســـاق كـــۆتىرىش، تۇغـــۇت ۋە بـــالا ئېمىـــتىش قاتـــارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئاياللىرىـدىن سوراپ ئۆگەنگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيـغەبەر ئەلەيھىسسـالامدىن 1210 ھەدىــس رىــۋايەت قىلغــان. ئــۇ، ئــۆزى ئــايەت ۋە ھەدىســلاردىن ھۆكــۈملەرنى چىقىرالايتتــى، ئۆزىــدىن ياشــتا چــوڭ بولغــان كــۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىـك جـاۋابلارنى بېرىـپ، ئـۇلارنى دىنىـي مەسـىلىلەردىن خەۋەردار قىلاتتــى. ھەپســە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا يېــزىش ـ ئوقۇشـتا مـاھىر بولغانلىــقى سـىرتىدا، ئۇسـتا خەتتـات ئىـدى. كـۆپلىگەن ئـالىملار ۋە مەزھەپ پىشـىۋالىرى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامدىن كېـيىن، ئاياللارغـــا مۇناســـىۋەتلىك بولغـــان مەســـىلىلەرنى ۋە نۇرغۇنلىغـــان ھەدىسـلارنى شـۇ ئايـاللاردىن ئـاڭلاپ ئـۆگەنگەن. تارىختـا ئېيتىلىشـچە 700 دىــن ئــارتۇق ئايــال پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالامدىن ھەدىســلارنى رىۋايەت قىلغان. ئۇلاردىن ئـالىملار ئـۆگەنگەن. مەسـىلەن: مەشـھۇر ئـالىم

ئىبنى ئەساكىر ئىراق ۋە سۈرىيە ئەتراپىدا 500دىن ئارتۇق ئايالدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىپ رىۋايەت قىلغان. مىسىر، شام، ئىراق، يەمەن، ماراكەش، ھەبەشىستان ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق ئىسلام شەھەرلىرىدە، تارىخ، ئەدەبىيات، شېئىر، تەپسىر، ھەدىس قاتارلىق ئىلىملەردە تونۇلغان مەشھۇر ئاياللار كۆپ ئۆتكەن ئىكەن.

## بىلىمسىزلىك ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىش دەۋرى

مۇسۇلمانلار 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ھەرخىل قالاق پىكىرلەر ۋە خۇراپى ئېقىملارغا ئەگىشىپ كېتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ۋە ئىسلامنىڭ بۇرۇنقى پارلاق دەۋرلىرىدە ياشاپ، ھاكىمىيىتىنى ئۈچ قىتئەدە سۈردۈرگەن ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن، ئۇلاردا تەركىيدۇنيالىق، چەكتىن ئاشقان شۇكۇرۋازلىق، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىشتىنمۇ ئۆز ـ ئارىسىدىكى زۆرۈر بولمىغان دىنىي تالاش ـ تارتىشلارنى ئەۋزەل كۆرۈش قاتارلىق ئىللەتلەر قانات يايغان. شۇڭا بىزدىكى بەزى قالاق موللىلار ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، مەدەنىيەتلىك ، پاكىز ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇشقا چاقىرىدىغان، ھەتتا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەر ساھە ئىلىملىرىنى ئوقۇپ ئۆگىنىشنى ئەڭ ئالدىنقى پەرزلەردىن قىلىپ بېكىتكەن ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ھەرخىل پەتىۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇ دىننى ھاياتلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ كەلدى. مىللىتىمىزنىڭ ئانىلىرى بولغان ئاياللارنى مەسجىدلەردىن ۋە باشقا ھەر قانداق ئىجابىي ئاممىۋى پائالىيەتلەردىن، دىنىي سورۇنلاردىن چەكلەپ كەلدى. قىزلاردىن بىلىم ئەلىشتىن توستى. ھەتتا ئاۋامنىڭ ئېتىقادىدا

«قىزلار كۆپ ئۇقۇسا تەلەيسىز بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان قالاق چۈشەنچە شەكىللەندى. نەتىجىدە، بۇلار ئۆزلىرى بىلمىسىز قالغاننى ئاز دەپ، ئاياللارنىڭمۇ بىلىمسىز، نادان قېلىشىغا سەۋەب بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاشۇ بىلىمسىز ئانىلارنىڭ قولىدىن ئۆسۈپ چىققان ئەۋلادلار دىنىنىڭ ۋە مىللىي ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان، ھەدەپ ئۇنى قارىلايدىغان بولۇپ چىقتى. ئاخىردا، ئىسلامىي ۋە مىللىي ئەخلاقىمىزدىن نېسىۋە ئالالمىغان بۇ ئەۋلادلار ياۋروپالىقلارنى ۋە دىنسىزلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىۋالدى.

## ئانىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشى ئاتىلارنىڭكىدىن مۇھىم

ئانىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشى ئاتىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشىدىنمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى ئائىلە باللارنىڭ ئىپتىدائىي مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئاتىنىڭ رولىدىنمۇ ئانىنىڭ رولى ئەلۋەتتە چوڭ. باللار كۆپرەك ئانىسى بىلەن بولىدۇ. كۆپ نەرسىلەرنى ئانىسىدىن ئۆگىنىدۇ. باللار كېيىن، رەسمىي مەكتەپكە بېرىپ، ئائىلىدە قوبۇل قىلغىنىغا زىت كېلىدىغان، ھەرخىل پىكىرلەرنى قىسمەن قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە دەسلەپ قوبۇل قىلغان ئەقىدىسى، پىكرى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭغا زىت پىكىرلەر ئۇنى ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دەسلەپكى قەلبى خۇددى ئاپئاق قەغەزگە ئوخشاش ساپ بولىدۇ. مانا بۇلار تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر.

## ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى

ئائىلىنىڭ ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ۋە شەرەپلىك بىر ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى، ئاياللارنىڭ بۇ ۋەزىپىگە ئەڭ ئۇيغۇن يارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنسان

نەسلىنىڭ يەر شارىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئانىلارغا مۇھتاجدۇر. پسىخولوگىيە، تەربىيە ئالىملىرى ۋە بىيولوگىيە مۇتەخەسسىلىرى ئايالنىڭ يارىتىلىشىدىنلا ئانىلىققا ھازىرلانغانلىقىنى يەكۈنلەيدۇ. ئايال ئۆتەيدىغان ئانىلىق ۋەزىپىسىنى ئەرلەردىن بىرەرسىمۇ ئۆتىيەلمەيدۇ. ھەتتا پۈتۈن ئەرلەر جىنسى بىرلىشىپمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمايدۇ. ئانىنىڭ باللارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن بولۇشى ئانا ـ بالا ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىكتۇر. ئانا ھەردائىم ئۆز بالىسىنىڭ يېنىدا بولۇشىنى، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن بېقىپ، باغرىغا بېسىشى ئارقىلىق ئانىلىقىنىڭ ھوزۇرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بالىمۇ ئانىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە موھتاجدۇر. ئۇنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە پەرۋىشى ئاستىدا بولۇشقا بولغان ئېھتىياجى ئانىسىنىڭ تەبىئىي تاتلىق سۈتىدىن ھوزۇرلىنىشقا بولغان ئېھتىياجىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

ئانىلارنىڭ يۈرەك پارىسى، ئۇلارنىڭ بۆگۈنى ۋە ئەتىسى ، ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىر پارچىسى بولغان، ئەڭ قىممەتلىك باللىرىنى ئۆزلىرى ھەر ۋاقىت باغرىغا باسماي، باشقا بىرسىنىڭ تەربىيىلىشىگە تاشلاپ قويۇشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. ئەلۋەتتە ئاياللار ئۈچۈن ئىشتىن ۋە پۈتۈن دۇنيا بايلىقلىرىدىن ئۇلارنىڭ باللىرى قەدىرلىك ۋە ئەۋزەلدۇر. توغرا، ئائىلىنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلىرى سەۋەبىدىن بەزى ئاياللار سىرتتا ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن، ئاتا بولغان ئادەمنىڭ قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرۈش بۇرچى بار. شۇڭا ئەرلەر جىسمانىي جەھەتتە ئاياللاردىن كۈچلۈك يارىتىلغان. ئائىلە ئېھتىياجلىرىنى ئاتىلار جايىدا تولۇقلىسا، ئانىلارمۇ ئۆز ئۆيىدە ئارامىدا ئولتۇرۇپ باللىرىنى تەربىيىلەش،

يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

## ئايال ۋە ئىشلەش

ئالدى بىلەن شۇنى ئېنىق ئېيتالايمىزكى، ئىسلام شەرىئەت قانۇنىدا ئاياللارنىڭ سىرتتا ئىشلىشىنى چەكلەيدىغان بىرەر ھۆكۈم يوق. ئاياللار ئىسلام دىنىنىڭ گۈللەنگەن شانلىق ئەسىرلىرىدىمۇ ئىشلەشتىن ۋە جەمئىيەتكە ھەسسە قوشۇشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئەمەس. ئاياللارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش يولىدا ئۆزلىرىگە لايىق كېلىدىغان شەرەپلىك ئورۇنلاردا ئىشلىشى جائىزدۇر.

شۇنداقتىمۇ، ئەگەر بىز ئايالنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋەزىپىسىگە ۋە ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، بۇ ۋەزىپىنىڭ ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ يەر-يۈزىدە داۋام قىلىشىغا باغلىق بولغان ئالاھىدە ئۇلۇغ، مۇھىم بىر ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ۋەزىپە قايسى دېگەندە «ئانىلىق» ۋەزىپىسىدۇر. ئايالنىڭ يارىتىلىش تەبىئىتى، ئۇنىڭ ئانا قارنىدا تۆرەلگەن ئاۋۋالقى ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇنى بۇ ۋەزىپىگە تەييارلايدۇ.

پسىخولوگىيە ۋە تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئانىنىڭ ئۆز بوۋىقى بىلەن مەشغۇل بولۇشىنىڭ ئانا-بالا ھەرئىككىسى ئۈچۈن تەبىئىي زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى قارار قىلىدۇ. ئانا ئۆز بوۋىقىنى بېقىشقا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىشى ئارقىلىق ئانىلىقتىن ھۇزۇرلىنىشقا بولغان ئېھتىياجىنى ھەمىشە ھېس قىلغۇچىدۇر. يەر شارىدا ئۆز بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، كېچە كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشنى ئارمان قىلمايدىغان، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجى يۈزىسىدىن

بالىسىنى ئۆيىدە تەرك ئېتىپ ياكى باشقىلارنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ئىشقا كەتكىنىگە كۆڭلى بىئارام بولمايدىغان ۋە تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجى مەجبۇر قىلمىسا، ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپ بالىسىنى باغرىغا بېسىشنى ئارزۇ قىلمايدىغان بىرەر ئانا بارمىدۇ؟!

**بالىلار ھەر زامان ئۆز ئانىسىغا مۇھتاج**

بالىمۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا بولۇشقا، ئانىسىنىڭ ئىسسىق قوينىدىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئېلىشقا تولىمۇ مۇھتاجدۇر. ئانىلار ئىشەنچ قىلىپ بالىلىرىنى تاشلاپ قويىدىغان يەسلىلەر بالىلارنى باشقا جانلىقلارنى باققاندەك باقالىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئىنسانىي خىسلەتتە، ئىنسانىي ئەخلاقتا يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەلۋەتتە ئاجىزدۇر.

ئامېرىكىلىق ئىجتىمائىي ئىشلار مۇتەخەسسىسى پروفېسسور دوكتور ئېدالىن خانىم مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەجرىبىلەر ئانىنىڭ ئۆز ئۆيىدە بولۇشىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە بالىلىرىنىڭ تەربىيە ئىشلىرىغا ئۆزلىرى ئىگە بولۇشىنىڭ نەقەدەر كېرەكلىك بولغان زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرقى زامان بالىلىرىدىكى ئەخلاق سەۋىيىسى بىلەن ئۆتمۈشتىكى بالىلارنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئانىلار سىرتتىكى ئىشلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئۆيلىرىنى تاشلاپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەسىنى تەرك ئەتتى ۋە تەربىيە ئىشىنى ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان بىرسىگە تاپشۇردى».

مانابۇ، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان بىر ئايال مۇتەخەسسىسنىڭ يەكۈنى. بىز مۇسۇلمانلار ئەلۋەتتە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بىزنىڭ دىنىمىز، ئانىلارنىڭ بالىلارنى

باشقىلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆز قولىرى بىلەن باقماسلىقنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى 14 ئەسىر بۇرۇنلا ئېيتىلغان قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە تەجرىبىلەر ۋە ئاچچىق ساۋاقلارنى كۆرگەندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى قايتا ئىسپاتلىماقتا. ئۆزى باقماي باشقىلارنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ چوڭ قىلغان بالىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن يېتەرسىز بولۇپ چىقىشىنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنىڭ ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئاجىز بولىدىغانلىقىمۇ ھەممىگە مەلۇم.

بالىلار يۈرەك پارىمىز، جېنىمىز ۋە ھاياتلىقتىكى ئەڭ قىممەتلىك بارلىقىمىزدۇر. سىرتتىكى ئىشلار، پۇل-مال، ئابرۇي - شۆھرەتلەر يۈرەك پارىمىز، بۇگۈنىمىز ۋە ئەتىمىز بولغان شۇ بالىلىرىمىزدىن قىممەتلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. توغرا، باققۇچىسى يوق، تۇل ۋە چارىسىزلىقتىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىۋاتقان ئانىلارمۇ جەمئىيەتتە ئاز ئەمەس. ئۇلار ئىشلەشكە ھەقىقەتەن مەجبۇر بولۇپ قالغانلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭاي قىلسۇن. ئۇلاردىن باشقا ئىشلىمىسىمۇ بولىدىغان ۋە ئېرىنىڭ كىرىمى بىلەن كۇپايە قىلسىمۇ تۇرمۇشىنى نورمال ھالدا ئېلىپ كېتەلەيدىغان ئانىلار ئەقىللىرىنى ئىشلىتىپ، پەرزەنت قەدرىنى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى تونۇيدىغان بولسا، ھازىرقى مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ ئەخلاقىدا، دىيانىتىدە ئالاھىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولار ئىدى.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، كۆپىنچە ئەرەب مەملىكەتلىرىدىكى ئاياللارغا قارىتىلغان قىسمەن بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. بۇ شۇ رايونلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش.

# ئەر ـ ئايال ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى

ئايال ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ئىختىيارى بىلەن ھېچبىر زورلۇقسىز ھالدا، ئەرنىڭ زىممىسىگە ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئېرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان پۈتۈن ئىشلاردا ئۇنىڭ توغرا پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئېرىنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرىنى تونۇغان، دىيانەتلىك ئايال ئېرىگە بويسۇنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلە تېخىمۇ گۈللىنىدۇ. ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن رازى بولغان ھالدا ھايات سۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەندەك، ئاياللار يارىتىلىشىدىن ئەقلىي جەھەتتە چەكلىك ۋە ھېسسىياتىنى باشقۇرۇشتا ئاجىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، گاھىدا ئۆستىدىكى ئېرىگە ئائىت ھەق ـــ ھوقۇقلارنى تونۇمايدىغان، تونۇغاندىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان كەيپىياتلاردا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئاياللارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ:﴿ فَالصَّالِحَاتُ قَانِتَاتٌ حَافِظَاتٌ لِلْغَيْبِ بِمَا حَفِظَ اللَّهُ وَاللَّاتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَاهْجُرُوهُنَّ فِي الْمَضَاجِعِ وَاضْرِبُوهُنَّ فَإِنْ أَطَعْنَكُمْ فَلَا تَبْغُوا عَلَيْهِنَّ سَبِيلًا إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيًّا كَبِيرًا﴾يەنى ﴿ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى) ئاللاھنىڭ پاناھىدا ساقلىغۇچىلاردۇر. سىلەر ئىسيانكارلىق قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە)بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە)ئۇلارنى ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا

بولماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، سۆزگە كىرمەيدىغان خوتۇننى ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن ئىسلاھ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاۋۋال نەسىھەت قىلىش، بۇ ئۈنۈم بەرمىگەندە، ئىككىنچى ئۇسۇل بويىچە، ۋاقىتلىق بىر تۆشەكتە بىرگە بولماسلىق، بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىگەندە، ئۈچىنچى ئۇسۇل بويىچە، يېنىك ئۇرۇش. بۇلارنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

## نەسىھەت قىلىش

ئېرىنىڭ ياخشى پىكرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغان ۋە ئۈستىدىكى ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تونۇمىغان ئايالنى تەربىيىلەشتە، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىش، قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىقىنى ۋە مۇنداق قىلىشنىڭ خاتالىقىنى چۈشەندۈرۈش، تارىخلاردىكى ياخشى، ئۈلگىلىك ئاياللارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قانداقلا ئايال ئېرىنىڭ يۈزىگە چىرايىنى تۈرىدىكەن، ئۇ قىيامەت كۈنىدە چىرايى تۈرتۈلگەن ھالدا قوپىدۇ» دېگەن ھەدىسنى يادلاندۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلارنى قوللىنىش كېرەك. بۇ ۋەز - نەسىھەتلەر ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، ئۇ ياخشىلىققا قايتسا، ئىشنىڭ ھەل بولغىنى شۇ. ئەگەر ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بويۇنتاۋلىقىدا داۋام قىلىۋەرسە، ئىككىنچى ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

---

(1) نىسا سۈرىسى 34 - ئايەت

## بىر تۆشەكتە ياتماسلىق

سۆزگە كىرمىگەن ئايالنى بىر تۆشەكتە بىرگە ياتماستىن ۋاقىتلىق يوتقاندىن قوغلاش ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى جازادۇر. چۈنكى ئايال يېمەك ـ ئىچمەككە، كىيىم ـ كېچەككە ھاجەت بولغانلىقتىن ياتلىق بولمايدۇ. كۆپلىگەن ئاياللار ئۆزلىرى شۇنچىلىك باياشات تۇرمۇشتا تۇرۇپ پېقىر، يوقسۇل ۋە ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە ياتلىق بولۇشقا رازى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ياقتۇرغان جورىسى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بىللە بولۇپ، ئەر ـ ئاياللىقنىڭ سائادەتلىرىدىن ئورتاق ھۇزۇرلىنىشنى ئارزۇ قىلىپ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلارنى ۋاقىتلىق يالغۇز يېتىشقا مەجبۇر قىلىش، ئۇلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېغىر كېلىدۇكى، تۈنلىرى ئۇزۇن، ياتقان جايلىرى قاتتىق، كۆزلىرى ئۇيقۇسىز ئاتىدۇ. ئەمما ئايال بىلەن بىر تۆشەكتە بولمايمەن دەپ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، مۇنداق قىلىش جازالىغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ئۇنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇشى شەرتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئايالنى تۆشەكتىن قوغلاش (يەنى ۋاقىتلىق بىرگە يېتىشتىن مەھرۇم قىلىش) ئۆز ئۆيىدە بولىدۇ»[1] دېگەن.

ئايال ئېرىنىڭ تۆشىكىدىن مەھرۇم بولغان مۇددەت ئىچىدە، ئەگەر ئۇ ئۆز ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال بولسا، چوقۇم ئەقلىگە كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇلمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ئۈچىنچى ئۇسۇلنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

---

(1) «نيل الأوتار»(نەيلۇل ئەۋتار) 6 ـ توم 364 ـ بەت

## يېنىك ئۇرۇش

يــۇقىرىقى ئىككــى خىــل ئۇســۇل بىلەنمــۇ تــۈزەلمىگەن ئايــال بــۇ باشتۇڭلۇقىنى قەستەن ھالدا، ئېرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاشتىن زېرىكتۈرۈش ياكى ۋازكېچىشكە زورلاش ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئايال راستىنلا ئېرىدىن ئايرىلىش مەقسىتى بىلەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك بويۇنتاۋلىق قىلغان بولسا، بۇلارنىڭ چىرايلىقچە ئايرىلىپ كەتكىنى ياخشى.

ئەمما ئايال ئېرىدىن ئايرىلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكى ياكى ئېرىنى خاتا چۈشىنىپ يۈرگەنلىكىدىن شۇنداق قىلغان بولسا، ئېرىنىڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆزگەرمىگەن ئايالنى ئېرىنىڭ يۈمشاق، يېنىك ئۇرۇش بىلەن ئەدەپلەش ھوقۇقى باردۇر. ئايالنى ئۇرۇشتىن مەقسەت، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ تەكەببۇرلىقىنى، ھاكاۋۇرلۇقىنى يەرگە ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئاياللارنى ئۇرۇش يۇقىرىقى ئىككى باسقۇچلۇق نەسىھەت بىلەن ئىبرەت كارغا كەلمىگەندە، ئاخىرقى چارە بولۇپ قوللىنىلىدىغان بىر ئۇسۇلدۇر.

## ئاياللىرىنى ئۇرىدىغانلار ياخشى ئادەملەر ئەمەس

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى باسقۇچلار سىرتىدا، ئاياللارنى ئۇرۇشتىن توسقان. چۈنكى ھەدەپ ئاياللىرىنى ئۇرۇش ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە:

«ئاياللارنى ئۇرىدىغان كىشلەر ياخشى كىشلەر ئەمەستۇر»[1] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «ئۇلار بىلەن كېچىسى بىرگە بولۇپ، كۈندۈزى ئۇرامسىلەر؟!» دېيىش ئارقىلىق ھەدەپ ئاياللىرىنى ئۇرىدىغان قوپال ئادەملەرنىڭ بۇ قىلىقىنى ئەيىپلىگەن.

تارىخلاردا ياكى ھەدىسلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى ساھابىلىرىنىڭ ئاياللىرىنى ئۇرغانلىقى توغرىسىدا بىرەرمۇ رىۋايەت يوق. ئاياللىرىنى ھەدەپ ئۇرىدىغانلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى سۇيىستېمال قىلغۇچى ئەبگالاردۇر. ئاياللار جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز ۋە نازۇك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاسراش ۋە ئىمكان قەدەر ئۇرماسلىق كېرەك. ھەدەپ ئاياللىرىنى ئۇرىدىغان بۇ ئەبگا ئەرلەر ئادەتتە ئۆزلىرىگە ئوخشاش جىسمانى كۈچكە ئىگە ئەرلەرنى بۇنداق ئۇرالمايدۇ، ھەتتا ئۇلار بىلەن جېدەللىشىشتىن قورقىدۇ. ئۆزلىرىدىن كۈچلۈكرەك بىرى بىلەن جېدەللەشكىنىدە قويدەك مۇلايىم بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە تاقابىل تۇرالمايدىغان چارىسىز ئاياللىرىنى بوزەك ئەتكەندەك، باشقىلارنى بوزەك ئېتەلمەيدۇ ۋە ئۇرالمايدۇ ـ دە، شۇڭا ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىدۇ، كۈچلۈكلەردىن قورقىدۇ. مۇنداقلار كۈچىنى كۈچلۈكلەرگە كۆرسىتىشى كېرەك.

ئاياللىرىنى تاياق بىلەنلا باشقۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانلار دىيانىتى ئاجىز، ئەخلاقى ناچار، كاللىسى ئۆتمۈش زامانلارنىڭ ئەقلىيىتىدىكى قالاق ئادەملەردۇر. ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىپ ئاياللىرىنى خالىغانچە ئۇرىدىغانلار بۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن

(1) ئىبنى ماجە ۋە نەسائىي رىۋايىتى

ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىسىمۇ، كىشىلەرگە زورلۇق قىلغانلىقنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ جازاسىنى ھامان كۆرسىتىدۇ.

بىراۋنىڭ بىلىم - سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، يۈز - ئابرويىنىڭ چوڭلىقى، مەنسىپىنىڭ كاتتىلىقى ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى ۋە ئەخلاقىنىڭ ئېسىللىكى ئۈچۈن ئۆلچەم بولالمايدۇ. بەلكى ئەخلاق باشقا نەرسە، بۇلار باشقا نەرسىلەردۇر. شەيتان ئالىم ئىدى، پىرئەۋن چوڭ مەنسەپلىك ۋە يەرشارىدا ئەڭ ئابرويلۇق يېگانە پادىشا ئىدى، لېكىن ئاللاھ تائالا بۇلارنى خەلقى ئالەم ئۈچۈن ئىبرەتلىك ھالدا جازالىدى. ئەمدىلىكتە بۇ ئىككىسى بارلىق ساماۋىي دىنلاردا لەنەتكەردى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تىللىرىدا قىيامەتكە قەدەر سۆكۈلۈشكە مەھكۇم بولدى.

ئىمان ئەخلاقنىڭ جورىسىدۇر. ئەخلاقنىڭ ئېسىللىكى ئىماننىڭ كاملىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمانى ئەڭ كامىل كىشى ئەڭ ئەخلاقلىق بولغان كىشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بىراۋنىڭ ياخشى - يامانلىقى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىگە قىلىدىغان مۇئامىلىسىگە قاراپ ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى
(2) بۇخارى رىۋايىتى

## ئاياللارنى ئۇرۇش سەلبىي نەتىجىگە سەۋەب بولىدۇ

بەزىبىر ئاياللارنى ھەمىشە تاياقتا ئادەتلەندۈرۈپ قويسا، ئۇلار تاياقتىن ئازاپلىنىش ئەمەس، بەلكى ھۇزۇرلىنىدىغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن تاياقنىڭمۇ ئۆنۈمى بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەزىبىر ئاياللار ئەرلىرىدىن تاياق يېگەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۇرۇش ئەرلىكنىڭ نىشانىسى، دەپ بىلىدۇ. بۇنداقلار نادىر ئاياللاردۇر.

شۇڭا دېمىزكى، تاياق بىلەنلا ئىش ھەل بولمايدۇ. بەلكى ـــ بىز باشتا دېگەندەك ـــ يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇل ئۈنۈم بەرمىگەندە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئەمەس، بەلكى بەدەنلىرىنىڭ نازۇك بولمىغان جايلىرىغا؛ تاياق بىلەن ئەمەس، بەلكى قول بىلەن يۇمشاق ئۇرۇش ئەڭ ئاخىرقى ئۆزگەرتىش چارىسىدۇر.

شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى ، ئاياللار قانچىلىك چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئېغىر جىنايەتتۇر.

# ئاياللارنىڭ كىيىنىش ئۆلچىمى

## ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى

مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ باشلىرىنى ياغلىق بىلەن يۆگەپ، چاچلىرىنى، بويۇنلىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى بۇ جايلاردىكى زىننەتلىرى بىلەن قوشۇپ ھەممىنى يېپىپ يۈرۈشى ئىسلامىيەتنىڭ شوئارى، تەقۋالىقنىڭ كىيىمى، ئالىيجاناپلىقنىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت ـ ئىززەتنىڭ نىشانىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ دەلىلىدۇر. مانا بۇ ھىجاب دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ھىجاب مۇسۇلمان ئاياللىرىنى ھەرتۈرلۈك ئازارلاردىن، پەسكەشلىكلەردىن قوغدىغاندەك، خۇسۇسەن، مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ ھايا، نومۇس ۋە ئىپپەت ئىچىدە تېخىمۇ قەدىر ـ قىممەتلىك ھەم كۆركەملىك بولۇشىنى تەمىن ئېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

ھىجاب ئاياللارنى ھۆرمەتلىك، ئېتىبارلىق، ئېسىل مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر. ئىسلام دىنى ئاياللارغا ھىجابنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا قارىغۇلارچە دورامچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئىلمىي ۋە مەدەنىي بىر دىنىنى ئۆگەتتى. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان پەزىلەتلىك بىر جەمئىيەتنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن، ئاياللارنىڭ تۆھپىلىرى ئاز بولمايدۇ. چۈنكى ئاياللار جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئانىلىرى. باللار ئەڭ ئاۋۋال ئانىلارنىڭ تەربىيەسىدە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشىنى ھىجرىيەنىڭ 5 ـ يىلى پەرز قىلىپ بۇيرۇغان. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى بۇ ھۆكۈمنى

تەكىتلىمەكتە. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ نۇر سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن:﴿ وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُولِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾يەنى ﴿ مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىمدىن باشقا زىننەت ئورگانلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار﴾[1].

---

(1) نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت

بۇ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشى ئارقىلىق مۇسۇلمان ئاياللار بىلەن جاھىلىيەت (ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋر) ئاياللىرىنىڭ پەرقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقتى. ھىجاب ئارتقان ئاياللارنىڭ دىندار، تەقۋا ۋە پەزىلەتلەرگە ئىگە ئاياللار بولغانلىقى ھەممىگە ئايان بولدى. ھىجابلىنىشنىڭ پەرز بولۇشى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە باشقىمۇ پۈتۈن پائالىيەتلىرىدە ئالاھىدە يېڭى تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. پۈتۈن مۇسۇلمانلار بۇ ئايەتلەردىن ھىجابلىنىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا ھىجابلىنىشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلدى.

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق قىلاتتى. ئۇلار قانداقلا بىر ماۋزۇدا ئايەت چۈشۈپ ھۆكۈم بۇيرۇلسا، ئۇنى ھېچ كېچىكتۈرمەستىن، ھاياجان بىلەن ئورۇنلايتتى. ئاللاھ تائالا نىڭ بۇيرۇغانلىرىنى خۇددى، ئۇرۇش مەيدانىدىكى جەڭچىلەرنىڭ قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇنى دەرھال ئىجرا قىلغىنىدەك، ۋاقتىدا ئورۇنلايتتى. چۈنكى ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىق شۇنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ھىجابلىنىش ئەمرىنى بۇيرۇش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھايۋانىي گۈزەللىكلەردىن ھۆرمەتلىك ئىنسانىي گۈزەللىككە كۆتۈردى. چۈنكى ئوچۇقلۇقتىكى گۈزەللىكلەر ھايۋانىي گۈزەللىك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان بەزى ئىنسانلار ھايۋانىي ھەۋەسى ۋە ئىشتىھاسى بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ ھۇزۇرلىنىدۇ. ھەتتا خىيالىدا، ئۇنى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭ ھەر تەرىپىگە بېقىشتىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ئەمما پەردە ئىچىدىكى گۈزەللىك بولسا، پاك، تازا، قىممەتلىك ۋە ئېتىبارلىق گۈزەللىك بولۇپ، ئىنسانىي روھقا ئىگە بولغان ھەرقانداق كىشى ھېسسىياتىدا، پىكىر - خىيالىدا ئۇنى ئەڭ گۈزەل دەپ بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ،

ئۇنىڭدىن هايا قىلىدۇ. چۈنكى، گۈزەللىكنى هەركىم كۆرەلمىگىنى ئۈچۈن، دۇنيادا ئۇ شۇنچىلىك قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك سانىلىدۇ.

## هىجابنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئۆلچىمى

هىجابنىڭ ئۆلچىمى ــ چاچنى، ئىككى قولاق بىلەن بويۇننى زىننەتلىرى بىلەن قوشۇپ يۆگەپ تۇرىدىغان كەڭرەك، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاتمايدىغان شەكىلدىكى ياغلىقتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يۆگىنىشىنىڭ قانۇنلۇق سىستېمىسىنى كۆرسىتىپ:﴿ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾ يەنى﴿(ئاياللار) كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن. لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾ دەپ بۇيرۇغان. ساھابىلاردىن ۋە كېيىنكىلەردىن بولغان كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئايەتتىكى﴿ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمى﴾دىن ئاياللارنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولى مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خۇسۇسەن تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ پېشۋاسى ۋە ساھابىلارنىڭ كاتتا ئالىمى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ﴿ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمى﴾ دېگەن ئايەتنى ئاياللارنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولى دەپ تەپسىر قىلغان. فىقھشۇناس ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان: ئىمام ئەزەم بىلەن ئىمام شافىئىي ئىبنى ئابباسقا ئەگىشىپ ئاياللارنىڭ يۈزى بىلەن ئىككى قولى ئەۋرەت ئەمەس دەپ قارايدۇ. ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ئىمام ئەھمەدمۇ بىر رىۋايەتكە

كۆرە، يۇقىرىقى ئىككى مەزھەپنىڭ رايىنى كۈچلەندۈرگەن.[1]

تۆۋەنـدىكى مۇنـۇ ھەدىسـمۇ ئۇلارنىـڭ بـۇ قارىشـىنى كۈچلەندۈرىـدۇ. ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـادىن رىـۋايەت قىلىنـدۇكى:« بىـر كـۈنى ئەسـما (ئائىشـەنىڭ ھەدىسـى) رەسـۇلۇللاھنىڭ ئـۆيىگە نېپىـز كـىيىم كـىيگەن ھالـدا كىرىـۋىـدى، رەسـۇلۇللاھ ئۇنىڭـدىن يـۈزىنى ئـۆرۈپ تـۇرۇپ: «ئـى ئەسـما! قىـزلار بـالاغەتكە يەتكەنـدىن كېـيىن يـۈزى بىـلەن ئىككـى قولىدىن باشقا ئەزالىرىنى ئوچۇق قويماسلىقى كېرەك»[2] دېگەن.

ئەڭ مـۇھىمى، ھىجابنىـڭ چـاچنى قـۇلاق ۋە بويـۇننى پۈتـۈن زىننەتلىـرى بىـلەن يېپىـپ تۇرىـدىغان بولۇشـىدۇر. ئەگەر ھىجـاب بىـز سـۈپەتلىگەندەك بولماسـتىن، ئاياللارنىـڭ بېشـىنىڭ چوققىسـىنىلا ياپىـدىغان يـاغلىق بولسـا، ئـۇنى بىـز ئـادەتتىكى يـاغلىق دەيمىـز. ئـۇ، شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن ئىسلامىي ھىجاب قاتارىغا كىرمەيدۇ.

## ھىجابلىنىش قالاقلىق ئەمەس

بەزى جاھىل كىشىلەر ئىسلام دىنىـدىكى ھىجابلىنىش مەسىلىسـىنى چۈشەنمەستىن، ئۇنى «ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىنـى چەكلىگەنلىـك، ئېغىـر تۈزۈم»، «قەدىمىي ئادەت» دەپ ئېيىپلاشقا ئالدىرايـدۇ. ئىسلام دۇنياسـىدا بۇنداق خاتا چۈشەنچىلەر ۋە تۆھمەتلەر تۈپەيلىـدىن پىتنـە ـ پاسـاتلار يـۈز بېرىـپ كەلمەكـتە. ئەمەلىيەتـتە ، ئىسـلام دىنـى ئاياللارنىـڭ قەدىرـ قىممىتىنى ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىنى كۆتۈرگەن بىرلا دىندۇر.

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىنىڭ«فتاوى معاصرة» (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى) ناملىق ئەسىرىنىڭ 3ـتوم، 318ـبېتىدىن.
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن ئاياللارنىڭ ھالى خاراب ، قىممىتى يوق، ئۆزلىرى بەختسىزلىك ئىچىدە ئىدى. ھىندىلارنىڭ دىنىدا: ۋابا، ئۆلۈم ، زەھەر، دوزاخ ئاياللاردىن ياخشىراق دەپ قەيت قىلىنىدۇ. فىرانسىيەدە مىلادىنىڭ 6 ـ ئەسىرىدە، فىرانسۇز ئالىملىرى ئايال ئىنسانمۇ؟ ياكى ئىنسان ئەمەسمۇ؟ دېگەن ماۋزۇدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ نەتىجىدە، «ئايالمۇ ئىنسان، بىراق ئۇلار ئەرلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈنلا يارىتىلغان مەخلۇقلار» دېگەن قارارنى چىقارغان بولسا، ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى XII ئاياللارنىڭ مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشىنى مەنئى قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش رەسمىي گىراژدان ئەمەسلىكى ۋە مال ـ دۇنياغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغانلىقى توغرىسىدا رەسمىي قارار چىقارغانىكەن.

ئەمما ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشى بىلەن ئاياللارنىڭ قەدرى كۆتىرىلدى. ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ داۋام قىلىشىدىكى ئىككى ئۇنسۇرنىڭ بىرى ۋە ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدىكى ئىككى چوڭ تەركىبنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسلام دىنى بىرىنچى بولۇپ ئېلان قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَاءً﴾يەنى ﴿ ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر شەخستىن ياراتقان، شۇ شەخستىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتقان ۋە بۇ ئىككىسىدىن نۇرغۇن ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ياراتقان

رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار ﴾[1].

ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا سوۋغاتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كارامىتىنى، ھۆرمەت ـ ئىززىتىنى، قەدىر ـ قىممىتىنى ۋە ئىپپىتىنى ساقلايدىغان، ئاياللىقىغا لايىق، ئېسىل، گۆزەللىك ئىسلامىي ھىجابنى پەرز قىلدى. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى ھەرگىزمۇ قالاقلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس. بەلكى ئەزىزلىقنىڭ، ھۆرمەت ئېتىبارنىڭ نىشانىسىدۇر. ئىسلامىي ھىجابنىڭ مەدەنىيەتلىك بولۇشقا ھېچقانداق توسقۇنلىقى يوقتۇر. بەلكى بۇ ئۆزى ئەڭ ئېسىل ۋە گۆزەللىك بىر مەدەنىيەت بولۇپلا قالماستىن، ئاياللارنىڭ زىننىتى ھەم ھۆرمىتىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئىسلام دىنىدىكى ھىجابلىنىش مەسىلىسىگە بەزى غەرب يازغۇچىلىرىمۇ قايىل بولۇپ، ئۇنى ماختاپ مۇنداق يازىدۇ: «ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىش مەسىلىسى ئاياللارغا بولغان ئىشەنچسىزلىكتىن ئەمەس، بەلكى بۇ، ئاياللارنى ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان ئىززەت، ئېھتىرام بىلەن قوغداشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر».

(1) نىسا سۈرىسى 1 ـ ئايەت

# ئائىلىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ تاشقىرىدىكىلەرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسلامىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

## ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ـ ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم(ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم) قىلىش، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋاللىرىنى سوراش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ يوقلاپ تۇرۇش، ئۇلار چاقىرسا قەدەم تەشرىپ قىلىش، ئېھتىياجلىق ھالدا قالسا ماددىي ياردەم بېرىش، مەسلىھەت سورسا يول كۆرسىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «چوڭلىرىڭلاردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قانداق سىلە ــ رەھىم قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## ئائىلىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ مۇناسىۋەت، ئۇلارغا سىلىق، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشنى، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقنى، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋاللىرىدىن ياخشى خەۋەر تېپىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرى

---

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى

توغرۇلۇق تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار سىلەرنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا خىزمەتكار قىلدى. سىلەر نېمە يېسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇنىڭدىن يېگۈزۈڭلار، نېمە كىيسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇنداق كىيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماڭلار»[1]. بەزى ئائىلىلەردىكى بالا باققۇچى قىزلار ۋە ئاياللارمۇ شۇ ئائىلىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىستىكى تەۋسىيەلەر بۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئائىلىنىڭ قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتى - قوشنىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ئۇلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئازار بەرمەسلىك، ئىناق ۋە مېھرىبان بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «قوشنىلىرىغا ئازار بېرىدىغان ئادەم ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، قوشنىسىنى ھۆرمەت قىلسۇن!»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى
(2) بۇخارى رىۋايىتى
(3) بۇخارى رىۋايىتى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىكى ئەدەپ ئەخلاقلار

كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتە ئىشىكنى قېقىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىندۇر. بىر قېتىم ئىشىكنى چېكىشتە ئاچمىسا، ئۈچ قېتىم چېكىش كېرەك. چۈنكى، بىرىنچى قېتىملىق چېكىشتە ئاڭلىماي قالغان بولسا، ئىككىنچى قېتىملىق چېكىشتە ئاڭلايدۇ. ئىشىكنى ئېچىشنى خالىغان كىشى ئۈچىنچى قېتىملىق چېكىشتە ئاچىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق چېكىشتىمۇ ئاچمىسا، ياكى ئۆي ئىگىسى ئۆيدە يوق ياكى ئېچىشنى خالىمىغان بولۇشى ئېھتىمال. شۇڭا ئۈچ قېتىم چېكىشتە ئىشىكنى ئاچمىسا قايتىپ كېتىش لازىم.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ﴾ يەنى﴿ ئى ئىمان ئېيتقانلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر. ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (بۇ تەۋسىيە قىلىندى)﴾[1].

## ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىدىكى ئەدەپلەر

ئىسلام شەرىئىتى ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققاندا باشلىرىنى، كۆكرەكلىرىنى، بويۇنلىرىنى يېپىپ، ئۇزۇن، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ

(1) نۇر سۈرىسى 27 - ئايەت

چىقىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ، ئاياللارنىڭ ئىپپەت- نومۇسلىرىنى قوغداش ۋە ھۆرمىتىنى كۆتىرىش يولىدىكى ئەڭ ئېسىل مەدەنىيەتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققانلىرىدا بولسۇن ياكى ئۆي ئىچىدە بولسۇن، نامەھرەم ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىقنى ۋە زىننەتلىرىنى ئۇلارغا ئاشكارا قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا﴾يەنى ﴿مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەت ئورگانلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن﴾[1].

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرى ئاياللارنى ھەرتۈرلۈك پىتنە - پاساتلاردىن مۇھاپىزەت قىلىش، شەيتانىي ھەۋەسلەرگە يول بەرمەسلىك ۋە بۇنداق شەيتانى ھەۋەسلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولۇپ، نەتىجىدە ئىسلامىي ئائىلىنى يامان ئاقىۋەت ۋە پىتنەلەردىن قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى يات ئاياللارغا ئارىلىشىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ:﴿سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار. مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ﴾[2].

(1) نۇر سۈرىسى 31 - ئايەت
(2) ئەھزاب سۈرىسى 53 - ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا تەلىم بېرىشتە ئۇلارغا ئايرىم بىر كۈن، ئەرلەرگە ئايرىم بىر كۈن بەلگىلەيتتى. ئۇلارنى ئارىلىشىشتىن مەنئى قىلاتتى.

# سىلە ـ رەھىم ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

سىلە رەھىم ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىشىش ئارقىلىق ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشى دېمەكتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىناق شەكىلدە داۋام ئېتىشكە ۋە ھېچبىر زامان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقنى ئۈزۈپ قويماسلىققا چاقىرىدۇ. ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى ساماۋىي دىنلارمۇ كىشىلەرنى ئۆزئارا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لَا تَعْبُدُونَ إِلَّا اللَّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُوا لِلنَّاسِ حُسْنًا وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ﴾يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق﴾[1].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَآتِ ذَا الْقُرْبَى حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ ﴾يەنى﴿ تۇغقانغا، مىسكىنگە،

(1) بەقەرە سۈرىسى 83 ـ ئايەت

مۇساپىرغا (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى ـ ئابرويىنىڭ مەڭگۇ قېلىشىنى خالايدىكەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلسۇن»[2].

ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى جەھەتنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: ماددىي جەھەتتىن سىلە ـ رەھىم قىلىش دېگەنلىك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن بىرەرسى ماددىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، قەرزدار بولسا، ئۇنى ئۈزۈشكە ياردەم قىلىش، كېسەل بولسا داۋالىتىش ۋە ئۇلاردىن بىرەرسى ئاجىز بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۈچى بىلەن ياردەم قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن سىلە ـ رەھىم قىلىش دېگەنلىك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى زىيارەت قىلىش، كېسەل بولسا يوقلاش، چاقىرسا ئۇلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىش، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە تەزىيە بىلدۈرۈش، خوشاللىقلىرىنى تەبرىكلەش ۋە ئورتاقلىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىلە ـ رەھىم قىلىش كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك سۆز بىلەن، قۇرۇق سالام بىلەن ياكى ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ قويۇش بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ئۆز نەپسىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن كېچىپ قوللىرىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى يەتكۈزۈش

(1) ئىسرا سۈرىسى 26 ـ ئايەت
(2) ھاكىم رىۋايىتى

بىلەن بولىدۇ.

## سىلە - رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ تەرتىپلىرى

ئىمام نەۋەۋى سىلە - رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ تەرتىپلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلە - رەھىمنى ئەڭ ئاۋۋال ئانىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قىز - ئوغۇل قېرىنداشلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن تاغا ئاكىلار ۋە تاغا ئاچىلارغا ئۇنىڭدىن كېيىن قىز - ئوغۇل قېرىنداشلارنىڭ ۋە تاغىلارنىڭ بالىلىرىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قوشنىلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قېيىن ئاتا ۋە قېيىن ئانا قاتارلىق قۇدىلىقتىكى تۇغقانلىرىغا قىلىش كېرەك. قوشنىلارغا سىلە - رەھىم قىلىشتا، ئۇلارنىڭ سىلە - رەھىم قىلغۇچىنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولۇش ۋە ئۇزاق بولۇشىدىكى تەرتىپ بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يېنىدىكى قوشنىغا سىلە - رەھىم قىلىش يىراقتىكى قوشنىغا سىلە - رەھىم قىلىشتىن زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋۋال يېقىندىكىگە، ئاندىن يىراقتىكىگە قىلىش كېرەك...

ئەمما كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە يەنى ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا قىلىدىغان چىقىملىرى «سىلە - رەھىم» نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى «نەپىقە» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. نەپىقە - سىلە - رەھىمدىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. كىشى ئۆز ئائىلىسىنىڭ نەپىقىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن سىلە - رەھىمنى ئادا قىلىشى كېرەك.

## سىلە - رەھىم قىلىشنىڭ ھۆكۈمى

سىلە - رەھىم قىلىش ھەرقانداق مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل بولغان كىشىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. سىلە ـ رەھىمنىڭ يۇقىرىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مال دۇنياسى، يۈز ـ ئابرۇيىنى ۋە ماددىي ھەم مەنىۋى كۈچىنى ئايىماسلىق. سىلە ـ رەھىمنىڭ ئەدناسى، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراشتىن ئىبارەتتۇر. كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراش ھەم ئىبادەت ھەم سەدەقىدۇر.

## سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ پەزىلىتى

سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ پەزىلىتى ئىنتايىن كۆپتۇر. تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سىلە ـ رەھىم قىلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق كۈچىيىدۇ. چۈنكى دۇنيادا، يېقىن بولسۇن، يىراق بولسۇن ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولمىغان ئادەم يوقتۇر. پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىدىغان بولسا، جەمئىيەتتە سىلە ـ رەھىم قىلىنمىغان ئاجىز، كەمبەغەل قالمايدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ:﴿ إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ يەنى﴿ھەقىقەتەن مۆمىنلەر قېرىنداشلاردۇر﴾[1] دېگەن مۇبارەك سۆزى رېئاللىقتا تەتبىق قىلىنغان بولىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، سىلە ـ رەھىم قىلسۇن.

---

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى10 ـ ئايەت

كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن»[1].

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئەڭ ئۇلۇغ ئەمەللەرنى ئېيتىپ بەرسىڭىز» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ساڭا سىلە - رەھىم قىلمىغانلارغا سىلە - رەھىم قىلغىن، ساڭا بەرمىگەنلەرگە سەن بەرگىن، ساڭا زۇلۇم قىلغانلاردىن يۈز ئۆرىگىن»، دېدى»[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ بىر قەۋمنىڭ يۈزىسىدىن شەھەرلەرنى گۈللەندۈرىدۇ، پۇل - ماللارنى كۆپەيتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلار يارىتىلغاندىن بېرى غەزەب قىلىپ باققان ئەمەس، دېگەندە، ساھابىلار «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنىڭ قانداق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن شۇنداق بولىدۇ؟» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇلارنىڭ سىلە - رەھىم قىلغانلىقىدىن»[3] دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

خەسئەم قەبىلىسىدىن بىر ئادەم مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ بىر قانچە ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، مەن ئۇنىڭدىن، «ئۆزۈڭنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ جاكارلىغان ئادەم سەنمۇ؟» دەپ

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(3) تەبەرانىي رىۋايىتى

سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھە، مەن» دەپ جاۋاب بەردى، مەن بۇ ۋاقىتتا، «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرىلىدىغان ئەمەللەر قايسىلار؟» دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا جاۋاب بېرىپ، «ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش» دېدى، مەن «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سىلە ـ رەھىم قىلىش» دېدى، مەن «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرىلىدىغان ئەمەللەر قايسىلار؟»دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش» دېدى، مەن «يارەسۇلەللاھ! ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سىلە ـ رەھىم قىلىشنى تەرك ئېتىش» دېدى، مەن «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرىلىدىغان ئىش قايسى؟» دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش» دەپ جاۋاب بەردى»[1].

ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ئەۋزەل سەدەقە كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانغا بەرگەن سەدەقە». بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەتتە ھەرقانداق كىشى سەدەقىسىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە يېقىن بولغان، ئامراق كىشىسىگە بېرىشنى ياقتۇرىدۇ، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن بىرسىگە بىر نەرسە بېرىشنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن كىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەنلىكتىن،

---

(1) ئەبۇ يەئلا رىۋايىتى

ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەببەتنى ئورنىدۇرۇش نىيىتىدە، ئۆز كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى يېڭىپ، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن، كۆڭلىگە ياقمىغان بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنىغا سەدىقە قىلسا، ئۇكىشى بۇ قىلغىنىنى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان سەدىقىسى شۇڭا ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

سالمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مىسكىنلەرگە قىلغان خەير - ساخاۋەت سەدىقەدۇر، ئەمما ئۇرۇق - تۇغقانلارغا قىلغان خەير - ساخاۋەت ھەم سەدىقە ھەم سىلە - رەھىمدۇر»[1].

بۇھەدىستىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا قىلغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يات كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابىدىن كۆپتۇر. زاكاتنىمۇ ئاۋۋال ئېھتىياجلىق ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، ئاندىن باشقا مۇسۇلمانلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر.

مەلۇمكى، ئىسلام ئۇممىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئويۇشمىسىدىن تەركىب بولغان بىر چوڭ ئىسلامىي ئائىلىدۇر. ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرى ئۆز ئائىلىسىگە سىلە - رەھىم قىلغانلىقى سىرتىدا، ئائىلىلەرمۇ ئۆز ئارا، ئائىلىۋى سىلە - رەھىم قىلىشىدىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتا ئىسلام ئۇممىتى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق ھالدا، ھەقىقىي دىنىي قېرىنداشلاردىن بولىدۇ ۋە ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۇممەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى

ئـۇممەت بولـۇپ بىرلىـك ۋە ئىنـاقلىق ئىچىـدە بەختلىـك ياشىشـى پەقەت ئۇلارنىـڭ ئۆزئـارا سـىلە ـ رەھىملەرنـى جـارى قىلدۇرۇشـى ئـارقىلىق ئەمەلـگە ئاشـىدۇ. بىرلىـك ئىسـلام دىنىنىـڭ ئەڭ ئـاۋۋالقى چاقىرىقىـدۇر. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە: ﴿ وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئايرىلماڭلار﴾[1] دەپ بۇيرۇيدۇ.

سىلە ـ رەھىم ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇلارنىـڭ بىـرى، ئومـۇمىي سـىلە ـ رەھىم؛ يەنە بىرى، خۇسۇسىي سىلە ـ رەھىمدۇر.

## ئومۇمىي سىلە ـ رەھىم

ئومـــۇمىي ســـىلە ـــــ رەھـــىم دۇنيانىـــڭ ھەرقايســـى جايلىرىـــدىكى ھەرمىلـــلەت مۇســـۇلمانلارنى بىـــر ـ بىـــرى بىـــلەن بـــاغلاپ تۇرىـــدىغان ئومۇمىيۈزلۈك بىر دىنىي بـاغلىنىش بولـۇپ، بـۇ بـاغلىنىش ئـاللاھ تائالانىـڭ مۇسـۇلمانلارغا ئاتـا قىلغـان ئەڭ كاتتـا نېمىتىـدۇر. مۇسـۇلمانلار مۇشـۇ باغلىنىشنىڭ يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنىـڭ تىلىنىـڭ، ئىرقىنىـڭ، رەڭگىنىـڭ ۋە ۋەتىنىنىـڭ ھەرخىـل بولۇشـىدىن قەتئىـيـنەزەر، ئۆزئـارا بىـر ـ بىـرى بىـلەن ھەقىقىــي قېرىنداشــلاردۇر.﴿ إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾يەنــى ﴿ ھەقىــقەتەن مۆمىنلەر قېرىنداشلاردۇر﴾[2].

بـۇ ئومـۇمىي سـىلە ـ رەھىمنـى مۇسـۇلمانلار بىـر ـ بىـرىگە مېھرىبـانلىق كۆرسـىتىش، بىـر ـ بىرىنـى ئـاللاھ يولىـدا ياخشـى كـۆرۈش، پەنــدە ـ

(1) ئال ئىمران سۈرىسى103ـ ئايەت.
(2) ھۇجىرات سۈرىسى10ـ ئايەت

نەسىھەت قىلىشىش، بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش؛ زىيانلاردىن، خەتەرلەردىن، بالالاردىن بىر - بىرىنى مۇداپىئە قىلىش؛ بىر - بىرىگە ياخشى دۇئا قىلىش، ئاددىيسى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» (سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن)، دەپ قىزغىن سالام بېرىشىش ئارقىلىق ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

**خۇسۇسىي سىلە ــ رەھىم**

خۇسۇسىي سىلە - رەھىم ــ ئائىلىدىكى ئەزالارنى بىر - بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدۇر. مەسىلەن: ئاتا - ئانىلارغا، تاغا ئاكا - تاغا ئاچىلارغا، قېرىنداشلارغا ۋە باللارغا قىلىنغان سىلە - رەھىم خۇسۇسىي سىلە - رەھىمگە كىرىدۇ. خۇسۇسىي سىلە - رەھىمنىمۇ ئومۇمىي سىلە - رەھىمنى ئادا قىلغاندەك ئادا قىلىمىز. بۇنىڭ سىرتىدا، خۇسۇسىي سىلە ــ رەھىم ئۈچۈن بىر - بىرىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش، زىيارەت قىلىپ يوقلاپ تۇرۇش، ھال - ئەھۋاللىرىنى سوراش قاتارلىق ھەقلەر بەلگىلەنگەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەرئىككى تۈرلۈك سىلە - رەھىم ھەركىشىنىڭ قولىدىن كېلىشىچە، ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى زىيان - زەخمەتلەردىن قوغداش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى خالىسا سىلە ـ رەھىم قىلسۇن»[1].

## سىلە ـ رەھىمنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

سىلە ـ رەھىمنى داۋام قىلدۇرۇشنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. چۈنكى سىلە ـ رەھىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بۇيرۇلغان بىر ئىلاھىي پەرماندۇر. كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە سىلە ـ رەھىم قىلىشى ئارقىلىق جەمئىيەتتە ياخشىلىق ۋە بەرىكەت داۋام قىلىدۇ. سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾ يەنى﴿ ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ئاللاھ داۋام قىلدۇرۇشقا بۇيرۇغان ئىشلارنى( ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا سىلە-رەھىم قىلىششنى) ئۈزۈپ قويغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ ﴾[2].

بۇ ئايەتتىن شۇنى بىلىشىمىز مۇمكىنكى، سىلە ـ رەھىم قىلىشنى تەرك ئەتكۈچىلەر ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزغان خائىنلار قاتارىدا جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنلا يۈكلەنگەن بىر پەرزدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) رەئد سۈرىسى 25 ـ ئايەت

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەمەللىرى ھەرجۈمە كېچىسى ئاللاھقا كۆرسىتىلىدۇ (كۆرسىتىشتىن بۇرۇنمۇ ئاللاھ ئۇنى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە) سىلە - رەھىمنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ ئەمەلى ئاللاھقا قوبۇل بولمايدۇ»[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ تېز ساۋاپ بېرىلىدىغان ياخشىلىق ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىشتۇر. ئەڭ تېز جازا بېرىلىدىغان يامانلىق (ئاتا - ئانىسىنى قاخشىتىپ) ھەقسىزلىق قىلىش ۋە سىلە - رەھىمنى تەرك ئېتىشتۇر»[2].

سىلە - رەھىمنى تەرك ئېتىشنىڭ قاتتىق ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ھەققىدە جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «سىلە - رەھىمنى تەرك ئەتكەن كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[3] دىگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بۇھەدىستىكى «جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن ئىبارە، سىلە - رەھىمنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ جەننەتكە، ئۇنىڭغا كىرىدىغان بىرىنچى قېتىملىق گۇرۇپپا بىلەن كىرەلمەستىن، بەلكى گۇناھىغا لايىق ئازابلىنىپ بولۇپ، ئاندىن كىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس قۇدسىيدا، ئاللاھ تائالانىڭ: «مەن شەپقەتلىك ئىلاھمەن، سىلە - رەھىمنى ئۆزۈمنىڭ «رەھىم»

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

دېگەن ئىسمىم بىلەن ئاتىدىم، كىمكى ئۇنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، مەنمۇ رەھمىتىمنى ئۇنىڭغا داۋام قىلدۇرىمەن، كىمكى ئۇنى تەرك ئېتىدىكەن، مەنمۇ ئۇنى رەھمىتىمدىن مەھرۇم قىلىمەن» دېگەن سۆزىنى رىۋايەت قىلغان.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ تۇغقانلىرىم بار ئىدى، مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق تىلىسەم، ئۇلار ماڭا يامانلىق تىلەيدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئەگەر ئىش سەن دېگەندەك بولغان بولسا، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەمىشە ساڭا بولىدۇ، ئەگەر شۇنىڭغا داۋام قىلساڭ» دەيدۇ.

# قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىڭ پرىنسىپلىرى

## قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش زۆرۈر

قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، قوشنىدارلىقنىڭ ھەقلىرى بەكمۇ چوڭدۇر. ئىسلام تارىخىدىكى ئۆلگىلىك زاتلار بىرەر كىشىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ قوشنىدارچىلىقىغا قاراپ باھالايتتى. ئۇلار ئاۋۋال قوشنىلىرىدىن ئۇ كىشى ھەققىدە سورايتتى، قوشنىلىرى ئۇنى ياخشى ئائىلە دەپ تەرىپلىسە، ئۇنىڭغا دىيانەتلىك، ياخشى ئائىلە دەپ باھا بېرەتتى. ئەگەر قوشنىلىرى ئۇنىڭدىن زارلانسا، ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن شىكايەت قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولۇش، قوشنا بولۇش ۋە مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن ۋازكېچەتتى. بىزنىڭ مىللىتىمىزدىمۇ بۇ ئادەت بار. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «قوشنىسىغا قاراپ ئۆي ئال» دېگەن ھېكمەتنى بىكارغا ئېيتمىغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىل پەرىشتە ماڭا قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشىم توغرۇلۇق تولىمۇ كۆپ تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇنى بۇنداق تەۋسىيە قىلىشىنى ئۆزگە ئادەت قىلىۋالامدىغاندۇ، دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم»[1].

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

## قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى

قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى ھەرتۈرلۈك بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆستىدە، ئۆزىنىڭ كاپىر قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىرلا ھەق بولۇپ، بۇ بولسىمۇ قوشنىدارلىق ھەققى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىككى ھەق بولۇپ: ئۇنىڭ بىرى، قوشنىدارلىق ھەققى؛ يەنە بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق ـ تۇغقان قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئۈچ ھەق بولۇپ: بۇلارنىڭ بىرى، قوشنىدارلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق ھەققىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن (يەنى ئۆيى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەڭ يېقىن بولغان) قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك تۆت ھەق بولۇپ: بۇلارنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، تۇغقانلىق ھەققى؛ ئۈچىنچىسى، قوشنىدارلىق ھەققى؛ تۆتىنچىسى يېقىن قوشنىلىق ھەققىدۇر. يېقىن قوشنا يىراق قوشنىسىدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر. دەرھال ياردىمىڭىزگە ئۈلگۈرىدىغان، باشقىلارغىمۇ ياخشى تەرىپىڭىزنى قىلىپ بېرىدىغان ۋە سىزنى يالغۇز قويمايدىغان كىشى ئەلۋەتتە سىزنىڭ يېقىن قوشنىڭىزدۇر. شۇڭا قوشنىدارلىقنىڭ سىرتىدا، يېقىن قوشنا بولغانلىقنىڭ ھەققى ئالاھىدە ئايرىم بىرھەق بولۇپ بېكىتىلگەن. ئەجدادلىرىمىزمۇ «يىراقتىكى تۇغقىنىڭدىن يېقىندىكى قوشناڭ ياخشى» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققىنىڭ چوڭلۇقى توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھەدىس كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن زىنا توغرۇلۇق سورايدۇ،

ساھابىلار، «زىنا ھارامدۇر، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « بىراۋنىڭ قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغىنى، باشقا 10 ئايال بىلەن زىنا قىلغىنىنىڭ گۇناھىدىن ئېغىردۇر» دەيدۇ. يەنە ئۇ ئوغۇرلۇق توغرۇلۇق سورايدۇ، ئۇلار «ئوغۇرلۇق ھارامدۇر، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: « بىراۋنىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئوغۇرلۇق قىلغىنى ، باشقا 10 ئۆينى بولاپ چىقىپ كەتكىنىنىڭ گۇناھىدىن ئېغىردۇر» دەيدۇ[1].

بۇ ھەدىستىن قوشنىسىنىڭ ئايالى بولمىغان بىرسى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ ۋە قوشنىسى بولمىغان بىرىنىڭ ئۆيىدىن ئوغۇرلۇق قىلىشنىڭ گۇناھىنىڭ يېنىك ئىكەنلىكى ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بەلكى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ ۋە قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئوغۇرلۇق قىلىشنىڭ گۇناھىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكى ۋە كەچۈرۈلگىسىز خىيانەت ھەم چوڭ جىنايەت ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. زىنا ۋە ئوغۇرلۇقنىڭ گۇناھ جەھەتتىكى دەرىجىلىرى يېنىكلەشمەيدۇ بەلكى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

## قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تەرتىپى

قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆيگە مۇساپە جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولغىنىدىن باشلاش كېرەك. ئۆيگە ئەڭ يېقىن بولغان قوشنىنىڭ

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ھەققى، يىراق بولغان قوشنىنىڭكىدىن ئەھمىيەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال ئادا قىلىنىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھتىن ئىككى قوشنامنىڭ قايسىسىغا ھەدىيەلىرىمنى ئاۋۋال بەرسەم بولىدۇ،» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ، ماڭا «ئىشىكى سېنىڭ ئىشىكىڭگە ئەڭ يېقىن بولغىنىغا ئاۋۋال بەرسەڭ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قوشنىسىنىڭ ئاچ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، (ئۇنى تويغۇزماستىن،) ئۆزى توق ياتقان كىشى ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ»[1] دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

(1) بۇخارى رىۋايىتى

# رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان ئەدەپ-ئەخلاقلار

## ئىسلامىي سالاملىشىش ئەنئەنىسى

بىز ئۇيغۇرلاردا ئىككى كىشى ئۆزئارا ئۇچراشقىنىدا بىر-بىرىگە سالام بېرىش ئادىتى ئەڭ قەدىمىي ئەنئەنىلەردىن بولۇپ، سالاملىشىش مىللىي ئەخلاق ۋە دىنىي قائىدە يوسۇن قاتارىدىن سانىلىدۇ. سالاملىشىش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مېھرى - مۇھەببەتنى داۋام قىلدۇرۇش ۋە كۆڭۈللەرنى جەلپ قىلىشتا ئەڭ زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بىر ئىشتۇر. ئىنسانلار ئارىسىدا بىر-بىرى بىلەن سالاملىشىش ئادىتى ئۇلار بارلىققا كەلگەندىن بېرى مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلاردىكى ئۆزئارا سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇردۇر.

## ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىشنىڭ ئۆزگىچىلىكى

بىز ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىش بەزىدە قول ئېلىشىپ، بەزىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش يولى بىلەن بولىدۇ. دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلار ئارىسىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش قىسقارتىلىدۇ. قۇچاقلىشىش تېخىمۇ قىسقارتىلىدۇ. بەزىلەر بىر تەرەپتىن سالاملىشىپ، بىر تەرەپتىن ئوڭ قولىنى كۆكرەككە قويىدۇ. بۇ سالامنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققانلىقىنى، چىن دىلىدىن ئامانلىق تىلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر ئوڭ قولىنى بېرىپ كۆرۈشۈپ، سول قولىنى قارشى تەرەپنىڭ ئوڭ بىلىكىگە قويىدۇ. بۇ بەدەننىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ۋە سالاملاشقۇچىلارنىڭ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## سالاملىششنىڭ قائىدىسى

سالامنى ئاۋۋال باشلاش سۈننەت بولسا، ئۇنى قايتۇرۇش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە بىراۋ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار»دەپ كۆرسەتكەن. ئايەتتىكى، تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىش «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يەنى(ئاللاھنىڭ ئامانلىقى سىلەرگە بولسۇن)»دەپ سالام بەرگەن كىشىگە: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ يەنى(ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن)» دەپ جاۋاب قايتۇرۇش، سالامنى ئەينەن قايتۇرۇش دېگەنلىك: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام يەنى(سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بولسۇن)»دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتۇر.

سالام بەرگۈچى گەرچە يالغۇز بىرلا كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ سالىمنى قايتۇرۇشتا «ئەلەيكۇم»يەنى(سىلەرگە...)دەپ قايتۇرۇلىدۇ. چۈنكى قارشى تەرەپ «كۆپچىلىك»نىڭ ۋەكىلى دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە بىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## ئىسلامدا سالاملىششنىڭ ئەھمىيىتى

ئىككى كىشى ئۇچراشقىنىدا بىر - بىرىگە سالام بېرىشى دۇنيادا ھەركىم ياقتۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلىرى 6 بولۇپ، ئۇلار: ئۇچراشقاندا سالام

بىرىش، چاقىرسا بىرىش، نەسىھەت سورىسا نەسىھەت قىلىش، چۈشكۈرسە «ئەلھەمدۇ لىللاھ»دېيىش، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، ئۆلۈپ كەتسە نامىزىغا بىرىش»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر مۆمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى سۆيمىگىچە مۆمىن بولالمايسىلەر. سىلەرگە بىر- بىرىڭلارنى سۆيىدىغان ئىشنى كۆرسىتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇنداقتا، ئاراڭلاردا سالاملىشىشنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «سىلەرگە يەھۇدىيلاردىن ياكى خرىستىئانلاردىن بىرى سالام قىلسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا» ۋە ئەلەيكۇم (يەنى: سىلەرگىمۇ شۇنداق بولسۇن)»دەپ جاۋاب قايتۇرۇڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

«ئىسلام»سۆزى بىلەن «سالام» سۆزىنىڭ ئەرەبچە تۈپ يىلتىزى بىر بولۇپ، ھەر ئىككىسى «تىنچلىق»دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مۇسۇلمانلىقنىڭ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگىنىدىن تاشقىرى، سالاملىشىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

سالاملىشىش پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېسىل ئەنئەنە سانىلىدىغان، ھېچقانداق چىقىم تەلەپ قىلمايدىغان، ئۆزى ئاسان، پايدىسى ئىنتايىن مول بىر ئىشتۇر.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى
(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

**سالام بېرىشنىڭ تەرتىپى**

سالام بېرىشتە كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئازسانلىق كۆپ سانلىققا ۋە قاتناش ئۈستىدىكىلەر پىيادىلەرگە سالام بېرىدۇ. شۇندىقلا سىرتتىن كەلگەنلەر شۇ يەردىكىلەرگە، ئەرلەر ئاياللارغا، ئېرى ئايالىغا، مېھمان ساھىبخانغا سالام بېرىدۇ.

# كېسەللەرنى يوقلاشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى

كېسەللەرنى يوقلاش كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئالاقىلارنىڭ قويۇقلىشىشىغا، ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە ئۆزئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم بىر ئامىل. كېسەللەرنى يوقلاشنىڭ پەزىلىتى ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىش، يېتىملەرنىڭ باشلىرىنى سىلاشتەك ساۋابلىق ۋە ياخشى ئىشتۇر. بىر ھەدىستە: «ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىڭلار، كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇڭلار»[1] دەپ كەلگەن.

ئىنسان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە دۇچار بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى كېسەللەر ئازغىنا سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن شىپاسىنى تاپىدۇ، بەزى كېسەللەر ئۇيەر، بۇ يەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ كۆپ مىقداردا ئىقتىساد سەرپ قىلىپ داۋالىتىش بىلەنمۇ شىپا تاپالماي بۇ ئالەمدىن ئايرىلىدۇ. شۇڭا ئىنسان كېسەللەرنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇ كېسەل بولغان كىشىنىڭ ناھايىتى ئاجىز ھالىتىنى ئۆزىنىڭ ساق ـ سالامەت ھالىتىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەن ساقلىقنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تېنى ساق ۋاقتىدا خەلققە ۋە ۋەتىنىگە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىۋېلىشقا ئالدىرىشى لازىم.

كېسەللەرنى يوقلاشقا سوۋغا ئېلىپ بېرىشنى شەرت قىلىۋېلىش ياكى كېسەل بولغۇچى ئادەم بىر نەرسە ئالماي كەلگەن ئادەمدىن

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

رەنجىپ قېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. چۈنكى ھەقىقىي ياخشى ئادەم قېرىندىشى بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچراشقانلىقى ئۈزىنىمۇ كاتتا شەرەپ دەپ بىلىدۇ. شۇڭا بىر ھەدىستە: «قېرىندىشىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچرىشىشىڭدەك ئىش بولسىمۇ، ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى كىچىك سانىما»دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن كىشىلەرنى سوۋغا ـ ھەدىيە ئالماي يوقلاپ بارسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچرىشىپ، روھىي جەھەتتىن تەسەللى بەرگەن ئادەمنى قەتئىي تۆۋەن كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنى قانچىكى كۆپ ئادەم يوقلاپ تۇرسا، روھسىز ياتقان كىشىلەرگە نىسبەتەن روھىي ئوزۇق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە خۇرسەنلىك پەيدا بولۇپ، تېتىكلىشىپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنى قوۋم ـ قېرىنداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ھېس قىلىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ يارانلىرى ۋە قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا بولغان مۇھەببىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ.

كىشىلەرنى يوقلاپ بارغاندا ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇشتىن ۋە تولا سۆزلەپ كىشىلەرنى بىزار قىلىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك. بەلكى ئۇنىڭ كۆڭلى خۇرسەن بولۇپ، روھىي تەسەللى تاپىدىغان سۆزلەرنى قىلىش لازىم.

**مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىمۇ يوقلاش ساۋابلىقتۇر**

باشقا دىندا بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، خۇلۇم ـ قوشنا ۋە يار ـ بۇرادەرلەردىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلار بولسا، ئۇلارنى باشقا دىندا دەپ قاراپ تاشلىۋەتمەستىن يوقلاش ياخشى ئىش بولۇپ سانىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يەھۇدىي دىنىدىكى بالىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ بارغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. كېسەل بولۇپ يېتىپ

قالغان قوشنىنى گەرچە ئۇ باشقا دىندا بولسىمۇ يوقلاش تولىمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى بۇ مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى قوشنىدارلىق ھەققىدىن سانىلىدۇ. قوشنىدارلىق ھەققى ناھايىتى مۇھىم ۋە چوڭ ھەق بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلىش مۇھىمدۇر.

## كېسەل يوقلاشتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار

كېسەللەرنى يوقلاپ كىرگەن ئادەم كېسەل كىشىنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى سورىماسلىقى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش كېسەل كىشىنىڭ روھىنى تېخىمۇ چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. بەزى كىشىلەر نادانلىقتىن كېسەل بولغۇچىنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى سورايدۇ. كېسەل بولغۇچى كېسىلىنى ئېيتىپ بەرسە، ئۇلار:" پالانى ئادەم مۇشۇنداق كېسەل بىلەن ئۇزۇن يېتىپ قېلىپ، ئاخىرى ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن" دېگەندەك ئازاپلىق سۆزلەرنى كېسەلنىڭ يۈزىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا روھىي ئازاب بولىدىغان ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا، كېسەل ئادەمنىڭ يېنىدا مۇسىبەتلىك خەۋەرلەرنى ۋە ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئېيتماسلىق لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش كېسەل كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئازابلايدۇ.

# سورۇن ۋە سورۇنداشلاغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ-ئەخلاقلار

ئىنسانلار ھاياتلا بولىدىكەن، ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا ھەم توپلىشىپ ياشاشقا مۇھتاج بولىدۇ. قۇرئان كەرىم بىزگە سورۇن ۋە سورۇنداشلارغا بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ مۇجادىلە سۈرىسىدە: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر (سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: " ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار"دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى)كېڭەيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن) "ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار" دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار﴾ دەپ كەلگەن( مۇجادەلە سۈرىسى).

سورۇن توغرۇلۇق كۆپلىگەن قائىدە ـ يوسۇنلار بار. تۆۋەندە بۇلاردىن بەزىسىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

سورۇنغا كەلگەن كىشىلەر ئۆز ئارىسىدىكى بىلىمى يۇقىرى كىشىلەرنى ۋە تالانت ئىگىلىرىنى ئاۋۋال سورۇنغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن شۇ بويىچە كىرىشى لازىم. سورۇنغا كەلگەن مېھمانلارنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆي ئىگىسى ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىشى، سورۇنغا كىرگەنلەر سورۇنداشلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپ كىرىشى، سورۇنغا كىرگەن ئادەم ئىلىم ـ مەرىپەت جەھەتتە ئارتۇق، ياش جەھەتتە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سورۇنغا ئىگىلىرى كىرىپ ئولتۇرغان كىشى بىلەن ئورۇن تالىشىپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزىۋەتمەسلىكى لازىم. شۇنداقلا سورۇنغا كىرگەن كىشىنىڭ يېقىن ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىپ ئولتۇرىشى توغرا ئەمەس. سورۇنغا كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنى ۋە ياشانغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش

ئۈچۈن، سورۇنداشلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىشىگە بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنى چوڭ ساناپ، باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزماقچى بولغانلارغا تۇرۇپ بەرمەسلىك كېرەك.

## سورۇندا جاي تالاشماسلىق لازىم

سورۇنغا كېچىكىپ كەلگەن ئادەم كەم بولىشىدىن قەتئىينەزەر سورۇنداشلارنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، قەيەردە بىكار ئورۇن تېپىلسا شۇ يەردە ئولتۇرۇشى لازىم. مەيلى سورۇنغا كەلگەن بولسۇن، مەيلى مەسجىدكە كەلگەن بولسۇن، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ مۈرىلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى توغرا ئەمەس. شۇنداقلا سورۇنغا كەلگەن ئادەم سورۇنداشلارنى قىستاپ ئولتۇرماسلىقى ۋە كەڭ ـ كەڭرى ئولتۇرۇپ بىر ـ بىرىگە راھەت بېغىشلىشى لازىم. ئەمما سورۇنغا بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرغان ئادەم بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن ياكى ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سورۇندىن چىقىپ كەتكەن بولسا، قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا ھوقۇقلۇقتۇر. بىر ھەدىستە: «قاچانكى، بىرىڭلار ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ئاندىن يەنە ئورنىغا قايتىپ كەلسە، ئۇ شۇ ئورنىدا ئولتۇرۇشقا ھەقلىقتۇر» دەپ كەلگەن.

## چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق لازىم

چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق لازىم. سورۇنغا چاقىرىلغان ئادەمگە باشقا بىر ئادەم ئەگىشىپ بىللە بارغان بولسا، ئۇ كىشىنى سورۇنغا باشلاپ كىرىش ياكى كىرمەسلىك توغرىسىدا ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش شەرت. چۈنكى چاقىرىلمىغان مېھمان رۇخسەتسىز سورۇنغا كىرگەندە، ساھىبخان ياكى شۇ كىشى ئۈچۈن ئوڭايسىزلىق تۇغۇلىشى ياكى سورۇننىڭ كەيپىنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ

قىلىشى ئىھتىمال. شۇڭا چاقىرىلمىغان ئادەم مۇتلەق ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن سورۇنغا كىرمەسلىكى كېرەك. بۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ياخشى ئىش.

## سورۇننىڭ ئەدەپلىرى

دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق قائىدە يوسۇنى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بولغاندەك، سورۇننىڭمۇ مەلۇم قائىدە ـ تەرتىپلىرى ۋە ئەدەپ ـئەخلاقلىرى باردۇر. ئۈچ ئادەم بولسا، ئىككىسى بىرىنى يالغۇز قويۇپ پىچىرلىشىشى ياكى ئۇ بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلىشىشى قەتئىي توغرا ئەمەس. بۇ ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. شۇنداقلا سورۇندا ئولتۇرغان ئادەم باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىقى، غەيۋەت قىلغانلارغا نەسىھەت قىلىشى لازىم. سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئادەمنىڭ سورۇنداشلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئۇلارغا سالامەتچىلىك تىلەپ قايتىشى مۇھىم ئەدەپ ـ ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. سورۇندىن چىققان مېھماننى ساھىبخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇشى ئايرىم بىر ئەخلاقىي قائىدىدۇر.

# داستىخاندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر

ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىنسان بالىسى زىنىنەتلىنىدىغان ئەڭ ئېسىل كىيىم بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، ئولتۇرۇش ـ قوپۇشلىرىدا، ھەتتا يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشلىرىدىمۇ تەلەب قىلىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان يېيىش ۋە ئىچىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ھەرگىزمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تولىمۇ مۇھىم قائىدە ـ يوسۇنلاردىن بىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا تېخى كىچىك بالا ئىدىم. داستىخاندا ئولتۇرسام قولۇم تاۋاقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە چېپىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا " ئەي ئوغۇل! تاماق يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرىپىڭدىن باشلاپ يېگىن" دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ تاماق يېيىشىم ھەمىشە شۇنداق بولۇپ كەلدى». بۇ ھەدىس داستىخاندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ئۈچۈن بىردىنبىر دەستۇردۇر.

ئىمام غەززالىي «ئىھيا» ناملىق ئەسىرىنىڭ داستىخاندا ئولتۇرۇشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ھەققىدىكى بۆلۈمىدە مۇنداق دەپ يازغان: «غىزالىنىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىخچاملاشقا بولىدۇ: تاماقنى يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېيىش، تاماقنى ئوڭ قولدا يېيىش، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش، تاماقنا باشقىلاردىن ئاۋۋال قول ئۇزاتماسلىق، تاماققا ۋە ئۇنى يەۋاتقان

كىشــىلەرگە تىكىلىــپ قارىماســلىق، تامــاقنى بەك تېــز يېمەســتىن، ئالدىرىماي، يۇمشاق چاينىپ يېيىش، تاماقنى ئېغىزنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىۋەرمەستىن، ئاغزىدىكىنى يۇتۇپ بولۇپ، ئالدىرىماستىن ئېلىش، تاماقنى بەك كۆپ يېمەسلىك، مېھمانلارنى تاماققا كۆپ زورلىماسلىق ۋە باشقىلاردۇر».

## يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلەر

«قابۇسىنامە» نامىلىق دىداكتىك ئەسەرنىڭ ئاپتورى شەمسۇلمائالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمىرگىر كىتابىنىڭ «يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپلىرى» دېگەن بۆلۈمىدە مۇنداق دەپ يازغان: «تاماق يېگەندە ئۇنى ھەزىم قىلالايدىغان مىقداردا يېگىن، كۆپ يېمە. ئەگەر بىر قانچە كىشى ياكى كۆپ كىشىلەر بىلەن بىللە تاماق يېيىش توغرا كەلسە، كۆپچىلىك تاماققا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن تاماققا ئولتۇرمىغىن. ئەگەر ئۆيۈڭدە مېھمان قوبۇل قىلساڭ، مېھمانلار كېلىپ داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماقنى داستىخانغا ئەكىلىپ قويما. تاماق يېگەندە ئالدىرىماي، ئاستا ـ ئاستا يېيىشنى ئادەت قىل. تاماق يېگەندە بېشىڭنى تۆۋەن تۇتقىن. كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە قولىغا ئالغان، ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى ئەيىبتۇر. ئەمدى ساڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي: ساھىب كاپى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ كاتىپ ـ خادىملىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بىرىنىڭ قوشۇقىدا بىر تال قىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ كىشىگە: "قوشۇقۇڭدا بىر تال قىل بار، ئېلىپ تاشلىۋەت" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قوشۇقنى تاشلاپ تاماق يېمەستىن چىقىپ كېتىپتۇ. مەجلىس ئەھلى پەرىشان بولۇپتۇ. پادىشاھ ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ:" نېمە ئۈچۈن تاماق يېمەي چىقىپ كەتتىڭ؟"دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:" قولۇمغا ئالغان

لوقمىدا بىر تال قىلنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ تاماق يېگىلى بولسۇن؟ "دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق خىجىل بولۇپ كېتىپتۇ».

# ئۆيگە كىرىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى

ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆزى يالغۇز ياشاپ ئۆتەلمەيدۇ. بەلكى جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە مۇھتاجدۇر. ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىنتىلىدۇ. ئىنسانلار ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەت ئۇلاردىن ھەر ئىشتا قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق قائىدە ـ يوسۇنى ۋە ئۆزىگە خاس ئەدەپ ئەخلاقى باردۇر. بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە ئۆيي ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراپ كىرىشمۇ شۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرىدىن بىرىدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىلىرى، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى ئىنتايىن كۆپ. مېھمان بولۇش، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، يەپ ـ ئىچىش، سۆزلىشىش، ئۇخلاش، تازىلىق، سالاملىشىش، ئىشىكتىن كىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك ئەدەپ ـ قائىدىلەر بار. تۆۋەندە ئۆيگە كىرىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ھەققىدە توختىلىمىز: بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغان ئادەم ئاۋۋال ئىشىكنى چېكىپ، ئۆيي ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراپ كىرىشى، رۇخسەت قىلىنمىسا قايتىپ كېتىشى لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق تەلىم بەرگەن:﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ. فَإِنْ لَمْ تَجِدُوا فِيهَا أَحَدًا فَلَا تَدْخُلُوهَا حَتَّى يُؤْذَنَ لَكُمْ وَإِنْ قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوا فَارْجِعُوا هُوَ أَزْكَى لَكُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ. لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ مَسْكُونَةٍ فِيهَا مَتَاعٌ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا

تَكْتُمُونَ﴾يەنى ﴿ ئى ئىمان ئېيتقانلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر. ۋەز- نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (بۇ تەۋسىيە قىلىندى). ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە «قايتىڭلار» دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئىچىدە سىلەرگە ئائىت نەرسە-كېرەكلەر بولغان، تۇرالغۇ بولمىغان ئۆيلەرگە كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ ﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «رۇخسەت ئۈچ قېتىم سورىلىدۇ. رۇخسەت بېرىلسە كىرىڭ. ئەگەر رۇخسەت بېرىلمىسە قايتىپ كېتىڭ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىشىكتىن كىرىشتە ئاۋۋال چوڭلار، بىلىم ئەھلىلىرى، ئاندىن تەرتىپ بويىچە ياشلار كىرگىنى ياخشى. باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە، ئاۋۋال ئۇلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن، شۇ ھامان كېچىكمەستىن ئەڭ گۈزەل ۋە ئېسىل ئىبارىلەر بىلەن ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سورىشى زۆرۈردۇر.

## ئۆيگە كىرىشتە ئەدەپسىزلىك سانىلىدىغان ئىشلار

گەرچە بىراۋنىڭ ئۆيگە كېلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا خەۋەر بېرىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشتە ئىشىكنى قاقماستىن ياكى

(1) نۇر سۈرىسى 27- 29- ئايەتلەر

ئالدىراپ سالام بەرمەستىن كىرىش، ئىشىكنى سىلىق قاقماستىن ئۆي ئىگىسىنى ۋە قوشنىلىرىنى بىئارام قىلىدىغان شەكىلدە قاتتىق قېقىش ياكى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق قېقىش ئەدەپسىزلىكتۇر. شۇنداقلا بىراۋنىڭ، قوشنىلارنىڭ، باللارنىڭ تاقاقلىق تۇرغان ئىشىك ـ دەرۋازىلىرىدىن ماراپ قاراش بەكمۇ ئەدەپسىزلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارغا ئاچچىقلىنىپ: «بىراۋنىڭ ئۆيگە ئىشىكتىن ياكى تۆشۈكتىن رۇخسەتسىز ماراپ قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى ئويۇۋەتسىمۇ بولىدۇ» دەپ سۆككەن. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھەم ئەدەپسىزلىك ھەم باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە قىلىنغان ئېغىر خىيانەتتۇر.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ باللىرىنىڭ ياتاقلىرىغا ئىشىكنى چېكىپ، رۇخسەت سورىماستىن خالىغانچە كىرمەسلىكى، باللارنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياتىقىغا مەيلى كۈندۈزى، مەيلى ئاخشاملىرى ئىشىكنى سىلىق چېكىپ رۇخسەت ئالماستىن كىرمەسلىكى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئاتا ـ ئانىلار بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىپپەت ـ ھايانىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشىغا، ئارىسىدىكى ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنىڭ سۇسلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بىر ئائىلىنىڭ باللىرىمۇ بىر-بىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىشتە ئەلۋەتتە ئىشىكنى چېكىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىشى ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

# ئائىلە ھاياتىدىكى بىر يۈرۈش ئەدەپ-ئەخلاقلار

ئىسلام دىنى جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى بولغان ئائىلىگە زور ئەھمىيەت بەرگەن. ئائىلە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ-ئەخلاقلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆيىڭىزگە كىرگەندە ۋە چىققاندا، ئىشىكنى قولىڭىز بىلەن سىلىق يېپىڭ. ھەرگىز ئۇنى قاتتىق ياپماڭ ياكى ئۇنى ئۆزلىكىدىن قاتتىق يېپىلىشىغا قويۇپ بەرمەڭ. چۈنكى مۇنداق قىلىش سىز مەنسۇپ بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يۇمشاقلىق قايسى نەرسىگە كىرسە، ئۇنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، ئۇ قايسى نەرسىدىن يۇلۇپ ئېلىنسا، شۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرىۋېتىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

2. ئۆيىڭىزگە كىرگەندە ياكى چىققاندا، ئۆيدىكىلەرگە -مەيلى ئۇلار چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن- سالام بېرىشنى ئۇنۇتماڭ. مۇسۇلمانلارنىڭ سالىمى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىسلامنىڭ شۇئارى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنۋانىدۇر. بۇنداق ئېسىل بىر سالامنى قويۇپ" خەيرلىك ئەتىگەن"ياكى" ياخشىمۇسىز" لارغا ئۇخشاش مۇسۇلمان ئەمەس قوۋملەرنىڭ سۆزلىرىنى دورىماڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئىسلامي سالام بېرىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ خىزمەتچىسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەلىم بېرىپ: «ئى ئوغلۇم! ئۆيۈڭگە كىرگىنىڭدە، ئۆيدىكىلەرگە سالام بەرگىن. مۇنداق قىلىش سەن ۋە ئۆيۈڭدىكىلەرنىڭ ئۈچۈن بەرىكەتلىك

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

3. ئۆيىڭىزگە كىرگىنىڭىزدە، ئۆي ئىچىدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاياق تېۋىشىڭىز بىلەن ياكى گېلىڭىزنى قىرىش بىلەن ئۇلارغا سىزنىڭ كىرگىنىڭىزنى بىلدۈرۈپ كىرىڭ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كېچىدە ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىشتىن ۋە ئەھلىمىزگە تۇيۇقسىز كىرىشتىن توسقان»[2].

4. ئۆيىڭىزدىكىلەردىن بىرەرسى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بار ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولسىڭىز ئىشىكنى چېكىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىڭ، ھەرگىز ئۇسسۇپ كىرمەڭ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:«ئانامنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈنمۇ رۇخسەت سورامدىمەن؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئەلۋەتتە رۇخسەت سورايسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم:« ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئانام بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىۋاتىمەنغۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «شۇنداق بولساڭمۇ رۇخسەت سورىشىڭ كېرەك» دەيدۇ. بۇ ئادەم يەنە:« ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەمىشە ئانام بىلەن بىللىغۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاناڭنى يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرۈپ قېلىشنى ياقتۇرامسەن؟» دەيدۇ، بۇ ئادەم:«ياق»دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، ئاناڭنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئاناڭدىن

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

رۇخسەت سورىغىن»[1] دەيدۇ

5. بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاقىنىڭىزدا، سىرتتا ئىشىكنى قىقىۋاتقان بىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگىچىلىك دەرىجىدە يۇمشاق ۋە سىلىق قېقىڭ. ھەرگىز ئىشىكنى قاتتىق قېقىپ، ئۆي ئىگىسىنى چوچۇتىۋېتىدىغان قوپاللىقنى قىلماڭ. بىر كۈنى بىر ئايال ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىپ، ئەدەپسىزلىك قىلغاندا، ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا: «بۇ ساقچىلارنىڭ ئىشىك قېقىشى بولدى» دېگەن ئىكەن.

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن تىرناقلىرىنى ئىشلىتىپ قاقاتتى.

بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ھەر بىر قېقىش ئارىلىقىدا، ئۆي ئىگىسىگە نامازدا بولسا، ئۇنىڭدىن بىكار بولغىچىلىك، تائام ئۈستىدە بولسا، ئاغزىدىكى لوقمىسىنى ئالدىرىماستىن يۇتىۋالغۇچىلىك پۇرسەت بېرىش كېرەك.

ئىشىكنى قېقىش ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رۇخسەت سوراش ئۈچ قېتىم بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ ئىشىك ئېچىلمىسا قايتىپ كېتىش كېرەك»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

6. بىراۋنىڭ ئىشىكنى قاققاندا، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراۋالماستىن، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇش گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە،

(1) ئىمام مالىك رىۋايىتى
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىشىكنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇراتتى، ئىشىككە يۈزىنى قىلىپ تۇرمايتتى»[1]. ئىشىكتىن كىرگەندە، ئاۋۋال ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىش، ئىشىكتىن كىرگىچە ئاياغلارنى قېقىپ، سۈرتۈپ، تازىلاپ كىرىش، ئۆينىڭ ئىچى پاياندازسىز بولسا ئۇنىڭغا ئاياغنى چىقىرىپ كىرىش لازىم.

7. بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ئۆي ئىگىسىنىڭ «كىم» دېگەن سوئالىغا،«مەن»دەپ جاۋاب بەرمەستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېنىق ئېيتىش لازىم. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىنى قاققىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : «كىم» دەپ سورىغان سوئالىغا «مەن» دەپ جاۋاب بېرىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە: «مەن، مەن؟» دەپ ئىشىكنى ئاچتى»[2].

8. بىراۋنى ئالدىن خەۋەر بەرمەستىن زىيارەت قىلغىنىڭىزدا، قايسىبىر ئۆزرىسى سەۋەبلىك سىزنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سىزدىن ئۆزرە سورىسا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭدىن رەنجىمەي قالماستىن قايتىپ كېتىشىڭىز لازىم. ئەگەر زىيارىتىڭىزنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئالدىن خەۋەر قىلالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىشىڭىز لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ وَإِنْ قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوا فَارْجِعُوا هُوَ أَزْكَى لَكُمْ ﴾يەنى﴿ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾[3] دەيدۇ.

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) نۇر سۈرىسى28-ئايەت

9. بىراۋ سىزنى ئۆيگە باشلىغاندا، ئۆيىنىڭ ھەر تەرىپىگە سىنچىلاپ بېقىشتىن، ئۆيدىكىلەرگە تىكىلىپ قاراشتىن، شۇنداقلا ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۆي ئىچىگە قاراشتىن ھەزەر قىلىڭ. مۇنداق قىلىش ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەيىب ئىشتۇر. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە چېچىنى تارىۋاتاتتى، بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا سىرتتىن قارىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئادەمگە: «سېنىڭ مۇنداق قارىۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، ئىككى كۆزۈڭنى ئويىۋاتقان بولاتتىم، ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت سوراشتىن مەقسەت پەقەت ئۆي ئەھلىنى تەييارلىقسىز ھالىتىدە كۆرۈپ قالماسلىق ئۈچۈندۇر»[1] دېگەن.

10. بىراۋنى زىيارەت قىلغىنىڭىزدا، ئۆيگە سىلىق كىرىڭ، ئاياقلىرىڭىزنى سىلىق سېلىپ، مەخسۇس جايىدا رەتلىك قويۇڭ، ئاياقلارنى سېلىش ۋە كىيىش تەرتىبلىرىگە ئەھمىيەت بېرىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سىلەر ئاياقلىرىڭلارنى كىيمەكچى بولغىنىڭلاردا ئىشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار، ئاياقلارنى سېلىشتا ئىشنى ئاۋۋال سول تەرەپتىن باشلاڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

11. ساھىبخان بىلەن ئولتۇرىدىغان ئورنىڭىز توغرىسىدا تارتىنماڭ. ساھىبخان قەيەرگە تەكلىپ قىلسا، شۇ يەردە ئولتۇرۇڭ. كۆپ تەكەللۇپ قىلماڭ. «مېھمان قويىدىن ياۋاش بولىدۇ» دېگەن سۆز بار. بەلكى ساھىبخانىنىڭ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان جاي سىز ۋە ساھىبخان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋە مۇناسىپ جاي بولۇشى مۇمكىن.

ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتقىنىڭىزدا، خۇددى تەكشۈرۈشكە

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) مۇسلىم رىۋايىتى

كەلـگەن كىشـىدەك ئـۆي ئىچـىگە سـىنچىلاپ قـاراپ يـۈرمەڭ، يېپىـق نەرسىنى ئاچماڭ، سىزنى باشلىمىغان ھۇجرىلىرىغا كىرمەڭ.

12. بىراۋنـى زىيـارەت قىلىـش ئۈچـۈن مۇناسـىپ كـۈن ۋە مۇناسـىپ ۋاقىتنــى تــاللاش كېــرەك. زىيــارەت قىلغانــدا، بەك ئــۇزۇن ئولتــۇرۇپ سـاھىبخانىنى زېرىكتۈرىـدىغان ئىشـنى قىلمـاڭ. بىراۋنـى تامـاق ۋاقتىـدا، ئۇخلايـدىغان ۋاقتىـدا ۋە دەم ئالىـدىغان سـائەتىدە زىيـارەت قىلىشـتىن ساقلىنىڭ.

13. قانـداقلا بىـر جايغـا كىرگىنىڭىـزدە ئولتۇرغانلارنىـڭ ھەممىسـىگە سالام قىلىپ كىرىڭ. قول ئېلىشىپ كۆرۈشـمەكچى بـولغىنىڭىزدا، ئىشـنى سـورۇننىڭ چوڭىـدىن باشـلاڭ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام بـۇ مـاۋزۇدا: «ئاۋۋال چوڭىدىن باشلاڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

14. بىـرەر سـورۇنغا كەلگىنىڭىـزدە ئىككـى كىشـىنىڭ ئوتتۇرىسـىغا كىرىــپ ئولتۇرىۋالمـاڭ، بەلكـى ئۇلارنىـڭ ئـوڭ يـاكى سـول تەرىپىـدىن ئــورۇن ئېلىــڭ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالام : «ئىككــى ئادەمنىــڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىۋالماڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

15. ئۈچ كىشى بىـر يەردە ئولتۇرىۋاتقـان بولساڭلار، ئۇلارنىـڭ بىرىنـى قايرىــپ قويـۇپ، يەنە بىـرى بىـلەن پىچىرلاشـماڭ. بـۇ ئەدەپسـىزلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئـۈچ كىشـى بـار يەردە، ئىككىسـى بىـر-بىـرى بىـــــلەن پىچىرلاشمىســـــۇن»[3] دەپ كۆرســـــەتكەن. پەيغەمـــــبەر ئەلەيھىسسالام"ئەگەر ئۇلار تۆت كىشى بولسىچۇ؟" دەپ سـورالغىنىدا، «ئـۇ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(3) ئىمام مالىك ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

ۋاقىتتا ھېچ ۋەقەسى يوق»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ يەردىكى مەنىي كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىككى كىشىنىڭ ئۈچىنچى كىشىنى قارىتىپ قويۇپ پىچىرلىشىشى ئۈچىنچى كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلماي قالمايدۇ.

16. بىر يەرگە كىرىش ياكى چىقىشتا ياشتا ياكى ئىلىمدە چوڭلارغا يول بېرىڭ. ئەگەر قايسىسىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسىڭىز، ئوڭ تەرەپتىكىلەرگە يول قويۇڭ. بىر نەرسە تەقدىم قىلىشتىمۇ ئاۋۋال چوڭلارغا بېرىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «چوڭنىڭ ھەققىنى بەرگىن»[2] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

17. ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا ھەمىشە ئەدەپلىك بولۇڭ. چۈنكى ئۇلارغا ئەڭ ئەدەپلىك ۋە ئەڭ ياخشى، سىلىق مۇئامىلىگە ھەقلىقتۇر. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن" ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق كىشىم كىم؟" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق سوئالىغا «ئاناڭ»دەپ جاۋاب بېرىپ، تۆتىنچى قېتىمدا: «داداڭ»[3] دەپ جاۋاب بەرگەن.

يول يۈرگەندە ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭماڭ، تائامغا ئۇلاردىن بۇرۇن قول ئۇزاتماڭ، ئۇلار ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال سىز ئولتۇرماڭ، ئۇلار سۆزلەشتىن ئاۋۋال سىز سۆز قىلماڭ.

18. مەسجىدكە ياكى قانداقلا بىر سورۇنغا بارغاندا ياكى بىرەر مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا چىققاندا، چىرايلىق كىيىنىپ، چاچ-ساقىلىڭىزنى

(1) ئالدىنقى مەنبەدىن.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

تاراپ، خۇشپۇراقلىق ئەتىرلەرنى چېچىپ چىقىڭ. يېقىمسىز ھىدىڭىز بىلەن باشقىلارنى بىئارام قىلىشتىن ساقلىنىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولغىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلارنى تۈزەپ چىقىڭلار. چۈنكى ئاللاھ گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ»[1] دېگەن.

19. سىز بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ شارائىتىغا رىئايە قىلىشنى بىلىڭ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماڭ، ئۇنىڭغا ئېغىرلىق سالماڭ، ئۇنى ئاسراشنى بىلىڭ. ئاتىلىرىمىز: «ئۆزىنى سورىغان شە سوراپتۇ» دەيدىغان ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان.

شۇنىڭدەك، سىزگە بىرى مېھمان بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ياخشى قىلىڭ. بۇ يېمەك-ئىچمەكتە ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىپ ئىسراپ قىلىڭ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدا نورماللىقنى ساقلاڭ، ئەمما ھۆرمەت-ئىكرامدا قانچىلىك ئاشۇرالىسىڭىز شۇنچىلىك ئاشۇرۇپ قىلىڭ. چۈنكى بۇ سىزدىن ئوچۇق كۆڭۈل ۋە تەبەسسۇمدىن باشقا ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان ئىش.

20. تۇغقانلىرىڭىزدىن ياكى دوستلىرىڭىزدىن ۋە ياكى قوشنىلىرىڭىزدىن ياكى خىزمەتداشلىرىڭىزدىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى زىيارەت قىلغان تۇنجى كىشى سىز بولۇشقا تىرىشىڭ. بىلىڭكى، بۇ چوڭ ساۋابلىق ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كىمكى بىر كېسەلنى يوقلايدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىچىدە بولىدۇ، ئۇ كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدا بۇ رەھمەت ئۇنى ئېخمۇ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

تولـــۇق قورشـــايدۇ»[1] دېـــگەن. كېســـەل يوقلاشـــتا ئۇنىـــڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىغـا رىئـايە قىلىشـنىمۇ ئۇنۇتماسلىق. كېسـەلنىڭ يېنىـدا ئـۇزۇن ئولتۇرىۋالمـاڭ، كـۆپ سـۆزگە سـالماڭ، كـۆڭلى بۇزۇلىـدىغان سـۆز ۋە خەۋەرلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتماڭ. ئۇنىڭغـا ئېيتىشـقا تېگىشـلىك بولغـان شـۇم خەۋەرنــى ئېيتمـاقچى بولغانــدا، ئــۇنى مۇقەددىمىســىز ھالــدا، توسـاتتىن ئېيتماڭ.

21. مېھماندارچىلىقلاردا ياكى قايسىبىر سورۇندا يېقىنلىرىڭىـز بىـلەن سۆھبەتلىشـــىپ ئولتـــۇرغىنىڭىزدا، ئـــاۋازىڭىزنى ئۇتتۇرھـــال قىلىـــڭ. ئـاۋازىڭىزنى ئېھتىياجغـا قـاراپ چىقىرىـڭ. قـاتتىق سـۆزلەپ باشـقىلارنى راھەتسىـز قىلماڭ. قۇرئـان كەرىـم لۇقمـان ھەكىمنىـڭ ئوغلىغـا قىلغـان ۋەســـىيىتىنى بايـــان قىلىـــپ مۇنـــداق دېـــگەن:﴿ وَاغْضُضْ مِنْ صَوْتِكَ﴾ يەنى﴿ئاۋازىڭنى يۇقىرى قىلمىغىن﴾[2].

22. كىشـــلەر بىـــلەن سۆھبەتلەشـــكىنىڭىزدە، قارشـــى تەرەپنىـــڭ كۆڭلىنى ئاسرىشىڭىز لازىم. بىـراۋ سـىزگە سـۆزلەۋاتقاندا، سـۆزلىگۈچىنىڭ كـــۆزىگە قـــاراپ جىـــم ئولتـــۇرۇپ تىڭشـــاڭ، ئۇيـــاق-بۇياققـــا قاراشـــتىن ۋە كۆزىڭىزنى ئۇنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇشتىن قـاتتىق ھەزەر قىلىـڭ. چۈنكى مۇنـداق قىلىـش سـۆزلىگۈچىنى بىئـارام قىلىـپ قويىـدۇ. لۇقمـان ھەكىـم ئوغلىغا: «ئوغلۇم! سەن چىرايلىق سۆزلەشنى ئۆگەنگىنىڭدەك چىرايلىق ئاڭلاشنىمۇ ئۆگەنگىن» دېگەن ئىكەن. سـۆزلىگۈچىگە پۈتـۈن دىققىتىنـى بېغىشلاش ۋە ئۇنىـڭ كـۆزىگە قـاراپ تـۇرۇپ ئـاڭلاش چىرايلىـق ئاڭلاشـقا كىرىـــدۇ. ھەتتـــا ئـــۇ ســـىز بىلىـــدىغان بىـــر مەســـىلىنى ســـىزگە

(1) ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان رىۋايىتى
(2) لۇقمان سۈرىسى19-ئايەت

چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىدا، سىز بۇ مەسىلىنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا چاندۇرماستىن، سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭىز لازىم. مانا بۇ، ئىسلام ئەخلاقىدۇر. ئەمما مۇنازىرە قىلىشىش، ئۆكتىنىش قىلىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا بەس-مۇنازىرە بولىدۇ.

23. سۆھبەتنىڭ ئەخلاقلىرىدىن بىرى شۇكى، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرىدىن سىز چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال قىلىشنى ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگىتىپ بولغىچە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىنى بېرىڭ.

شۇنىڭدەك، سۆھبەتتە ياكى قايسى بىر سورۇندا باشقىلار بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇلاردىن بىرى قايسىبىر مەسىلىدىن سورالسا، سىز ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماڭ. ئەگەر سىزنىڭ رەيىڭىزنى سورىسا ياكى سوئالنى سىزدىن سورىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا جاۋاب بەرسىڭىز بولىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى

# ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشى

## ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار

بۇ ماۋزۇغا كىرىشتىن ئاۋۋال شۇنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىردىنبىر دىندۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس شەرىئەت - قانۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئائىلە ھاياتىنىڭ بەختسىزلىككە سەۋەب بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى ۋە ھەرتۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىنى قەتئىي ھالدا ھارام قىلدى ۋە كىشىلەرنى ئۇلاردىن مەنئى قىلدى. چۈنكى، ھەممىگە ئېنىقكى، نەتىجىلەرنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى مۇقەددىمىلەرگە باغلىق بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىشىمۇ، يەنە شۇ مۇقەددىمىلەرگە باغلىقتۇر. ئاغرىق - سىلاقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن ساقلىنىش زۆرۈر بولغاندەك، ئائىلە ھاياتىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۈلپەتلەردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى بەختلىك ھالدا، ئاخىرىغىچە داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئائىلە ھاياتىدا ئەر- خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مۇقەددىمىلەردىن ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان بەزى ئامىللاردىن ساقلىنىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار كۆپ. ئۇلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### 1. نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش

نامەھرەملەردىن كۆزنى ساقلاش مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ياخشىدۇر ۋە يامان نەتىجىلەردىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە

مۇسۇلمانلارنى نامەھرەملەردىن كۆزلىرىنى ساقلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ. وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا﴾يەنى ﴿ مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار . مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىنىنەت ئورگانلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن﴾ [1].

ئەمەلىيەتتە، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش كۆپىنچە ھاللاردا، ئائىلىنى بۇزىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قانچىلىغان كىشىنىڭ بىرەر گۈزەلنى ئۇچراتقىنىدا، ئۇنىڭغا ھەۋىسى بىلەن تىكىلىپ قارىشى ۋە ئۇنىڭمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق ھالدا ئىنكاس بىلدۈرىشى نەتىجىسىدە، كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ ئارقىسىدىن چېپىشى، ئاندىن ئىككىسى بىنورمال ئالاقە باغلىشى ئارقىلىق ئۇنىڭغا بوزۇلۇپ، ئۆيلىرىدىكى ئاياللىرىغا ھەۋەسسىز بولۇپ قالغانلىقتىن، يوقىلاڭ بىر باھانىلەر بىلەن ئاياللىرىنى ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى، نەتىجىدە، باللىرىنى يېتىم قىلغانلىقى ياكى ئاياللىرى بىلەن مۇھەببەتسىز، بەختسىز ھالدا ياشاشقا مەجبۇر بولغانلىقى، كۆپلىگەن ئاياللارنىڭمۇ بىرەر ئەرگە ھەۋەسى بىلەن

(1) نۇر سۈرىسى 30 ـ 31 ـ ئايەتلەر

تىكىلىپ قارىشى، ئەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا مەيلىنى بىلدۈرىدىغان ئىشارەتلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرىشى ۋە ئىشەنچ بىلدۈرىشى، ئاندىن ئىككىسى بىنورمال، يولسىز ئالاقە باغلىشى، نەتىجىسىدە، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، گاھ ئاشىق بولۇپ قالغان، ئۆز ئېرىگە بولسا ھەۋەسسىز، مۇھەببەتسىز بولۇپ قالغان سەۋەبتىن، ئېرىگە ئۆچ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن كىچىككىنە باھانىلەر بىلەن چىقىپ كېتىشى ئارقىلىق ئائىلىنى ۋەيران، بالىلىرىنى يېتىم قىلغانلىقى قاتارلىق ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلەرنىڭ نامەھرەملەردىن كۆزلىرىنى ساقلىمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقماقتا.

## 2.ئاياللارنىڭ نامەھرەملەرگە ئەۋرەت ئەزالىرىنى ئېچىشى

ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى ـ ئىككى قولى، يۈزى ۋە ئىككى پۇتىدىن باشقا پۈتۈن ئەزالىرى دېمەكتۇر. ئاياللارنىڭ نامەھرەملەر بار يەرلەردە نېپىز، قىسقا ۋە تار كىيىملەرنى كىيىشى ۋە ئەۋرەت سانالغان ئەزالىرىنى ئوچۇق ئاشكارىلىشى ئىسلام شەرىئىتىدە توسۇلغان ئىشتۇر. شۈبھىسىزكى، ئاياللارنىڭ ئېچىشتىن توسۇلغان ئەزالىرىنى ئېچىپ يۈرۈشلىرى، ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان بەزى كىشىلەرنىڭ يامان غەرەزلىرىنى ئويلىشى بىلەن جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا يامان ئاقىۋەت يۈز بېرىپ قېلىشى ئېھتىمال. غەيرى نورمال ئەھۋال يۈز بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن ۋە نىيىتى بۇزۇلغان بىرىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدۇ. نەتىجىدە، ئەل ئارىسىدا سۆز ـ چۆچەكلەر تارقىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىگە ئەلۋەتتە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئاياللارنىڭ ئايالالار كېسەللىكلىرى

بۆلۈملىرىدە ئايال دوختۇر بار ھالدا، ئەر دوختۇرلارغا بارماسلىقى لازىم. بۇ، دىنىمىزغا خىلاپ ئىشتۇر. چۈنكى دوختۇرمۇ جىنسىي ھەۋەسكە ئىگە بولغان ئەردۇر. تۇرلۇك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئېھتىمال. غەيرى ئەھۋال يۈزبەرمىگەن تەقدىردىمۇ، ئېپپەتلىك، ھايالىق بىر ئايال ئۈچۈن بۇ ياخشى ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئايال دوختۇر بولمىغانلىقتىن، ئامالسىز قالغاندا، ئەر دوختۇرغا بېرىشقا بولىدۇ. بارغاندىمۇ يالغۇز بارماسلىقى لازىم.

## 3. نامەھرەم بىلەن يالغۇز قېلىش

مەيلى ئەر بولسۇن ، مەيلى ئايال بولسۇن، قايسى بىرىنىڭ ئۆزىگە نامەھرەم بولغان بىرسى بىلەن يالغۇز قېلىشى توغرا ئەمەس. بۇ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مەھرىمى يېنىدا بولمىغان ئايال بىلەن يالغۇز قالمىسۇن»[1].

ئاياللار ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىنى قوغداپ ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇشى ئۈچۈن، بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك، كۆپلىگەن ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بېرىدىغان جېدەل - ماجىرالارنىڭ كۆپىنچىسى بۇسەۋەبتىن بولىدۇ.

(1) بۇخارى رىۋايىتى

## 4. ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىكى ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى

ئەسلىدە ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلىرى ئەرلەرنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىن ئايرىم بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىدىمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ. ئەمما مەملىكىتىمىزنىڭ شارائىتىدا ئاياللارنى ئەرلەرگە ئارىلىشىپ ئىشلەشتىن مۇتلەق توسقىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاياللار ئىش ئورۇنلىرىدا باشقا ئەرلەر بىلەن ئىشلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىزمەتداشلىق شۇئارى ئاستىدا باشقا بىنورمال مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىلماسلىقى لازىم.

مەسىلەن: ئايال ئىش ئورنىدىكى بىرسى بىلەن خىزمەتداشلىق شۇئارى ئاستىدا بىنورمال، يولسىز مۇناسىۋەت باغلىغاندىن كېيىن، بۇ مۇناسىۋەت كۈندىن - كۈنگە قويۇقلىشىپ، ھەتتا بىرگە كۆڭۈل ئېچىشلارغا چىقىدىغان، كىنو-تىياتېرلارغا بارىدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. ئايال ئېرى بىلەن ھەمىشە بىرخىل خوشال ئۆتەلمەيدۇ، بەزىدە بىر - بىرىدىن رەنجىپ قالىدۇ. بۇ ھالەتلەردە ئايالنىڭ كۆڭلى ئېرىدىن ئېچىلمىغاچقا، ئۇ تەدرىجى ھالدا، ئۆزىنىڭ خىزمەتداش دوستى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ھەر ئىككىسى ئائىلىسىنى پارچىلاشقا ۋە بالىلىرىنى يېتىم قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مانا بۇ ئائىلە بۇزۇلىدى، دېگەنلىك. بۇنداق بۇزۇلغان ئائىلىلەر كۆپ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىمكان قەدەر، ئەر خىزمەتداشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، كۆپ سۆزلەشمەسلىكى، ئىشتىن تاشقىرى بىرگە ئارىلىشىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. بۇ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

## 5. نامەھرەم كىشىلەر بىلەن چاقچاقلىشىش

مەلۇمكى، ئايالنىڭ نامەھرەم ئەرلەر بىلەن جورىسى بار يەردە بولسۇن، ياكى يوق يەردە بولسۇن چاقچاقلىشىشى ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىرلىرىنى يەتكۈزمەي قويمايدۇ. شۇڭدەك، مېھماندارچىلىقلاردا، ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ۋە باشقىمۇ ئەر - ئاياللار توپلاشقان ئورۇنلاردا ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۆتتۈپ تولا پاراڭ قىلىشى ياكى باشقىلار بىلەن چاقچاق قىلىشىشى بەكمۇ ئېيىپتۇر. ئايال ئۈچۈن كەمسۆزلىكتىن ياخشى خۇلۇق يوقتۇر.

## 6. تانسا ۋە باشقا ئويۇن - تاماشالارغا بېرىش

ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر ئىككىسىنىڭ تانسىغا ۋە باشقا ئەر- ئايال جىنسلار توپلاشقان ئويۇن - تاماشا سورۇنلىرىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە تاماشا قىلىشى ياخشى ئەمەس. ئىسلام نەزەرىدە، ھارامدۇر. ئايالنىڭ مەيلى ئېرى بىلەن بولسۇن، مەيلى يالغۇز بولسۇن تانسىغا بېرىشى قاتتىق ئېغىر قاباھەتتۇر. ئايالنى تانسىغا ئېلىپ بارغان ئەر غۇرۇرسىز ۋە ۋىجدانسىز كىشىدۇر. ئايالنى تانسىغا ئەۋەتىپ قويۇپ خاتىرجەم ئولتۇرغان ئەر دەييۇس (يەنى ئايالى باشقىلار بىلەن قۇچاقلىشىپ تانسا ئوينىسا، ھەتتا باشقىلارنىڭ قۇچىقىدا ياتسىمۇ، «ئۇنى توغرا چۈشىنىمىز، چۈنكى بىز مەدەنىيەتلىك كىشىلەرمىز» دەيدىغان، ۋىجدانسىز ئەبگا) ئەردۇر.

## 7. ئاياللارنىڭ يالغۇز شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىشى

بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەڭ كۆپىيىپ كەتكەن بىر سەلبىي ئېقىم ئاياللارنىڭ ئۆزى يالغۇز شەھەرلەر ئاتلاپ تىجارەت

قىلىشى بولىدى. شۈبھىسىزكى، ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز ھالدا، شەھەردىن شەھەرگە سەپەر قىلىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىشى ئىنتايىن خاتادۇر. بۇ ئىشلار ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە ئەلۋەتتە دەخلى يەتكۈزمەي قالمايدۇ. ئايالنى باشقا شەھەرلەرگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىپ قويۇپ، ئۆزى بىغەم ئولتۇرىدىغان ئەر ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، ئاللاھ تائالادىن قورقسا بولىدۇ. كۆپلىگەن ئاياللارنىڭ تىجارەت يولىدا چىقىشىپ قالغان كىشىلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ، ئائىلىلىرىنى بۇزغانلىقى نەتىجىسىدە، بالىلىرىنى يېتىم قىلغانلىقى، ئائىلە بۇزۇلمىغان تەقدىردىمۇ، ئەرلىرىگە خىيانەت قىلىشى ئارقىلىق ئۆلارنىڭ ئابروپىلىرىنى يەرگە ئۇرغانلىقى قاتارلىق بىز ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئېچىنىشلىق ھادىسىلەر يۇقىرىقى خاتالىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟

## 8. ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى يېيىش

كۆپىنچە، ئاياللار ئەر - خوتۇنلۇق ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى سىرتقا يېيىشنىڭ قانچىلىك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. بەزى ئاياللار ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى بىر - بىرى بىلەن ئېيتىشىدۇ، ئاڭلىغان ئاياللار ئەرلىرىگە ئېيتىدۇ، ئاخىرىدا بېرىپ بۇ سىرلار ئاۋۋال سۆزلىگۈچى ئايالنىڭ ئېرىگە ئاڭلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجىرالار يۈز بېرىدۇ. ئەر-ئايال بەختىسىز، سۆيگۈسىز ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ ياكى ئائىلە ۋەيران بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىدە

ئاللاھنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ يامان كىشى ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى يايغان كىشىدۇر»[1].

## زىنا ئائىلە بۇزۇلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى

زىنا - كاپىرلىق گۇناھىدىن قالسا ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ بىرىدۇر. زىنا - شەرەپلىك ئائىلىلەرنى يەرگە قارىتىدىغان، ئابرويلۇق كىشىلەرنى يەرگە ئۇرىدىغان، شىجائەتلىك كىشىلەرنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدىغان بىر رەزىل ئىشتۇر.

زىنانىڭ دەرىجىلىرى ئېغىرلىق جەھەتتىن ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھلىرى قانداق رەۋىشتە بولمىسۇن، يۇقىرىقىلاردىن يېنىك بولمايدۇ، بەلكى ئېغىرلىشىدۇ.

مەسىلەن: ئۆزىگە دۈشمەنلىك كۆرسىتىۋاتقان باشقا دىندىكى ئايال بىلەن زىنا قىلىشتىن، مۇسۇلمان ئايال بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر. ناتونۇش مۇسۇلماننىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن، قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر. يىراق قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن، يېقىن قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر. يېقىن قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن مۇجاھىد(ئاللاھ يولىدا جەڭگە چىقىپ كەتكەن كىشى)نىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر، ئەلۋەتتە. ئېرى يوق ئايال بىلەن زىنا قىلىشتىن، ئېرى بار ئايال بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر بولىدۇ.

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

يۇقىرىقىلاردىن، باشقا دىنىدىكى ئاياللار بىلەن زىنا قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھى يېنىكرەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپ قېلىش ئىنتايىن خاتادۇر. يۇقىرىقى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان زىنانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى جازاسى، زىنا دەرىجىلىرىدىن ئەڭ يېنىك بولغىنىنىڭ جازاسىدۇر. چۈنكى بۇ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغانلار مۇتلەق زىنانىڭ جازاسى بولۇپ، بۇ مۇتلەقلىق ئادەتتە زىنا دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يېنىك بولغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ باشقىلارغا ھارام بولۇشى، خۇددى بۇ ئاياللارنىڭ ئۆز ئاتىلىرىغا ھارام بولغىنىغا ئوخشاشتۇر. قانداقلا بىر كىشى مۇجاھىلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ، بىرەر مۇجاھىدنىڭ ئائىلىگە كېلىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنىدە، بۇ مۇجاھىد ئۈچۈن ئۇنىڭ خىيانەت قىلغۇچىسىدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ساۋابلىرى بولسا، مەزكۇر مۇجاھىد ئۇنىڭ ساۋابلىرىدىن خالىغانچە ئالىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىراۋنىڭ قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغىنى، باشقا يات ئاياللاردىن 10 ئايال بىلەن زىنا قىلغىنىدىن ئېغىر گۇناھتۇر»[2].

يۇقىرىقى، زىنانىڭ ئادەمنى دەھشەتكە سالىدىغان گۇناھىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇرۇن زىنا ئىشلارنى قىلىپ قويغانلارنىڭ ئاللاھ

(1) مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئەھمەد رىۋايىتى

تائالانىڭ مەغپىرىتىدىن ئۈمىدسىز بولۇشلىرى خاتادۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كىچىك گۇناھلارنى ياخشى ئەمەللەرنىڭ يۈزىسىدىن تەۋبەسىزمۇ كەچۈرىدۇ، ئەمما گۇناھى كەبىرىلەر(زىنا قىلىش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش چوڭ گۇناھلار) نى، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىش، ئۇنىڭغا قايتا قايتماسلىق ئىرادىسى بىلەن قىلىنغان ھەقىقىي تەۋبە ئارقىلىق كەچۈرىدۇ.

زىنانىڭ ئىناق ئائىلىلەرنى قانداق ۋەيران قىلغانلىقى، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنى نەپرەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، قانچىلىغان گۇناھسىز باللارنى يېتىم قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغان، تەجرىبىلەرمۇ ئۇنى يەكۈنلىگەن بىر بالايى - ئاپەت ئىكەنلىكى ئوچۇق بىر رىئاللىقتۇر. شۇڭا زىنا ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى دېيىلىدۇ.

# تالاق ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

تالاق ـ ئەرنىڭ ئايالىدىن ۋازكەچكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى دېمەكتۇر.

بەزى كىشىلەر تالاقنى ئىنتايىن ئاددى مەسىلە دەپ قارايدۇ. ئۇلار تالاقنى ئاچچىقلىرىغا تەسەللى تېپىش ياكى ئايالىنى قورقۇتۇش ئورنىدا قوللىنىدۇ، ئۇلار ئاياللىرىغا ئاچچىقى كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ جاھىللىقى ۋە ئاخماقلىقىدىن ھەدەپ كېيىنكى ئاقىۋەتنى ئويلىماستىن ئۇلارنى تالاق قىلىۋېتىدۇ، ئارقىدىنلا تالاق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ چىقىش يولى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. تالاق ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىغا ھېچ ئۈمىد قالمىغان، ياخشى ئۆتۈشكە ئامال بولمىغاندا ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ يېڭىدىن ھايات باشلىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى بىر چارىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ھالال ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش تالاقتۇر»[1] دېگەن.

تالاق قىلىش ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئۈچۈن پۇشايمان كەلتۈرىدۇ. ئەر ئۆز ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشتا ئايالغا نىسبەتەن سەۋرلىك، سوغۇق قان بولغانلىقى ئۈچۈن، تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەرگە بېرىلگەن، ئەر بۇ ھوقۇقنى جايىدا ئىشلىتىشى لازىم. ئايالىنى تالاق قىلغاندىمۇ، ئۇنى ئايلىق ئىددىتى داۋام قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا تالاق قىلماسلىقى لازىم.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

## تالاق ئالدىرايدىغان مەسلە ئەمەس

تالاق ـ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ــ ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغان ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرىلىدىغىنى ۋە ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ بىرگە ئۆتۈشىگە ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالمىغاندا، ئاندىن يول قويۇلغان ئاخىرقى بىر چارە. تالاق ئائىلىنى بۇزغاندىن كېيىن، ئىناقلىق ئاداۋەتكە، سائادەت شاقاۋەتكە، مۇھەببەت نەپرەتكە ئۆزگەرگەن بولىدۇ. گۇناھسىز باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسسىق مېھرىدىن كېلىدىغان نېمەتتىن ئايرىلىپ بەختسىزلىككە يۈز تۇتىدۇ. راھەت جاپاغا ئۆزگىرىدۇ. تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەرلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى تالاقتىن نەپرەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئاياللىرىنى يامان كۆرۈپ قالغىنىدا، شۇ ھامان تالاق قىلىۋەتمەسلىككە، ئاياللىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئويلاپ بولسىمۇ، ئۇلارنى تالاق قىلىشتىن ۋازكېچىشكە ئۈندەپ: ﴿ وَلَا تَنْسَوُا الْفَضْلَ بَيْنَكُمْ ﴾يەنى ﴿ ئۆز ئارا ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار!﴾ (1) دەيدۇ.

ئەر ئايالىنىڭ مۇئامىلىسىدىن، ئەخلاقىدىن ۋە باشقىمۇ كەمچىلىكلىرىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنى قويۇۋېتىش خىيالىغا كەلگەندە، ئايالىنىڭ ئۆي ئىچىدىكى خىزمەتلىرىنى، ئېرىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى، بالىلىرىنى بېقىشىدىكى ئەجىرلىرىنى ۋە باللارنى ئىسسىق ئۇۋىدىن ئايرىۋېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلارنى ياد ئېتىشى ئارقىلىق ئايالىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۇنتۇيالايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى ياد ئېتىشكە ئەمر قىلماقتا.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 236 ـ ئايەت

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئائىلىنىڭ سەلبىي ۋە ئىجابىي تەرەپلىرى بولىدۇ. ئەر ئائىلىدىن نەپرەتلەنگەن ۋاقىتدا، ھېچ بولمىغاندا بۇ ئائىلىنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى ياد ئېتىش ئارقىلىق ئايرىلىشنىڭ ئەلمىنى، باللارنى يېتىم قىلىشنىڭ يامانلىقىنى، قودىلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك تۇغدۇرۇشنىڭ زىيىنىنى ۋە كۆڭۈللەرنى بىئارام قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى ئويلاش ئارقىلىق ئۆزىنى بېسىۋالالايدۇ ۋە تالاقتىن ۋاز كېچىدۇ.

تالاقنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكى ۋە ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە پۇشايمان كەلتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئەر ـ ئاياللارنى ئالدىراپ ئاجرىشىشتىن توسىدۇ ۋە تالاقنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچى، ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە ئاجرىشىشنىڭ ئاچچىقلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان ـ زەخمەتلەرنى تونۇتۇش بولسا، ئىككىنچى باسقۇچى، ئۇلارنى غاپىللىقتىن ۋە قاراملىقتىن ئويغىتىپ، تالاقتىن كېيىنكى ھەسرەتلىك ئاقىۋەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۈچىنچى باسقۇچى، ئاخىرقى ئايرىلىش يەنى رەسمىي ئاجرىشىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەر بىر ياكى ئىككى تالاقتىن كېيىن، تالاق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغان بولسا، ئايالىنى قايتۇرىۋالالايدۇ. چۈنكى بۇلار ئاخىرقى تالاق ئەمەس. ئەمما ئۈچىنچى قېتىملىق تالاقتىن كېيىن، ئۇلار مەڭگۈ ئايرىلغان بولىدۇ. بۇلار نىكاھ بىلەنمۇ بىر ـ بىرىگە قايتالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَإِنْ طَلَّقَهَا فَلَا تَحِلُّ لَهُ مِنْ بَعْدُ حَتَّى تَنْكِحَ زَوْجًا غَيْرَهُ فَإِنْ طَلَّقَهَا فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا أَنْ يَتَرَاجَعَا إِنْ ظَنَّا أَنْ يُقِيمَا حُدُودَ اللَّهِ ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇ ئايالنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلسا، ئايال باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر

(كېيىنكى ئەرمۇ) ئۇنى تالاق قىلسا، (ئايال بىلەن بۇرۇنقى ئېرى) ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن تەقدىردە، قايتىدىن يارىشىۋالسا، ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ﴾(1).

بەزى كىشىلەر تالاقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىن، ئېغىزلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئاياللىرىنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىدۇ. ئارقىدىن پۇشايمان قىلىپ، قايتىش ئۈچۈن يول ئىزدەشكە تىرىشىدۇ. بەزىلىرى ئۆلىمالار ئالدىدا ئۈچ تالاق قىلغانلىقلىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ، ئايالىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن يول ئىزدىشىپ كىرىشىدۇ. بەزىلەر بولسا، ئۈچ تالاقتىن كېيىن ئايالىنى ۋاقىتلىق ئۆيلەندۈرۈپ، ئاندىن ئاجراشتۇرۇپ قايتا ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئالدىغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا نىيەتلەردىكىنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر. ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلغانلىقىغا ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلار ۋە باشقىسىغا ۋاقىتلىق نىكاھلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئايال ئۈچ تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ، باشقا بىرىسىگە ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇش ئۈچۈن تەگكەن بولسا، كېيىن ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ياكى ئاجرىشىپ كېتىپ، تۇل بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىرىنچى ئېرىگە ھالال بولىدۇ. چۈنكى نىكاھ ۋاقىتلىق بولمايدۇ. نىكاھتا مەڭگۈلۈك بولۇشنى نىيەت قىلىش شەرتتۇر. بۇنداق بولمىغان نىكاھ ـ زىنادۇر.

ئەمدى، ئايالنى ئۇنىڭ ئادەت ئىچىدىكى ۋاقتىدا تالاق قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتىگە كەلسەك، بۇنداق تالاقتا ئەر ـ ئايال

(1) بەقەرە سۈرىسى230 ـ ئايەت

ھەر ئىككىسىگە چوڭ زىيانلار باردۇر. ئايال ئادەت كۆرگەن ۋاقىتتا تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىددىتى ئۇزىراپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تالاق قىلىنغان ۋاقتىدىكى ئايلىق ئادەت ئىچىدىكى ھالىتى، ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىشىغا بەلگىلەنگەن ئۈچ پاكلىقنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ. ئۇ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاكلانغاندىن كېيىن، ئىددەتتىن يەنى ئەرنىڭ زىممىسىدىن چىققان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىددىتى 4 قېتىملىق پاكلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنى پاكلىق ھالىتىدە، ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىپ بولۇپ، ئاندىن تالاق قىلغان بولسا، بۇ ئايالنىڭ شۇ ۋاقىتتا ھامىلدار بولۇپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئەر بۇنى بىلمەستىن ئۇنى تالاق قىلىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئايالنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر ئۇزىراپ كېتىدۇ دە، ئەر گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئەر بۇ ۋاقىتتا ئايالىغا ئۇۋال قىلغان بولىدۇ. ماددىي تەرەپتىنمۇ ئۇ، ئايالنىڭ توققۇز ئايلىق نەپىقىسىنى (چىقىمىنى) تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر ئۇ، ئايالى ھامىلدار بولمىغان بولسا، ئۇنى ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلمىغان پاكلىقىدا قويۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ پەقەت 3 ئايلىق نەپىقىسىنىلا تۆلىگەن بولاتتى. چۈنكى ئايال بۇھالەتتە، ئۈچ قېتىملىق پاكلىقتىن كېيىنلا ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.نەتىجىدە، ياتلىق بولالايدۇ.

ھامىلدار ئايالنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ، ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان پەرزەنتىدىن ئايرىلىشنىڭ ھەسرىتىنى ۋە پەرزەنتىنى زايا قىلغانلىقىنىڭ گۇناھىنى ئەر تارتىدۇ. ئايال بولسا بالىنى يالغۇز بېقىشنىڭ دەردىنى تارتىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ، ئايالنى

يېقىنچىلىق قىلىشقان پاكلىقىدا (يەنى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئايالى بىر قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاك بولماستىن، شۇ ۋاقىتتىكى پاكلىقىدا) تالاق قىلغىنىنى ئاڭلاپ، ئۆمەرگە «ئوغلۇڭغا ئېيتقىن! ئايالىنى قايتۇرىۋالسۇن، ئۇنى ئۇ، ئىككى قېتىم ئادەت كۆرۈپ، يەنە ئىككى قېتىم پاك بولغىچىلىك ئۆيىدە ساقلىسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەگەر تالاق قىلىشنى خالىسا، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماستىن تالاق قىلسۇن» دەپ ئەمر قىلغان.

# تالاق قىلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ئەر ئايالىنى تالاق قىلىشتا، تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشى لازىم:

1. ئايالىنى ئۇنىڭ ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋاقىتىدا تالاق قىلماسلىقى لازىم. ئايالىنى تالاق قىلىشنى خالىغان كىشى ئۇنى ئايلىق ئادەت ۋاقتىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماستىن، پاكلىق ھالىتىدە تالاق قىلىشى لازىم. بۇنىڭغا رىئايە قىلمىغان كىشى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: ﴿ يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاءَ فَطَلِّقُوهُنَّ لِعِدَّتِهِنَّ ﴾يەنى﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلماقچى بولغىنىڭلاردا، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (ئۇدۇللاپ، پاك ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾[1].

ئادەت كۆرىۋاتقان ئايالنى تالاق قىلسا تالاق چۈشەمدۇ؟

كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار گەرچە ئايالنى ئايلىق ئادىتىدىن پاكلانمىغان مۇددەت ئىچىدە تالاق قىلىش شەكسىز ھارام ۋە ئېغىر گۇناھ بولسىمۇ، بۇنداق ۋاقىتتا قىلىنغان تالاقنى چۈشىدۇ ۋە ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزى ئالىملار بۇ ھالەتتە ئەر ئايالىنى قايتۇرىۋېلىشى لازىم دەپ قارايدۇ. بۇ مالىكىي مەزھىبىنىڭ كۆرىشى.

---

(1) تالاق سۈرىسى 1 ـ ئايەت

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم :«ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىنى ئۇنىڭ ئادەت كۆرىۋاتقان ۋاقتىدا تالاق قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئايالىنى قايتۇرىۋېلىشقا ئەمر قىلغان»دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

ئەمما بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق تالاق چۈشمەيدۇ. چۈنكى بۇ بىدئەت تالاق بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق تالاق قىلىشقا يول قويمىغان. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»[1]دېگەن.

ئەمما ھامىلدار ئايالنى قايسىبىر ۋاقىتتا تالاق قىلسا بولىدۇ.

2. ئايالنى تالاق قىلىشتا، بىردىن ئارتۇق تالاق قىلماسلىقى لازىم. ئايالنى بىردىن ئارتۇق ـــ ئىككى ياكى ئۈچ تالاق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپتۇر.

## تالاقنىڭ تۈرلىرى

تالاق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، تالاق رەجئى، يەنە بىرى، تالاق بائىنىدۇر.

## 1. تالاق رەجئى

تالاق رەجئى ـ ئىددەت ئىچىدە نىكاھسىز قايتۇرىۋېلىشقا بولىدىغان تالاق دېگەن ئۇقۇمنى بىرىدۇ.

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

تالاق رەجئىي ـ تالاق لەۋزىلىرى بىلەن بىر قېتىم تالاق قىلىش دېمەكتۇر. تالاق رەجئىدە، تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىشقا ھاجەت يوق. يەنى تالاق لەۋزىلىرى بىلەن: «مەن سېنى قويۇۋەتتىم» ياكى «بىز ئىككىمىز ئايرىلدۇق» دېيىش بىلەنلا ئايالى تالاق بولىدۇ. تالاق قىلغۇچى راستىنلا تالاق قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسۇن، ياكى چاقچاق قىلغان بولسۇن ياكى ئايالىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن تالاق دېگەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئايالى ئۈنىڭدىن تالاق بولىدۇ.

تالاق رەجئىي بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال ئۈنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، يەنى بۇنداق ئايال تالاق قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ بولغانغا قەدەر ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئېرى خالىسا، ئۈنىڭ ئىددىتى توشۇپ بولغىچىلىك مۇددەت ئىچىدە، ئۇنى ئۆزىگە قايتا نىكاھ قىلماستىنلا قايتۇرىۋالالايدۇ. چۈنكى، «رەجئىي» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىمۇ، قايتۇرۇش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

تالاق رەجئىي ئۈچ قېتىمغا يېتىپ قالغاندا، تالاق قىلغۇچى ئايالىنى ئۇ، باشقا بىر ئەرگە تېگىپ ئۈنىڭدىن ئاجرىشىپ ئىددىتى توشمىغىچە ئۆزىگە قايتۇرالمايدۇ. چۈنكى تالاق رەجئىي ئۈچ قېتىمغا يېتىش بىلەنلا تالاق بائىن (ئاخىرقى رەسمىي ئايرىلىش تالىقى)غا ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن ئۈچ تالاق بولغان ئايال ئىككىنچى تەككەن ئېرىگە، بىرىنچى ئېرىگە قايتىش ئۈچۈن يول ئېچىش مەقسىتىدە تەگسە، ئۈنىڭ نىكاھى قوبۇل قىلىنمايدۇ، يەنى نىكاھى چۈشمەيدۇ. ئۇ پەقەت زىناغا ئوخشاش بولىدۇ.

## 2. تالاق بائىن

تالاق بائىن ــ قايتىشقا بولمايدىغان، رەسمىي ئايرىلىش تالىقى دېمەكتۇر. تالاق بائىن ئىككى قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، تالاق بائىن سۇغرا، يەنە بىرى تالاق بائىن كۇبرادۇر.

تالاق بائىن سۇغرا - كىنايە لەۋزى بىلەن بىر ياكى ئىككى تالاق قىلىش دېمەكتۇر. كىنايە لەۋزى بىلەن تالاق قىلىشتىن مەقسەت، تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، ئايالىغا «ئۆيۈڭگە كەت» ياكى «كۆزۈمدىن يوقال» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىش دېمەكتۇر. ئەر ئەگەر ئايالنى تالاق قىلىش مەقسىتى بىلەن يۇقىرىقى كىنايە لەۋزىلىرىنى قىلسا، شۇ هامان ئايالى تالاق بولىدۇ. ئايالنى ئۆزىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، يېڭىدىن نىكاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئەر يۇقىرىقى كىنايە سۆزلىرىنى چاقچاق قىلىپ ياكى ئايالنى قورقۇتۇش مەقسىتىدە، تالاقنى نىيەت قىلمىغان هالدا، سۆزلىگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزى تالاق سانالمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نىيىتىگە قاراپ بولىدۇ.

تالاق بائىن كۇبرا ــ بىرلا ۋاقىتتا ئايالنى ئۈچ تالاق قىلىش ياكى بىردىن تالاق قىلىپ، ئۈچ قېتىمغا يېتىشى دېمەكتۇر.

ئۈچ تالاقتىن كېيىن، ئايالى ئۇنىڭ نىكاھىدىن مەڭگۈلۈك چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنى يېڭىدىن نىكاھ قىلىش ئارقىلىقمۇ قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. پەقەت، ئۈچ تالاق بولغان ئايال باشقا بىر ئەرگە ئۆمۈرلۈك جور بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، كېيىن قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرى ئۇنىڭ ئىددىتىنى توشقۇزۇپ، يېڭىدىن نىكاھ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىگە قايتۇرالايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَإِنْ طَلَّقَهَا فَلَا تَحِلُّ لَهُ مِنْ بَعْدُ حَتَّى تَنْكِحَ زَوْجًا غَيْرَهُ فَإِنْ طَلَّقَهَا فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا أَنْ يَتَرَاجَعَا إِنْ ظَنَّا أَنْ يُقِيمَا حُدُودَ اللَّهِ ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇ ئايالنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلسا، ئايال باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر (كېيىنكى ئەرمۇ) ئۇنى تالاق قىلسا، (ئايال بىلەن بۇرۇنقى ئېرى) ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن تەقدىردە، قايتىدىن يارىشۋالسا، ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ﴾ [1].

## ئۈچ تالاقنى تەھلىل قىلىشنىڭ ھاراملىقى

ئۈچ تالاقنى تەھلىل قىلىش - ئۈچ تالاق بولغان ئايالنىڭ ئېرىگە قايتىشى ئۈچۈن يول ئېچىش دېمەكتۇر.

يۇقىرىقى ئايەتكە ئاساسەن، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن ئۇنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەك؟

بۇنىڭ جاۋابى - بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ــ مۇنداق: ئۈچ تالاق بولغان ئايال ئىككىنچى تەككەن ئېرىگە ئۆزىنى باشتىكى ئېرى ئۈچۈن تەھلىل قىلىش مەقسىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى ئېرىگە مەڭگۈلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتىدە تەگكەندىن كېيىن، بۇلار قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرى ئۇنى يېڭى نىكاھ بىلەن ئۆزىگە قايتۇرالايدۇ. شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى مانا مۇشۇ. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسىنى سۇيىيىستېمال قىلىپ بەزى جاھىل كىشىلەر «ھىيلە

---

(1) بەقەرە سۈرىسى230-ئايەت.

شەرئىي» دېگەن نام بىلەن ئۈچ تالاق بولغان خوتۇننى تەھلىل قىلىش نىيىتى بىلەن ئەرگە بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرىگە نىكاھ قىلىپ قويۇشتەك شەرئەتتە بولمىغان ئىشنى پەيدا قىلغان. بۇ ئەلۋەتتە خاتا. چۈنكى شەرئەتكە بۇنداق ھىيلە ئىشلىتىش قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن ھۆكۈملىرىگە خىلاپتۇر.

## بىر لەۋز بىلەن ئۈچ تالاق قىلىش

سوئال: بىر لەۋز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق ئۈچكە ھېسابمۇ ياكى بىرگىمۇ؟

جاۋاب: بىر لەۋزى بىلەن ئۈچ تالاق قىلىش ـ ئەرنىڭ ئايالىغا بىر ئورۇندا، بىر سۆز بىلەنلا " ئۈچ تالاق" دېيىشى بولۇپ، كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن بىر تالاق ھېسابلىنىدۇ[1].

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا، بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق بىر تالاق ھېسابلىناتتى. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ تالاق ئىشىنى ئويۇنچاق ئورنىدا كۆرۈپ، ئاياللىرىنى ھە دەپ ئۈچ تالاق قىلىۋېتىش ئەھۋالى كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقتىن، بۇ سەلبىي ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن، خەلىپە ئۆمەر مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن " بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق" نى ئۈچ تالاققا ھېساپ قىلىشقا ئىجما قىلىشقان. مەشھۇر تۆت مەزھەپ ـ ھەنەفىي، شافىئى، ھەنبەلى ۋە مالىكى مەزھەپلىرىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىجما بويىچە "بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق" نى ئۈچ تالاققا ھېساب قىلغان. ئەمما شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەسلى ھۆكۈمگە قايتۇرۇپ، "بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق"نى بىر تالاققا ھېساب قىلىشنى تاللىغان. ھازىر دۇنيادىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى بۇ قاراشنى قوللايدۇ.

# تالاق قىلىشنىڭ تۈرلىرى

## مەسىنىڭ، زورلانغۇچىنىڭ، ھوشىنى يوقاتقۇچىنىڭ ۋە قاتتىق غەزەبتىن ئەقلىنى يوقاتقۇچىنىڭ تالىقى ھەققىدە

ھەر قانداق كىشىنىڭ تەسەررۇپىنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سالاھىيەتلىك بولىشى شەرتتۇر. تەسەررۇپقا سالاھىيەتلىك بولۇش ـ ئەقىل ئىگىسى بولۇش، بالىغ بولۇش، تەسەررۇپىدا ئىختىيار ئىگىسى بولۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ قائىدىگە ئاساسەن، مەسىنىڭ، زورلانغۇچىنىڭ، ھوشىنى يوقاتقۇچىنىڭ ۋە قاتتىق غەزەبتىن ئەقلىنى يوقاتقۇچىنىڭ قىلغان تالىقى ھېسابقا ئېلىنماسلىقى كېرەك. ئەمما ھەممىسى بۇندا بولمايدۇ. تۆۋەندە بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى ۋە جاۋابى بېرىلىدۇ:

## مەس ھالەتتىكى تالاق چۈشەمدۇ؟

بۇ مەسىلە ئالىملار ئوتتۇرىدا ئىختىلاپ بولغان مەسىلە ئەلۋەتتە.

ھازىرقى زاماندا ئەڭ ئىشەنچلىك گۇرۇپ قارارى ئىسلام فىقھى مەجمەسى تەرىپىدىن چىققان بولۇپ، نۇرغۇن ئالىملار توپلىنىپ مۇزاكىرە قىلىپ ئاخىرى مۇنداق قارار قىلغان:

(1) بىلمەي مەس قىلىدىغان بىر نەرسە يەپ سېلىپ مەس ھالىتىدە تالاق دېسە ئايالى تالاق بولمايدۇ.

(2) زۆرۈرىيەت ئەھۋالىدا مەسىلەن داۋالانغاندا، ئاچ قالغاندا مەس قىلىدىغان بىر نەرسە يەپ مەس ھالىتىدە تالاق دېسە ئايالى تالاق بولمايدۇ.

(3) مەس قىلىدىغان بىر نەرسىنى باشقىلار زورلاپ يىگۈزسە، يەپ مەس ھالىتىدە تالاق دېسە ئايالى تالاق بولمايدۇ.

(4)ھالال بىر نەرسە ئىستېمال قىلىپ مەس بولۇپ قېلىپ مەس ھالىتىدە تالاق دېسە ئايالى تالاق بولمايدۇ.

(5)ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى بىلەن ھاراق ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ھارام بىر نەرسە ئىستېمال قىلىپ مەس بولۇپ، لېكىن مەسلىكى ئېغىر بولماي ئەقلى-ھوشىنى تولۇق يوقاتمىغان، گەپنى ئۇقىدىغان ئەھۋالدا بولسا، بۇ ئەھۋالدا قىلغان تالىقى ھېساب بولىدۇ.

(6)يۇقىرىقى ئاشۇ ئەھۋالدا قاتتىق ئېغىر مەس بولۇپ، ئەقلى-ھوشىنى تولۇق يوقىتىپ قويۇپ تالاق قىلسا، ئاشۇ قۇرۇلتايدىكى ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى تالاق چۈشمەيدۇ، دەپ قارىغان، قالغانلار چۈشىدۇ، دەپ قارىغان.([1])

## ھوشنى يوقاتقان ھالەتتىكى تالاق چۈشەمدۇ؟

قالايمىقان سۆزلەيدىغان، نېمە داۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە ھوشىنى يوقاتقان ھالەتتە ئايالىنى تالاق قىلغان كىشىنىڭ بۇ تالىقى چۈشمەيدۇ.

مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ «پەتىۋا ھەيئىتى» تەرىپىدىن 1920-يىلى13-ئىيۇن كۈنى چىقىرىلغان 242-نومۇرلۇق پەتىۋاسىدا، ئەقلىنى يۈتتۈنلەي يوقاتقانلىقىدىن نېمە دېگەن ۋە نېمە قىلغانلىقىنى

(1) ھىندىستان ئۆلىمالىرى ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسىنىڭ پەتىۋاسى. Islamonlane.netدىن نەقىل ئېلىندى.

بىلمەيدىغان ھالدا، ئايالنى تالاق قىلغان كىشىنىڭ تالىقى چۈشمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

## زورلانغۇچىنىڭ مەجبۇرلىغان ھالەتتىكى تالىقى چۈشەمدۇ؟

ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، ئايالنى تالاق قىلىشقا مەجبۇرلانغۇچىنىڭ تالىقى چۈشىدۇ، ئەمما شافىئىي، ھەنبەلى ۋە مالىكى مەزھەپلىرىگە كۆرە، ئۇنىڭ تالىقى تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلغان ھالەتتە چۈشمەيدۇ.

(1) مەجبۇرلىغۇچى مەجبۇرلانغۇچىنى ئۆلتۈرۈش، يارىلاندۇرۇش، ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىگە سولىتىۋېتىش ياكى پۇل- مېلىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان سېلىش ياكى نامىنى بۇلغىۋېتىش ۋە ياكى ئىنسانغا راستىنلا ئېغىر كېلىدىغان تۈرلۈك ئېغىر كۈلپەتلەرنى يەتكۈزۈش بىلەن تەھدىت سالغان بولىشى.

(2) مەجبۇرلىغۇچىنىڭ قىلىمەن دېگەن تەھدىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان كۈچكە ۋە ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغان بىرى بولىشى.

بۇنداق ئەھۋالدا، مەجبۇرلانغۇچىنىڭ قىلغان تالىقى چۈشمەيدۇ.[1]

(1)مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ «پەتىۋا ھەيئىتى» تەرىپىدىن 1981-يىلى چىقىرىلغان 1213-نومىرلىق پەتىۋاسىدا، ئايالنى تالاق قىلىشقا مەجبۇرلانغۇچىنىڭ تالىقىنىڭ چۈشمەيدىغانلىقى كۆچلەندۈرۈلگەن ۋە مىسىرنىڭ 1929-يىلى تۈزۈلگەن« ئائىلە قانۇنى»نىڭ5-ماددىسىدىمۇ شۇنداق كەلگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن.

## غەزەپتىن ئەقلىنى يوقاتقان كىشىنىڭ تالىقى چۈشەمدۇ؟

غەزەپ بىر خىل بولمايدۇ. غەزەپ تۆۋەندىكىدەك 3 تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) ئەقلىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ خۇددى ساراڭدەك بولۇپ قېلىش. بىراۋ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، غەزەپكە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ھالەتتە ئايالىنى تالاق قىلغان كىشىنىڭ بۇ تالىقى چۈشمەيدۇ. بۇنىڭدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاق.

(2) ئەقلىنى پۈتۈنلەي يوقاتمىغان بولسىمۇ، ئەر-ئايال ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشۇش، تىللىشىش، ھاقارەت قىلىشىش قاتارلىقلار سەۋەبلىك، ئەر ئۆزىنى تۇتالماستىن ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ مەسىلە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ماۋزۇسى بولۇپ، بۇ ھالەتتە قىلىنغان تالاق چۈشمەيدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ رەيى كۈچلۈك سانىلىدۇ.

(3) غەزەپتىن ئەقلىنى يوقاتمىغان، بەلكى دېگەنلىرىنى ئويلاپ ۋە بىلىپ دەيدىغان ھالەتتىكى قاتتىق ئاچچىق بىلەن قىلىنغان تالاق ئەلۋەتتە چۈشىدۇ. چۈنكى تالاق قىلىش دېگەن ئادەتتە مەلۇم دەرىجىدە غەزەپ ياكى بىنورماللىقتىن خالىي بولمايدۇ[1].

---

(1) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئابدۇلئەزىز ئىبنى بازنىڭ پەتىۋاسى. Islamweb.net «پەتىۋا ھەيئىتىنىڭ» 201-يىلى14-ئىيۇل كۈنىدىكى 1496-نومىرلىق پەتىۋاسى.

## غائىبنىڭ تالىقى

بىراۋ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتسە ياكى ئۈچ يىللىقتىن كۆپ مۇددەتلىك تۈرمىگە قامىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئېرى غايىپ بولغان ياكى تۈرمىگە ئېلىنغان ۋاقىتتىن بىر يىل كېيىنلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ھەققىدە مەھكىمىگە ئەرز سۇنۇش ھەققى بار.

ئەگەر ئايالىنىڭ ئىددىتى توشقىچىلىك بولغان ئارىدا(ھامىلدار بولسا تۇغۇپ بولغىچە، ھامىلدار بولمىسا ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاكلىنىپ بولغىچە)، ئېرى قايتىپ كەلسە ياكى تۈرمىدىن چىقسا ئايالىنى نىكاھسىزلا قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.

ئەگەر ئېرىنىڭ يوقاپ كېتىشى بىرەر ئۆزلۈر سەۋەبىدىن بولغان بولسا ۋە كەتكەن يېرى ئېنىق بولسا، مەسىلەن: ئىلىم تەھسىل قىلىش، جىھاد قىلىش، ھەج قىلىش ۋە تىجارەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن كېتىپ قېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئايالى ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ھەققىدە ئەرز سۇنالمايدۇ. مەھكىمىمۇ ئايرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا، مۇنداق كىشىنىڭ كەتكەن يېرى ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن تالىقنى ئالماي تۇرۇپ ئايرىلالمايدۇ. مىسىر ۋە سۈرىيىنىڭ مەھكىمە شەرئىيلىرىمۇ مۇشۇنداق ئىش كۆرمەكتە.

## ئايال ئېرىدىن خېتىنى ئالماستىن ياتلىق بولمايدۇ

كۈنىمىزدە، ئالاقىلىشىش قورالىرىمۇ تەرەققى قىلدى. شۇڭا ئايال خەت ئارقىلىق ياكى تېلېفون ئارقىلىق ياكى ئادرېسىنى بىلمىسە باشقىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئېرى بىلەن خەۋەرلىشەلەيدۇ. ئەگەر ئېرى تىز كەلمەيدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇنىڭدىن تالىقنى سورايدۇ. رۇخسەت خېتىنى بەرسە، ئۇنىڭ نىكاھىدىن چىققان بولىدۇ ۋە ياتلىق

بولالايدۇ. ئەرلەرنى ئىچكىرىگە ياكى چەتئەللەرگە تىجارەت قىلغىلى كېتىپ قېلىپ، قايتىپ كەلمىگەن ئاياللارمۇ شۇنداق خەۋەرلىشىشى كېرەك. ئۇلاردىن خېتىنى ئالماي تۇرۇپ توي قىلماسلىقى كېرەك.

## ئەرنىڭ ئايالىنى ئۇزۇن ۋاقىت تاشلاپ كەتمەسلىكى لازىم

ئەرلەرمۇ ئاياللىرىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالماسلىقى لازىم. تىجارەت قىلىش ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىش ياكى خىزمەت سەۋەبى بىلەن يىراقلارغا كېتىپ قالغاندا، ئاياللىرىنى ئايلاپ تاشلىۋەمەسلىكى ۋە ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە كۆرۈپ تۇرۇشى لازىم. ئايالىنى، بالىلىرىنى قىيىنچىلىقتا قويماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بارلىق چىقىملىرىنى ھازىرلاپ بېرىشى پەرزدۇر. چۈنكى ئەر ئۆلمىگەن مۇددەتچە ئايالىنىڭ چىقىملىرىنى قىلىشتىن باش تارتالمايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى جىبرىن ئېرى سەپەرگە كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئىقتىسادىنى ئايالى سورىماستىن خىراجەت قىلسا بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن:« ئېرى كېتىپ قېلىپ ئايالى ۋە بالىلىرى پۇلغا ھاجەت بولۇپ قالغان شارائىتتا، ئايال ئېرىنىڭ مەيلى ئۆيدە ساقلىغان پۇلىدىن بولسۇن، مەيلى بانكىدا قويغان پۇلىدىن بولسۇن، ھاجىتىگە يېتەرلىكنى ئېلىپ چىقىم قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا چىقىم قىلىشى پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇندا دېگەن:﴿ وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ يەنى﴿ ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك

بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك.[1]﴾

## بېخىلنىڭ تالىقى

بىراۋ ئايالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقىمۇ ئېھتىياجلىرىنى ھېچ قامدىماي ياكى ئۇنى قويۇپ بەرمەي ئازابلىسا، نېمە قىلىش كېرەك؟

ھالبۇكى، ئايالىنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى كۆتىرىش ئەرنىڭ بۇرچىدۇر. شافىئى، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەپلىرىگە كۆرە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَا تُمْسِكُوهُنَّ ضِرَارًا لِتَعْتَدُوا﴾ يەنى ﴿ ھەقسىزلىق قىلىپ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار﴾ [2].

ئايالنى ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداپ بەرمەستىن ياكى قويۇۋەتمەستىن تۇتۇۋېلىش ئۇنىڭغا قاتتىق زىيان يەتكۈزگەنلىكتۇر.

ھەنەفى مەزھىبىگە كۆرە، ئايالىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ بەرمىدى، دەپلا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەسلىك كېرەك. بەلكى ئەر قىيىنچىلىقتا بولغان سەۋەب بىلەن قامدىيالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ، قولىدا بار تۇرۇپ چىقىم قىلمىغان بولسا، ئۇ زالىمدۇر. لېكىن بۇنداق زۇلۇمنى تالاق بىلەن ھەل قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى باشقا چارە بىلەن ـ مەسىلەن: ئۇنىڭ مال دۇنياسىنى ئايالىنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەجبۇرى ساتقۇزۇش ياكى ئۇنى باشقا جازالار بىلەن

(1) بەقەرە سۈرىسى233ـئايەت
(2)بەقەرە سۈرىسى 231 ـ ئايەت

تەھدىد قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك.

ئىسلام دۆلەتلىرى قەدىمدە، ھەنەپى مەزھىبىگە كۆرە ئىش كۆرەتتى. ئەمما ھازىرقى مەھكىمە شەرئىيلەر يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرمەكتە. بۇ بولسىمۇ، ئايالنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياج سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ، يامان يولغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەگەر ئايالى ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، بۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشتۇر.

## شەرت بىلەن تالاق قىلىش

شەرت بىلەن تالاق قىلىش ـ ئايالىغا «ئەگەر سەن ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بارساڭ، سەن تالاق، ياكى پالانى كەلسە، سەن تالاق» دېيىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقىمۇ تالاق ئىشىنى قانداقلا بىر شەرتكە باغلاش دېمەكتۇر. شەرت بىلەن تالاق قىلىش ئاياللىرىنى باشقۇرالمايدىغان ياكى ئۇلارنى گېپىگە كىرگۈزەلمەيدىغان ئەبگا، ئەخمەق، جاھىل ۋە قالاق ئادەملەرنىڭ قوللىنىدىغان تالىقى بولسا كېرەك.

بۇنداق تالاق شەرتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن تەڭلا چۈشىدۇ، يەنى ئېرى ئېيتقان شەرت ئەمەلگە ئاشقان ھامان ئايال ئۇنىڭدىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ۋە مەشھۇر تۆت مەزھەپ پېشۋالىرىنىڭ رەيى.

بەزى ئالىملار مۇنداق تالاقنى چۈشمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى شەرت بىلەن تالاق قىلىش ئىسلام كۆرسەتمىسىگە خىلاپ بىر ئىش. مۇنداق ئىش يۈرگۈزۈلمەيدۇ.

ئەمما ئەللامە ئىبنى تەيمىيەنىڭ رەيىگە كۆرە، شەرت بىلەن

قىلىنغان تالاقنى قەسەمگە ئوخشىتىپ، شەرت ئەگەر ئەمەلگە ئاشسا، ئېرى بۇ ئەخمەقلىقى ئۈچۈن، قەسەمنى بۇزغانىنىڭ كاپارىتى (ماددىي جازاسى) بويىچە، ماددىي جازا تۆلەشكە تېگىشلىك بولىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قەسەمنى بۇزغان ئادەم ئۇنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن ئائىلىسىگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرىدۇ، ياكى ئون مىسكىنگە، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى يېپىپ تۇرغىدەك بىرقۇردىن كىيىم بېرىدۇ، بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ.

هازىرقى ئۆلىمالارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىبنى تەيمىيەنىڭ بۇ رەيىنى توغرا تاپقان.

## مۇرتەد بولۇش بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلىشى

مۇرتەد ــ مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ، كاپىر بولغان كىشى دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالاغا، ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىگە، ياكى قۇرئان ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلار بىلەن بەلگىلەنگەن ئەقىدە ۋە ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرەرسىنى ئاشكارا ئىنكار قىلىپ، مۇسۇلمانلىقتىن يېنىۋالغان ئادەم مۇرتەد دېيىلىدۇ.

ئەر ياكى ئايال ئىككىسىنىڭ بىرى مۇرتەد بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلىدۇ. مۇرتەد بولغان كىشى گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، قايتا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئايالنى قايتا نىكاھ بىلەن قايتۇرالايدۇ. مۇرتەد بولغان ئايالمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

## بەدەللىك تالاق(تالاقى خۇلئ)

بەدەللىك تالاق ـــ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ قايسىبىر تەرىپىنى

ياقتۇرمىغانلىق ياكى ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولۇشقا كۆزى يەتمىگەنلىك سەۋەبلىك ئېرىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئېرىگە بەرگەنلىك بەدىلىگە مەلۇم مىقداردا پۇل-مال بېرىشى دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَلَا يَحِلُّ لَكُمْ أَنْ تَأْخُذُوا مِمَّا آتَيْتُمُوهُنَّ شَيْئًا إِلَّا أَنْ يَخَافَا أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ اللَّهِ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ اللَّهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا فِيمَا افْتَدَتْ بِهِ﴾ يەنى ﴿ ئاياللىرىڭلارغا بەرگەندىن(ئاجرىشىش ئەسناسىدا) بىر نەرسە قايتۇرىۋېلىش سىلەرگە ھالال بولمايدۇ. پەقەت ئۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقسا، بۇ باشقا ئەھۋالدۇر. ئەگەر ئەر ـــ ئايال ئىككىسىنىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، ئايالنىڭ تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە (ئېرىگە)مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە گۇناھ بولمايدۇ﴾ [1].

ئايالدىن ئالسا ھالال بولىدىغان مىقدار ئەرنىڭ نىكاھتا بەرگەن مەھرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى شەرتتۇر. ئايالدىن بۇنىڭدىن كۆپ مال-دۇنيا تەلەب قىلغان ئەر ھارامخور ئەردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئەرلەرگە قارىتىپ مۇنداق دېگەن:﴿ وَلَا تَعْضُلُوهُنَّ لِتَذْهَبُوا بِبَعْضِ مَا آتَيْتُمُوهُنَّ ﴾يەنى ﴿ سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار.[2]﴾

ئاياللار تالاق خېتىنى تەلەپ قىلغاندا، ئەرلەرنىڭ ئۇلارنى مال ـ دۇنيا

(1)بەقەرە سۈرىسى 229 ـ ئايەت
(2) نىسا سۈرىسى19-ئايەت

بېرىشكە قىستاش ھوقۇقى يوق. بۇنداق قىلغان كىشى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. ئايال ئۆز رازىلىقى بىلەن، ئۆزى خالاپ مال ـ دۇنيا بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. ئايالنى سۆزىنى بەرمەستىن، مال ـ دۇنيا بېرىشكە قىستاش بەكمۇ نامەرتلىكتۇر. بۇنداق ئالغان مال ـ دۇنيا شەكسىز ھارامدۇر. بۇنى ۋىجدانلىق كىشىلەر قىلمايدۇ.

## تالاقتىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلار

تالاقتىن كېيىن ئەرنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىكى ھەقلەرنى ئادا قىلىش بەلگىلىنىدۇ:

### 1. ئايالنىڭ قېپقالغان مەھرىنى بېرىش

ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىنىڭ باشلىنىشى بولغاندا نىكاھتا ئايالغا بېرىش ئۈچۈن ئەرنىڭ ئۈستىگە بەلگىلەنگەن مەھرىنى تېخى بەرمىگەن بولسا ياكى يېرىمىنى بېرىپ يېرىمىنى بەرمىگەن بولسا، تالاقتىن كېيىنلا ئۇنى ئايالغا تولۇق بېرىپ، ئۇنى رازى قىلىش ئەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلەرنىڭ بىرىدۇر.

### 2. نەپىقە

تالاق قىلىنغان ئايال ئىددەتتىن چىقىپ پاكلانغانغا، ئېغىر ئاياق بولسا بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر ئۇنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى ئېرىنىڭ ئۆيىدە قانداق تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ياشىغان بولسا، شۇ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن كەم قىلماستىن، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، دوختۇرغا كۆرۈنۈش چىقىمى، قاتناش چىقىمى دېگەنگە ئوخشاش كېرەكلىك چىقىملارنىڭ ھەممىنى تەل قىلىپ، تولۇق قامداپ بېرىش ئەرنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ وَلِلْمُطَلَّقَاتِ

مَتَاعٌ بِالْمَعْرُوفِ حَقًّا عَلَى الْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. بۇ ئاللاھتىن قورقىدىغانلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾ دېگەن[1]

ئەر بۇ ھەقنى ئادا قىلىشتىن قەتئىي باش تارتالمايدۇ. بۇ ھەقنى ئادا قىلىش جەريانىدا نوقسانلىق سادىر قىلسا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئايالىنىڭ ھەققىنى يەۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

## 3. بالىلارنىڭ چىقىمى

قايسى تۈردىكى تالاق بىلەن بولمىسۇن، تالاق بولۇپ ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال ئەگەر ئېغىر ئاياق بولسا، ئۇنىڭ بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، بالىنىڭ چىقىمىنى ئېقىۋاتقان ئادەت بويىچە، كەم قىلماستىن بېرىپ ئادا قىلىش، ھالىدىن ھەمىشە خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش، ئايال

(1) بەقەرە سۈرىسى241- ئايەت. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن سالىھ ئىبنى فەۋزان قاتارلىق ئۆلىمالار ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچۈن ئېرىنىڭ نەپىقە بېرىشى پەرز ئەمەس چۈنكى ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بىلەن ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، قەيس فاتىمە ئىسىملىك بىر ئايالنى ئېرى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا نەپىقە قىلىشى لازىم ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ئېرىڭىزنىڭ سىزگە نەپىقە قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەمما دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىي قۇرئان كەرىمنىڭ يۇقىرىقى ئايىتىنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ، «مەيلى ئۈچ تالاق بىلەن مەيلى بىر تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان بولسۇن، ئېرىدىن تالاق قىلىنغان ھەر قانداق ئايال ئىددەتتىن چىقىپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ تۇرارا جايىنى ۋە يېتۈن چىقىملىرىنى ئېرىنىڭ تەل قىلىپ بېرىشى پەرزدۇر»، دەپ پەتىۋا بەرگەن.

يـاتلىق بولغانغـا قەدەر، بالىسـى يۈزىسـىدىن ئايـالنىڭمۇ ھالـىدىن خەۋەر ئېلىـپ تـۇرۇش دادا بولغۇچىنىـڭ ئۈسـتىگە قەرزدۇر. ﴿ وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ لَا تُكَلَّفُ نَفْسٌ إِلَّا وُسْعَهَا لَا تُضَارَّ وَالِدَةٌ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوْلُودٌ لَهُ بِوَلَدِهِ وَعَلَى الْوَارِثِ مِثْلُ ذَلِكَ ﴾يەنـى ﴿ ئـانىلار (بـالىلارنى ئېمىـتىش مۇددىتىـدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولـۇق ئىككـى يىـل ئېمىتىشى لازىـم. ئـاتىلار ئـانىلارنى قائىـدە بـويىچە يـېمەك ـ ئىچـمەك ۋە كـيىم ـ كـېچەك بىـلەن تەمىـنلەپ تۇرۇشـى كېرەك، كىشى پەقەت قولىـدىن كېلىـدىغان ئىشـقىلا تەكلىـپ قىلىنىـدۇ. ئـانىنى بالىسـى سـەۋەبلىك زىيـان تارتقۇزماسـلىق لازىـم. (ئەگەر ئاتـا ئۆلـۈپ كەتسـە) ئۇنىـڭ ۋارىسـى ئاتىغـا ئوخشـاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىـڭ ھەقلىـرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.﴾[1]

## 4. بوۋاقلارنى ئېمىتكەنلىك ھەققى

ئېرىـدىن ئاجراشـقان ئايـال شـۇ ئېرىـدىن بولغـان بالىسـىنى ئېمىتكەنلىكـى ئۈچـۈن بالىنىـڭ دادىسـىدىن ھەق تەلەپ قىلىـش ھوقۇقىغـا ئىـگە. ئەگەر بالىنىـڭ ئانىسـى ئۆزىنىـڭ بـوۋىقىنى ئېمىتكەنلىكى ئۈچۈن بالىنىڭ دادىسىدىن ھەق تەلەپ قىلسا، ئۇنى ئادا قىلىش دادىنىـڭ ئۈستىگە يۈكلىنىـدۇ. شـۇنداقلا ئەگەر بالىنىـڭ ئانىسـى ئـۇنى ئېمىتىشـنى خالىمىسـا، دادا بـالىنى باشـقا بىـر ئايالغـا ئېمىتكـۈزۈپ

(1) بەقەرە سۈرىسى233 ـ ئايەت

ھەققىنى تۆلەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:﴿ فَإِنْ أَرْضَعْنَ لَكُمْ فَآتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ وَأْتَمِرُوا بَيْنَكُمْ بِمَعْرُوفٍ وَإِنْ تَعَاسَرْتُمْ فَسَتُرْضِعُ لَهُ أُخْرَى ﴾يەنى﴿ ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار، ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن﴾[1]

## ئىددىتى توشمىغان ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش ھەققى بار

بىر تالاق قىلىنغان ئايال ئىددىتى توشۇپ پاكلانغىچە ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئايالنى تالاق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە، ئۇنى ئۆيىدىن قوغلىغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. ئەمما ئايال ئۆزى تۇرۇشنى خالىماستىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالسا بۇ ئايالنىڭ ئىددەتتىن چىققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى نەپىقىسى (يەنى چىقىملىرى) ئەرنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئايال ئەگەر ئۆزى ئۈچۈن باشقا ئۆي كىرالاپ ئولتۇرسا ئۇنىڭ كىراسىنى تۆلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە بەلگىلىنىدۇ.

ئەمما ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئېرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىككىسى ئۈچ تالاقتىن كېيىن، ياتلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئايال ئايرىم ئۆيدە ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. ئۆينىڭ ۋە ئايالنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۇنىڭ

(1) تالاق سۈرىسى6-ئايەت

ئىددىتى توشقانغا قەدەر ئېرى تۆلەيدۇ. ئەر ئەگەر ئايالىنىڭ تېگىشلىك نەپىقىسىنى بەرمىسە، ئايالىنىڭ ھەققىنى يېگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن:﴿ أَسْكِنُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ سَكَنْتُمْ مِنْ وُجْدِكُمْ وَلَا تُضَارُّوهُنَّ لِتُضَيِّقُوا عَلَيْهِنَّ وَإِنْ كُنَّ أُولَاتِ حَمْلٍ فَأَنْفِقُوا عَلَيْهِنَّ حَتَّى يَضَعْنَ حَمْلَهُنَّ﴾يەنى ئۇلارنى قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇپ (چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئارقىلىق) ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەڭلار، ئەگەر ئۇلار ھامىلىدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار﴾[1]

## ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى

تالاقتىن كېيىن ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى بەلگىلىنىدۇ.

ئىددەت ــ ئاجراشقان ئايالنىڭ ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتكىنىگە قەدەر بولغان مەزگىل دېمەكتۇر. تالاق قىلىنغان ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم كېلىدۇ. ئىددەت تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

(1) ئادەت كۆرىدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى 3 پاكلىق، يەنى ئېرى تالاق قىلغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن 3 قېتىم پاكلىنىشى ئارقىلىق ئىددەتتىن چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ، ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىققان بولىدۇ.

(2) ئادەت كۆرمەيدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى 3 ئايدۇر. يەنى ئادەت

---

(1) تالاق سۈرىسى6-ئايەت

كۆرۈشــتىن ئۆزۈلــۈپ قالغـــان ئايالالرنىـــڭ ئىـــددىتى ئەرلىرىـــدىن ئايرىلغىنىدىن باشلاپ تولۇق 3 ئاي بولىدۇ.

(3) هامىلــدار ئايالنىــڭ ئىــددىتى بالىســنى تۇغقانغـا قەدەر بولــۇپ، هامىلـــدار ئايـــال بالىســـنى تۇغـــۇپ بولـــۇپ، تۇغۇتنىـــڭ قېنىـــدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئىددەتتىن چىققان بولىدۇ.

(4) ئېـرى ئۆلـۈپ كەتـكەن ئايالنىـڭ ئىـددىتى 4 ئـاي 10 كۈنــدۇر. ئەگەر بۇ ئايال هامىلدار بولسا، ئۇنىـڭ ئىـددىتى بالىسـنى تۇغقانغـا قەدەر بولىدۇ.

بىراۋ بىر ئايال بىلەن نىكاھلىنىـپ، ئۇنىڭغـا يېقىنچىلىـق قىلماسـتىن، يـاكى ئۇنىـڭ بىـلەن يـالغۇز قالماسـتىن ئايرىلىـپ كەتـكەن بولسـا يـاكى ئۆلۈپ كەتكەن بولسـا، هايـات قالغـان بـۇ ئايـال ئۈچـۈن ئىـددەت تۇتـۇش لازىم كەلمەيدۇ.

ئايالنىـڭ ئىـددەتتىن چىققـانلىقى ئۇنىـڭ يـاتلىق بولۇشـىنىڭ جـائىز ئىكەنلىكىـــگە ئىشـــارەتتۇر. ئىـــددەتتىن چىقمىغـــان ئايالغـــا نىكـــاھ چۈشمەيدۇ.

## زىنا قىلغان ئايال ئەرگە تېگىشى ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇشى كېرەكمۇ؟

باشقىسـى بىـلەن زىنـا قىلغـان ئايالنىـڭ باشـقا بىـرىگە نىكاھلىنىشـى ئۈچـۈن ئىـددەت تۇتۇشـى (يەنـى ئـۈچ قېـتىم هەيـز كـۆرۈپ پاكلانغـان بولىشى) مەسىلىسـىدە ئىسلام ئۆلىمـالىرى ئىختىلاپلاشقان. بـۇ مەسـىلىدە ئەڭ تـــوغرا دەپ قارايـــدىغىنىمىز، هەنەفـــي، شـــافىئي ۋە ســـەۋرى مەزهەپلىرىنىـڭ زىنـا قىلغـان ئايالنىـڭ، زىنـادىن ئېغىـر ئايـاق بولـۇپ قالغـــان تەقـــدىردىمۇ ئىـــددەت تۇتۇشـــى لازىـــم ئەمەس، دېـــگەن كـــۆز

قارىشىدۇر. بۇ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلى قاتارلىق كاتتا خەلىپىلەرنىڭ رەيىدۇر.

چۈنكى ئىددەت تۇتۇش نەسەبنى ئارىلىشىپ كېتىشتىن قوغداش يۈزىسىدىن، ئايالنىڭ بالىياتقۇسىنى تازىلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئايالنىڭ ئېغىر ئاياق ياكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئىددەت تۇتۇشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا ئېرىدىن ئاجراشقان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى پەرز. ئەمما زىنادىن ئىددەت تۇتۇلمايدۇ[1].

(1) دكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ«فتاوى معاصرة» ( هازىرقى زامان پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرى،3-توم،624-بەتتىن ئېلىندى.

تۆتىنچى بۆلۈم

# ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە

# ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. بالىلار ئاتا ـ ئانىلارغا قانچىلىك كۆپ خىزمەت قىلسىمۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىزمۇ قايتۇرۇپ بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاتا، ئائىلىنىڭ يېتەرلىك ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاش يولىدا ھارماي ـ تالماي ئىشلەيدۇ، چارچايدۇ. ئانا بولسا، پەرزەنتىم دەپ، توققۇز ئاي قورساق كۆتىرىپ، ئاندىن ئۇنى تۇغۇش جەريانىدا ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئېغىر تولغاقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا ئۇنى تۇغىدۇ. ئاندىن ئۇنى يىللار بويى ئېمىتىپ، ئاسراپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇنى چوڭ قىلىش جەريانىدا كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئۆزىگە ھارام قىلىپ، بالىسىنى ئاسراش ۋە ھېمايە قىلىش يولىدا ئۆزىنىڭ راھەتىنى ئۇنۇتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ غەملىرى ئۈچۈن غەمكىن بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ ئادەم بولغىنىنى كۆرگىنىدە، قانچىلىك ھاياجانغا تولۇپ، ئۆزلىرىنى قانچىلىك سائادەتلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بولۇش قىيىن. بالىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۈگۈنى ھەم ئەتىسىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا پەرزەنتلىرى ئۈچۈنلا ياشايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ـ بالىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، قېتىرقىنىپ خىزمەتلىرىنى قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا جۈملە سۆزگە قىسقىرايدۇ. ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆز ـــ ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن

تەمىنلەپ تۇرۇش، ئۇلارنى ھەمىشە ئاسراش، كۆڭۈللىرىنى شاد قىلىش، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدىكى ياخشىلىقلىرىنى ۋە ئەجىرلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش، ئۇلارنىڭ ئارمانلىرىنى ۋە ۋەسىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنى ھەمىشە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى رەنجىتمەسلىك، قاتارلىق كۆپلىگەن ياخشىلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا باللارنى ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ بىر جۈملە سۆزگە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيمًا . وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا. رَّبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمْ إِن تَكُونُواْ صَالِحِينَ فَإِنَّهُ كَانَ لِلأَوَّابِينَ غَفُورًا﴾ يەنى: « رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېگەن سۆزنىمۇ قىلمىغىن، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن. رەببىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار، (شۇنى بىلىڭلاركى،) ئاللاھ يامانلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، تەۋبىگە يۈزلەنگەنلەرنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچىدۇر.﴾[1]

(1) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ 25 ـ ئايەتلەر

بۇ ئايەتلەر بالىلار قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، يەنى ئۇلار مەيلى باي بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، مەيلى كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇن، مەيلى غەم ـ قايغۇ ئىچىدە بولسۇن، ھەر ھالەتتە، ئاتا ـ ئانىلارغا قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا قۇرئان كەرىم، بەزى ۋاقىتلاردا بالىلارنىڭ ئاچچىقىدىن ئۆزلىرىنى تۇتالمىغان ھالەتلەردىمۇ ئۇلارغا مالالىلىقنى بىلدۈرىدىغان ئاددى سۆزلەرنىمۇ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. خوسۇسەن، ئاتا ـ ئانىلار ياشىنىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نازۇك، گەپ كۆتىرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارغا ئىنتايىن يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، بالىلار ئاتا ـ ئانىلارغا قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن خىزمەتلەرنى قىلغاننىڭ سىرتىدا ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا مەرھەمەت ۋە رەھمەت تىلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى پۈتۈن ئويلىغانلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان سەممى ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىگە قاراپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ تەۋسىيەلەرنى تاماملايدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ﴿إِحْسَانًا﴾ دېگەن سۆز «قېتىرقىنىش»، «مۇكەممەل ئورۇنداش»،«جان، دىل بىلەن ئىشلەش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى﴿الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتتى﴾[1] دېگەن ئايەت

(1) سەجدە سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

بـۇ مەنىنــى ئىپادىلەيــدۇ. ئىھســان ( يەنــى ھەر ئىشــنى قېتىرقىنىــپ قىلىــش) ئىسـلام دىنىــدىكى ئــۈچ چــوڭ مەرتىبىنىــڭ بىــرى بولــۇپ، بىرىنچىســى ئىمــان، ئىككىنچىســى ئىســلام، ئۈچىنچىســى ئىھســاندۇر. پەرىشــتە جىبرىــل مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالامدىن ســوئال ســورىغان مەشھۇر ھەدىستە، ئۇنىـڭ ئـاۋۋال ئىسلامنى، ئانـدىن ئىمانىنى، ئانـدىن ئىھساننى سورىغانلىقى بايان قىلىنغان.[1]

دېمەك، مۇكەممەل ئورۇنـداش، قېتىرقىنىـپ قىلىـش دېـگەن مەنىـدە كەلگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىمـان ۋە ئىسـلامدىن كېيىنكـى مەرتىبىسـى بولغــان «ئىھســان»نــى ياخشــىلىق قىلىــش دېــگەن ئــاددى مەنىــدە چۈشىـنىش تـوغرا بولمايـدۇ. بۇنىڭغـا ئاساسـەن، «ئاتـا ـ ئانىغـا ئىھسـان قىلىــش» دېگەنىــى «ئاتــا ـ ئانىغــا ياخشــىلىق قىلىــش»دەپلا چۈشــىنىش تــوغرا ئەمەس. چــۈنكى بىراۋغــا ياخشــىلىق قىلىــش دېــگەن خالىســانە ياردەم قىلىپ قويۇش، خەير ـ ساخاۋەت قىلىـپ قويـۇش دېـگەن بولـدۇ. ھــالبۇكى، ئاتـــا ـ ئانىغــا ئىھســان قىلىــش پەرزدۇر. پەرز بولغانــدىمۇ ئــادەتتىكى پەرزلەردىــن ئەمەس، بەلكــى ئالالھقــا ئىبــادەت قىلىشــتىن كېيىنكى ئىككىنچى چوڭ پەرزدۇر. يۇقىرىقى: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ يەنــى: ﴿ رەببىـــڭ پەقەت ئۇنىـــڭ ئــۆزىگىلا ئىبـــادەت قىلىشــىڭلارنى ۋە ئاتــا ـ ئاناڭلارغــا قېتىرقىنىــپ خىــزمەت قىلىشــىڭلارنى پەرز قىلدى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

---

(1) ئىـبىن مـاجە رىـۋايەت قىلغـان بىـر ھەدىسـتە، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام جىبرىلنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىـپ: «ئىھسـان ــ خـۇددى ئـاللاھنى كـۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك ئىبـادەت قىلىشـىڭدۇر، گەرچە سـەن ئـاللاھنى كۆرەلمىسـەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»دېگەن.

شۇڭا ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان باشقىلارغا قىلىپ قويىدىغان خەير-ئېھسانغا ۋە خالىسانە يادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى خالىسانە ياردەم ۋە خەير-ئېھسان دېگەن باشقىلارغا بەدەلسىز قىلىپ قويىدىغان نەرسە. ئەمما ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قايتۇرۇش يولىدىكى بۇرچ ۋە قەرزدۇر. شۇڭا بۇنداق بىر قەرزنى ئادا قىلىش يولىدىكى خىزمەت بۇرچىنى ئاددى مەنىدە «ياخشىلىق قىلىش» دەپ چۈشىنىش توغرا بولمايدۇ.

مەسىلەن: سىز بىرسىگە بەدەلسىز ھالدا بىر نەرسە بەسىڭىز ياكى ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، سىز ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولىسىز. ئەمما سىز ئۇنىڭغا مەلۇم بىر خىزمىتىنىڭ ياكى ياخشىلىقىنىڭ يۈزىسىدىن بىر نەرسە بەرسىڭىز ياكى ئۇنىڭدىن ئالغان قەرزىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولمايسىز، بەلكى ھەققىنى ئادا قىلغان بولىسىز. ئاتا-ئانىغا خىزمەت قىلىشمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىقتۇر. بۇ خالىسانە ياردەم ياكى ھەير-ئېھسان تەرىقىسىدىكى بىر ياخشىلىق ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ئاتا ـ ئانا ھەققىدە تەۋسىيە قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾يەنى ﴿ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشى خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى، ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى، (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىرى قايتىدىغان

جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾[1].

## ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلۇغلىقى

ھەممىگە مەلۇمكى، ئادەم بالىسىنىڭ باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خىسلەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئادەم بالىسى ياخشىلىقنى سۆيىدۇ، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغاننى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە بۇ ياخشىلىقنى قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان، بېشىغا كۈن چۈشكەن چاغلاردا ئۇنىڭغا ھەمدەم بولغان، ئېغىرچىلىق ـ خۇشاللىق كۈنلەردە بىرگە بولغان كىشىلەردىن سۆيىنىدۇ، قەلبى دائىم شۇنداق كىشىلەرگە ئىنتىلىدۇ، ئاشۇنداق كىشىلەر بىلەن خىيال سۈرگىنىدە كۆڭلى ئارام تاپىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا بىز ئۈچۈن ئاشۇنداق سۆيۈنۈشكە، ئاشۇنداق ئەسلەپ تۇرۇشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر كىم؟ شۈبھىسىزكى، بىزنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ، دۇنيا تۇرمۇشىمىزدىكى توغرا ـ خاتا يوللارنى كۆرسىتىپ، توغرىسىنى بىزگە ئاتا قىلغان رەببىمىز ئاللاھتىن قالسىلا، بىزلەرگە ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، دەردىمىزنى تارتقان، بىزگە ياخشىلىقلار تىلىگەن بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز بولۇپ، دۇنيادا بىزلەر ئۈچۈن ئۇلاردەك جاپا چەككەن، غېمىمىزنى يېگەن كىشىلەر يوق.

---

(1) لوقمان سۈرىسى 14 ـ ئايەت

## ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئۇلۇغ ئىش

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئۇلۇغ ئىش. چۈنكى ئۇ ئىبادەت ھەم مەجبۇرىيەت. ئاتا ـ ئانىلا بىزنى بېقىپ، تەربىيىلەپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەككەن كىشىلىرىمىزدۇر. بىز كىچىك بىر بالىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمىي ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىنىمىزدا، شۇ ھامان قۇرئان كەرىمدىكى:" ئەي پەرۋەردىگارىم! سەن ئاتا ـ ئانام ئىككىسىگە مېنى كىچىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك رەھمەت قىلغىن" دېگەن دۇئانى ئوقۇغىمىز كېلىدۇ. قېنى ئويلاپ بېقىڭ! سىزنىڭ ئانىڭىز كۈنسېرى ئاجىزلاپ تۇرىدىغان توققۇز ئاي ئىچىدە سىزنى مىڭ بىر جاپا بىلەن قورسىقىدا كۆتۈردى. يەنە شۇ ئاجىز ھالىتىدە سىزنى تۇغدى، سىزنىڭ قورساق ئىچىدىكى كۈنسايىن چوڭىيىشىڭىز، ئېغىرلىشىڭىز ئانىڭىزغا كۈنسايىن ئېغىرلىق ـ ئاجىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ھەتتا سىزنى تۇغۇش ئالدىدا باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قايتقاندەك، دۇنيانىڭ ھەممىسىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتكەندەك، خۇددى ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولدى. لېكىن سىز تۇغۇلغاندىن كېيىن سىزنىڭ مېھرى ئىسسىق ئانىڭىز كۆزىنى ئېچىپ سىزنىڭ يېنىدا ياتقانلىقىڭىزنى كۆرگەن ھامان بارلىق دەرد ـ ئەلەملەرنى، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن تولغاق ئاغرىقلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ، بارلىق ئۈمىد يوللىرىنى سىزگە باغلايدۇ، سىزدە گۈزەل تۇرمۇشنىڭ خوشاللىقلىرىنى، بەخت ـ سائادەتلىرىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچە ـ كۈندۈزلەپ سىز ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، سىزگە خىزمەت قىلىدۇ، سىزنىڭ كۈندىلىك ئۇزۇقىڭىز ئۇنىڭ قىممەتلىك ئاق سۈتى بولىدۇ، سىزنىڭ تۇرىدىغان ئۆيىڭىز ئۇنىڭ ئىسسىق باغرى بولىدۇ، سىزنىڭ ئولتۇرىدىغان،

مېنىدىن نەرسىڭىز ئۇنىڭ ئىككى قولى ـ دۈمبىسى بولىدۇ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇ سىزنى تويغۇزۇش بەدىلىگە ئۆزى ئاچ قالىدۇ، سىزنى ئارام ئالدۇرۇش، ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئۆزى تۈنەيدۇ، ئانا سىزنىڭ دۇچ كەلگەن، قورقۇنچ ھېس قىلغان ئىشلىرىڭىزدا سىزنى قوينىغا تاشلاپ يىغلايدىغان، دەرد ئېيتىدىغان، دەردىڭىزگە يېتىدىغان، بېشىڭىزنى سىلايدىغان بىردىنبىر شەپقەتچىڭىز. چۈنكى سىز ئاشۇ چاغلاردا ئانىڭىزنىڭ قۇچىقىنى ئۆزىڭىزنىڭ پاناھ جايىدەك، ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىڭىز بىلەن تولغان كەڭ بىر دۇنيادەك ھېسسىياتلاردا بولىسىز. ھەمدە ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغان ھامان بارلىق قورقۇنچلاردىن خالىي بولىمەن دەپ قارايسىز.

## ئاتىنىڭ ئەجرىمۇ ئانىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ

ئەمدى ئاتىڭىزغا كېلەيلى، ئاتىڭىز كىچىك كۈنىدۈزلەپ سىزنى ئويلايدۇ، سىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ، يول يۈرىدۇ، سەپەر قىلىدۇ، تاغ ـ داۋانلاردىن كېچىدۇ، سىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمىكىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن دەرد ـ ئەلەم، جاپا ـ مۇشەققەتنى تارتىدۇ، كۆپلىگەن خەتەرلەرگە يولۇقىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى، تۇرمۇش جەريانلىرىنى، خىلمۇخىل كەچۈرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ سىزنى تەربىيىلەيدۇ، سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، سىز ئاتىڭىزنىڭ يېنىغا كىرسىڭىز سىزدىن خوشاللىنىدۇ، كۆڭلى ئېچىلىدۇ، ھەم سىزدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇ سىزگە نۇرغۇنلىغان ئۈمىد نەزەرلىرى بىلەن قارايدۇ. ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىپ كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولىشىڭىزنى ئاللاھتىن تىلەيدۇ. ئاتىڭىز سىرتقا چىقىش ئۈچۈن سىزدىن ئايرىلىشقا تەمشەلگىنىدە، سىز ئۇنى قۇچاقلىۋالىسىز، ئۇنىڭ

پېشىگە ئېسىلىۋالسىز، ئۇ خۇددى ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدىغاندەك بار ئاۋازىڭىز بىلەن ياش تۆكۈپ يىغلىغىنىڭىزدا مېھرى ـ شەپقەتلىك قوللىرى بىلەن باش ـ كۆزىڭىزنى سىلاپ سىزگە تەسەللى بېرىدۇ. ئاتىڭىز قايتىپ كەلگەندە، خوشاللىقىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلايسىز، يايراپ كېتىسىز. ئەنە ئاشۇ ئىككى كىشى سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىزدۇر. ئەنە ئاشۇ ۋاقىتلار سىزنىڭ گۆدەك، ئۆسمۈر چاغلىرىڭىز. ئۇلارنى بۇ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇش سىزنىڭ بۇرچىڭىزدۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەقلىرى بەكمۇ كۆپ، ئۇلارنىڭ باللار ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقلىرى تۆلەپ بولغۇسىز. شۇنداقتىمۇ بىز كۆز ئالدىمىزدىكى بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداپ تۇرۇشىمىز لازىم. مەسىلەن: ئۇلارنى ئەڭ كامالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، خىزمەتلىرىنى قىلىش، ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ۋە دۇئاسىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھېچ نەرسىمىزنى ئايىماسلىقىمىز لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتام مېنىڭ پۇل ـ مېلىمنى سوراۋاتىدۇ، دەپ كەلگەن بىر ئادەمگە: «سەن ۋە سېنىڭ مال ـ دۇنيالىرىڭ ئاتاڭغا ئائىتتۇر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەدىس بالا ۋە بالىنىڭ قولىدىكى بارلىق نەرسە ـ كېرەك، پۇل ـ مال ئاتىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئاتا ئۇ نەرسىلەرنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

# ئاتا-ئانىڭىزنى ھايات ۋاقتىدا خوش قىلىڭ

نۇرغۇن كىشىلەر ئاتا-ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنى يوقلاپ تۇرمايدۇ، گويا ئۇلارنى ھەمىشە شۇنداق ھايات تۇرىدىغاندەك غەپلەتنىڭ كەينىگە كىرىپ، بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ئۇلارنىڭ ياخشى دۇئالىرىنى ئېلىۋېلىشقا ئالدىرىمايدۇ. ئاتا-ئانىسى بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمغاندىن كېيىن، يۈرىكى ئېزىلگەن، دىلى يۇمشىغان ۋە بۇرۇن ئۇلارغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنى رازى قىلالمىغانلىقى سەۋەبلىك ھەسرەت-نادامەت چەككەن ۋاقتىدا، بىردىنلا ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىپ، ھەشەمەتلىك نەزىر-چىراقلارنى ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. ساۋابىنى ئاتا-ئانىسىغا ئاتاپ، خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن پېقىرلارغىلا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن نەزىر -چىراقلارنىڭ ساۋابى ئاتا-ئانىسىغا يېتىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئەمما ئاتا-ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن چىقىم قىلغانلىرىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ، ئۇلار تىرىك ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن چىقىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى تىرىك ۋاقتىدا خوش قىلغانغا نېمە يەتسۇن؟!

ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بىزنى ئاتا-ئانىمىز ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار ھەققىدە نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈشكە ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆلۈشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ قىلىشقا، پۇل-مېلىمىزنى ئۇلارغا ئۇلار ھايات ۋاقتىدا خەجلەپ بېرىشكە چاقىرغان ئەمەسمۇ؟!

ئاتا-ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى ئۇلار ئۆلمەستىن قېتىرقىنىپ قىلىپ، مال-دۇنياسىنى ئۇلار ئۈچۈن ئايىماي خەجلەپ، ئۇلارنى ھايات ۋاقتىدا رازى قىلىۋالغانلار، ئاتا-ئانىسى بۇ ئالەم بىلەم خوشلاشقاندىن كېيىنمۇ ئاللاھنىڭ قازاسىغا رازى بولۇپ، ئارتۇقچە ھەسرەت چەكمەيدۇ. چۈنكى

ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قىلىپ، بۇرچىنى ئادا قىلغانلاردۇر. ئەمما ئاتا-ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر، ئۇلارنى ھەمىشە شۇنداق ھايات تۇرىدۇ، دەپ گۇمان قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ، بۇرۇنراق دۇئاسىنى ئېلىۋېلىشقا ئالدىرىمىغانلار ئاتا-ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن ھەشەمەتلىك نەزىر-چىراقلارنى ئۆتكۈزۈپ ساۋابىنى ئۇلارغا ئاتىسىمۇ، بەربىر بىر ئۆمۈر ھەسرەت-نادامەتتە ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇلار غەپلەت ئىچىدە قېلىپ، پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈپ قويغانلاردۇر. بۇ خۇددى بۇغدايىنى ئورما ۋاقتىدا ئورۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئورما ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، بۇغدايلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن دېھقانىنىڭ زىيان تارتقىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. چۈنكى ھەر ئىشنىڭ بىر ۋاقتى-سائىتى بار. ئىمتىھان ۋاقتى تۈگىگەندە كەلگەن ئوقۇغۇچىنى مۇئەللىم سىنىپقا ئالمايدۇ.

## ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى

ئاتا- ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ھەقىقي مۇسۇلمانلىقنىڭ نىشانىسىدۇر

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازغۇن دادىسى (ئازەر) نى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن دادىسىغا مېھرىبانلىق بىلەن نەسىھەت قىلغانلىقى ۋە دادىسى ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمىغاندىمۇ، ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەپ چىرايلىقچە قايتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ يَا أَبَتِ لِمَ تَعْبُدُ مَا لَا يَسْمَعُ وَلَا يُبْصِرُ وَلَا يُغْنِي عَنْكَ شَيْئًا. يَا أَبَتِ إِنِّي قَدْ جَاءَنِي مِنَ الْعِلْمِ مَا لَمْ يَأْتِكَ فَاتَّبِعْنِي أَهْدِكَ صِرَاطًا سَوِيًّا. يَا أَبَتِ لَا تَعْبُدِ الشَّيْطَانَ إِنَّ الشَّيْطَانَ كَانَ لِلرَّحْمَٰنِ عَصِيًّا. يَا أَبَتِ إِنِّي أَخَافُ

أَنْ يَمَسَّكَ عَذَابٌ مِنَ الرَّحْمَنِ فَتَكُونَ لِلشَّيْطَانِ وَلِيًّا. قَالَ أَرَاغِبٌ أَنْتَ عَنْ آلِهَتِي يَا إِبْرَاهِيمُ لَئِنْ لَمْ تَنْتَهِ لَأَرْجُمَنَّكَ وَاهْجُرْنِي مَلِيًّا. قَالَ سَلَامٌ عَلَيْكَ سَأَسْتَغْفِرُ لَكَ رَبِّي إِنَّهُ كَانَ بِي حَفِيًّا﴾يەنى﴿ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن. ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر كەلدى، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك ئاللاھ قا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى. ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ نىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن». (ئاتىسى) ئېيتتى: «ئەي ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن، ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن». ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن، رەببىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر ﴾[1].

ئاللاھ تائالا يەھيا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَبَرًّا بِوَالِدَيْهِ وَلَمْ يَكُنْ جَبَّارًا عَصِيًّا﴾يەنى ﴿ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمچان قىلدۇق، ئۇ مۇتەكەببىر، ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى﴾[2].

ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە يېتىپ سۆزلىگەن

---

(1) مەريەم سۈرىسى 42 ـ 47 ـ ئايەتلەر

(2) سۈرە مەريەم 14 ـ ئايەت

سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَبَرًّا بِوَالِدَتِي وَلَمْ يَجْعَلْنِي جَبَّارًا شَقِيًّا ﴾ يەنى ﴿ ئاللاھ مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر شەقى قىلمىدى ﴾[1].

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارغا پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، ئېغىر ئىشلىرى بولسۇن، يېنىك ئىشلىرى بولسۇن ھەممىدە ئۇلارغا ئىتائەتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىش قاتارلىقلار ماددىي تەرەپتىن ياخشىلىق قىلغانلىق بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خوشال قىلىش، دەرتلىرىگە قولاق سېلىش، مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بېرىش، بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش قاتارلىقلار مەنىۋى جەھەتتىن ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىقى ئاستىدا» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتىنىڭ رازىلىقىدا، ئاللاھنىڭ غەزىپى ئاتىنىڭ غەزىپىدە»[2].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ ئانىسىنى يۈدۈپ كەبىنى تاۋاپ قىلدۇراتقانلىقىنى كۆردۇ. بۇ ئادەم ئىبنى ئۆمەرگە يېقىنلىشىپ: «ئى ئىبنى ئۆمەر! مەن بۇنىڭ بىلەن ئانامنىڭ مېنىڭدىكى ھەقلىرىنى ئادا قىلغان بولدۇممۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئىبنى ئۆمەر

(1) سۈرە مەريەم 32 ـ ئايەت

(2) تىرمىزى رىۋايىتى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، سەن تېخى ئاناڭنىڭ ئەجىرلىرىدىن مىڭدىن بىرىنىمۇ ئادا قىلمىدىڭ. لېكىن سەن ياخشى قىلدىڭ. ئاللاھ سېنىڭ ئازلا خىزمىتىڭگە كۆپ ساۋاپ بەرگۈسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئۈچ نەپەر كىشى كېتىپ باراتتى، توساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلار بىر تاغنىڭ تېگىدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تاغدىن چوڭ بىر تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى توسىۋالىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە، ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان ئەمەللىرىڭلار بولسا شۇ ئەمەللىرىڭلارنى ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، بەلكى ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىسىدىن بىزگە بىر چىقىش يولى بېرىپ قالار، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دەپ دۇئا قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام بىلەن بىر نارسىدە بالام بار ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن قوي باقاتتىم، ھەر كۈنى ئۇلارغا سۈت ئىچكۈزەتتىم. بىر كۈنى كەچ كېلىپ قالدىم. كەلسەم ئاتا ـ ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. مەن سۈتنى سېغىپ ئەكىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىدا تۇتۇپ تۇردۇم ئۇلارنى ئويغىتىشقا كۆزۈم قىيمىدى. كىچىك نارسىدە بالام ئايغىمدا ئاچلىقتىن زارلىنىپ، سۈت ئىچىمەن دەپ يىغلاپ تۇراتتى، مەن ھەمىشە ئاۋۋال ئاتا ـ ئانامغا ئىچكۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن بالامغا ئىچكۈزەتتىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ شۇنداق تۇرۇپ تاڭ ئاتتى. ئەگەر مېنىڭ بۇ قىلغىنىم سېنىڭ دەرگاھىڭدا ياخشى ئەمەللەر قاتارىدىن بولۇپ قوبۇل قىلىنغان بولسا، بۇ ئەمەلىمنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى بىلەن بىزگە بىر يوچۇق ئېچىپ بەرگىنكى بىز يورۇقلۇقنى كۆرەيلى،

ئـاللاھ ئۇلارغـا بىـر يوچـۇق ئېچىـپ بەردى - دە، شـۇنىڭ بىـلەن ئـۇلار ئاسماننى كۆرەلىدى........»[1].

## ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش جىھاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلدۇر

ئـاللاھ تائالانىـڭ دىنىنـى ھىمـايە قىلىـش يولىـدا جىھـاد قىلىـش ئىسلامدىكى ھەرقانـداق ئىبـادەتلەردىن ئۇلـۇغ ۋە شـەرەپلىكتۇر. جىھادتـا شـېھىد بولغـان شـېھىدلارنىڭ ھېسابسـىز، سوئالسـىز، ئـۇدۇل جەنـنەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىـدە كەلـگەن ھەدىسلارمۇ كـۆپ. ئەممـا ئاتـا ـ ئانىغـا ياخشـىلىق قىلىـش جىھـاد قىلىشـتىن ئەۋزەلـدۇر. شـۇنىڭدىن كۆرۈۋشـكە بولىـدۇكى، ئاتـا ـ ئانىغـا ياخشـىلىق قىلىشـنىڭ ئىسـلام دىنـى نەزەرىـدە نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت ئىكەنلىكى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

ئىبىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىـۋايەت قىلىنـدۇكى، ئـۇ، مۇنـداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ يېنىغـا كېلىـپ، جىھادقـا چىقىشـــى ئۈچـــۈن ئۇنىڭـــدىن رۇخســـەت ســـورىغاندا، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسـالام ئـۇ ئادەمـدىن «سـېنىڭ ئاتـا ـ ئانـاڭ ھايـاتمۇ؟» دەپ سـورايدۇ، ئـۇ ئـادەم «ھەئە، ھايـات» دەپ جـاۋاب بەرگەنـدە، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنى، سـەن ئۇلارنىـڭ خىزمىتىنـى قىلىـش ئـارقىلىق جىھادنىڭ ساۋابىنى تاپقىن، دەپ قايتۇرىۋېتىدۇ»[2].

ئەبۇ سـەئىد رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنـدۇكى، ئـۇ مۇنـداق دەيدۇ: يەمەنلىك بىر ئادەم پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ يېنىغـا كېلىـپ،

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) نەسائىي رىۋايىتى

ئۆزىنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «يەمەندە بىرەر كىشىڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ ئادەم «ئاتا ـ ئانام بار» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئۇلار ساڭا بۇ يەرگە كېلىشىڭگە رۇخسەت بەرگەنمۇ؟» دەپ سورايدۇ، بۇ ئادەم، «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ رۇخسەت سورىغىن، ئەگەرئۇلار رۇخسەت بەرمىسە، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن» دەيدۇ»[1].

ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن جىھاد قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭغا قادىر بولالمايمەن، قانداق قىلسام جىھاد قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيمەن؟ دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «ئاتا ـ ئاناڭدىن بىرەرسى ھاياتمۇ؟» دەپ سورىغاندا، بۇ ئادەم «ئانام بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمگە «ئاللاھ سېنى ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن، ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، ھەج قىلغانىنىڭ، ئۆمرە قىلغانىنىڭ ۋە جىھاد قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئالىسەن» دەيدۇ»[2].

ئىسلام دىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەدرىنى شۇنچىلىك كۆتىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى شۇنچىلىك قەدىرلەيدۇكى، ھەتتا ئۇلار كاپىر،

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
(2) تەبەرانىي رىۋايىتى

مۇشرىك بولغان تەقدىردىمۇ، بالىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا﴾يەنى ﴿ ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشىلىق قىلغىن﴾[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەگەر كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، ـ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان بارلىق ئىشلاردا ــ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى، خىزمەتلىرىنى قىلىشى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان قەرزدۇر.

## ئاتا ـ ئانىغا ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىش

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتۇق، سەلىمە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم كېلىپ «يارەسۇلەللاھ! ئاتا ـ ئانامغا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقلاردىن ئۇلار ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئەلۋەتتە بار، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلەش، ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرىنى يۈرگۈزۈش، ئۇلار ئارقىلىق

(1) لۇقمان سۈرىسى 15 ـ ئايەت

قىلىنىپ كەلگەن سىلە ـ رەھىملەرنى داۋام قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ بىللە ئۆتكەن دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ھۆرمەت قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى»[1].

بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن قىلغان مېھنەتلىرىنى ئۇلارغا قانچىلىك ياخشىلىق قىلىپمۇ ئادا قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بالىلارنىڭ گەردەنلىرىدە ئۇلارغا دۇئا قىلىش، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەتلىكىنى تىلەش، ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا دوست بولۇپ ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق ھەقلەرنىڭ قالىدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى ئېنىق بىر ھەقىقەتتۇر.

## ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىدىن چوڭدۇر

ئانىلارنىڭ بالىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئاتىنىڭ ھەقلىرىدىن كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلارنىڭ ھەقلىرى ئۇلارنى ئادا قىلىش جەھەتتە، ئاتىلارنىڭ ھەقلىرىدىن ئەۋزەل ۋە ئاۋۋالقى ئورۇندا تۇرۇشقا تېگىشلىك. چۈنكى ئانىنىڭ بالىسىنى قورسىقىدا كۆتىرىپ، تۇغۇپ، ئېمىتىپ، چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش جەريانىدا چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرى، ئاتىنىڭ ئائىلىنىڭ كەملىرىنى بار قىلىپ، ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىش يولىدا چەككەن مېھنەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ئېغىر ۋە كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئانىلارنىڭ بالا تۇغۇپ

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

چوڭ قىلىش يولىدىكى مېھنەتلىرىنى ئالاھىدە قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئاتىلارنىڭ ھەقلىرىدىن ئاۋۋالقى ئورۇندا قويدى ۋە بالىلارنىڭ بۇ ھەقلەرنى ئۆز يولىدا، تولۇق ئورۇندىشىنى تەۋسىيە قىلدى.

بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى رىۋايەت قىلىنغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىم كىم؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، «ئاناڭ» (يەنى ياخشىلىق قىلىشىڭغا ئەڭ ھەقلىق كىشىڭ ئاناڭ) دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئادەم، «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە، «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇ ئادەم يەنە، «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇ ئادەم يەنە، «ئۇنىڭدىن قالساكىم؟» سورايدۇ، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ»[1].

## ئاتا-ئانىلارغا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى

ئاتا-ئانىغا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش ئۇلارنى قانداقلا بىر رەۋىشتە بولمىسۇن، رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ئۇلارنى ئاسراش، ئۇلارغا جانىدىل خىزمەت قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئېلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى يۈكىنى يەڭگىللىتىش، كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە تەسەللى بېرىپ يېنىدا

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

بولـۇش، خوشـاللىقلىرىنى بىـرگە تەنـتەنە قىلـىش قاتـارلىق ئىشـلارنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئاتـا ـ ئانىسـىنى قاخشـىتىپ، ئـۇلارنى زار-زار يىغلاتقـانلار ئۇلارغـا رەھىم-شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتـا-ئانىسـىنى ئالـداپ قويـۇپ يىگـىتلەر بىـلەن خۇپيـانە مۇناسـىۋەت قۇرغان قىزلار ئاتا-ئانىسىغا رەھىم-شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئىمتىھانــدىن ئــۆتەلمەي قالســا، ئاتــا-ئانىســىنىڭ قــاتتىق بىئــارام بولـىدىغانلىقىنى بىلـىپ تـۇرۇپ، ياخشـى ئوقۇمىغـان ئوقۇغـۇچىلار ئاتـا-ئانىسـىغا رەھىـم-شـەپقەت قىلغـان بولامـدۇ؟ ئـۆيگە كىرگەنـدە يـاكى چىققانـدا ئىشـىكنى ئاتـا-ئانىسـىنى چوچۇتىۋاتـىدىغان شـەكىلدە قـاتتىق ئاچىدىغان ياكى ياپىدىغانلار ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتــا-ئانىســىغا ســۆز قىلغانــدا ئــاۋازىنى ئۇلارنىڭكــىدىن يــۇقىرى كۆتىرىدىغانلار ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتــا-ئانىســىنى ھەر دائىــم زىيــارەت قىلىــپ يــوقلاپ، ھــال-ئەھــۋال سوراپ تۇرماستىن، تېلېفون ئـارقىلىقلا ھـال سـوراپ قويـىدىغانلار ئۇلارغـا رەھىم-شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ھالبۇكى، ئاتا-ئانا بالىلىرىنىـڭ تېلېفونـدىكى ئاۋازىغـا ئەمەس، بەلكـى ئۇلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇشقا مۇھتاج.

ئاتـا-ئانىسـىغا ئېھتىيـاجلىق نەرسـىلىرىنى ئەۋەتىـپ قويـۇپ، ئـۇلارنى ھەپتىلەپ، ئايلاپ، ھەتتا يىللاپ كۆرمەيـدىغانلار ئۇلارغـا رەھىـم-شـەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ھـــالبۇكى، ئاتـــا-ئـــانىلار بالىلىرىنـــىڭ مـــال-دۇنياســـىغا، ســـوۋغا-سالاملىرىغا ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ دىدارىغا مۇھتاج. ئاتـا-ئـانىلارنى بـۇ نېمەتتىن نېمە ئۈچۈن مەھرۇم قىلىمىز؟

شەكســىزكى، مۇنــداق قىلىــدىغانلار ئاتــا-ئانىســىنى قاخشــاتقۇچى

بەخىسزلەردۇر!

# ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە تەۋسىيەلەر

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئەگەر سىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز مۇنۇ تەۋسىيەلەرگە ئەمەل قىلغايسىز، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. ئاتا ـ ئانىغا ھەر ۋاقىت ئەدەپ بىلەن سۆز قىلىش.

2. ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش.

3. ئۇلارغا مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىش، ھېچ ۋاقىت ئۇلارغا غەزەب بىلەن قارىماسلىق،بەلكى ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن قاراش.

4. ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە ئالماسلىق.

5. ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ھەمىشە دۇئالىرىنى ئېلىپ تۇرۇش.

6. ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاشتا ئاۋۋال ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراش.

7. ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ھەر ۋاقىت «خوش ئاتا ـ خوش ئانا» دەپ تەبەسسۇم بىلەن ھازىر بولۇش.

8. ئۇلارنىڭ دوست ـ يارانلىرىنى ھۆرمەتلەش، دۈشمەنلىرىگە ساداقەت باغلىماسلىق.

9. ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشماسلىق، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى بولسا، سىلىق يول بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش.

10. ئۇلارغا سۆز قىلغاندا، ئاۋازىنى كۆتىرىپ ئۇلارنى بىئارام قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەدەپ بىلەن قولاق سېلىپ ئاڭلاش.

11. ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ۋە سىرتتىكى ئىشلىرىغا ياردەملىشىش.

12. ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىق، ئەگەر ئالدىراش يۈزىسىدىن كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن شۇ ھامان كەچۈرۈم سوراش.

13. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە خوسۇسەن، ئۇلار ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتلىرىدا رۇخسەتسىز كىرمەسلىك.

14. ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى كەلگەندە، قول باغلاپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىش، زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ قويۇپ، ئۇلارنى مېھمانلىرى ئالدىدا يالغۇز تەرك ئەتمەسلىك.

15. ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يىگەندە، ئۇلاردىن بۇرۇن داستىخانغا قول ئۇزاتماسلىق.

16. ئۇلارغا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەسلىك.

17. ئايالىنى ۋە باللىرىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرمەسلىك.

18. بىرگە يول يۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرمەسلىك، بىرگە ئولتۇرغاندا ئۇلاردىن يۇقىرى ئولتۇرماسلىق.

19. ئۆزى قانچىلىك چوڭ مەنسەپلىك كىشى بولسىمۇ، ياكى كاتتا ئالىم بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا مەنسۇپ بولۇشتىن تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، ئۇلار ئالدىدا ھەمىشە كەمتەر بولۇش.

20. ئۇلارغا ماددىي جەھەتتە ياردەم قىلىشتا بېخىللىق قىلماسلىق، ئۇلار ئۇچۇن ئۆزلىرىنى ئۇنۇتۇش.

21. ئۇلارنىڭ مېھمانلىرىنى قەدىرلەپ تۇرۇش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش ، ھەدىيە ۋە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇش.

22. ئۇلارنى غەزەپلەندۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىش، كۆڭۈللىرىنى ئاياش.

23. ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنى تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن قوبۇل قىلىش.

24. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىنى تەبرىكلەپ بىرگە خۇشال بولۇش، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بېرىش.

25. ئۇلارنىڭ يۈز- خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرۈش.

26. ئائىلى ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش.

27. ئاتا - ئانا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈش.

28. ئۇلارغا ۋاكالىتەن سەدىقەلەرنى قىلىپ تۇرۇش.

29. ئاتا - ئانا ھايات بولسۇن، مەيلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەققىدە، ﴿ **رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ** ﴾ يەنى ﴿ئى ئاللاھ! مېنى ۋە ئاتا - ئانامنى كەچۈرگىن﴾ دەپ ھەمىشە دۇئا قىلىپ تۇرۇش.

30. ھەرقانداق كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ ئوخشىشىنى ئۆز بالىلىرىدىن چوقۇم كۆرىدۇ. يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقاتلارنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ قاخشىتىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ رازى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالەم، «ئۆتنە ئالەم» دېيىلىدۇ. بۇ، جەمئىيىتىمىزدە ۋە ئۇزۇن يىللىق تارىخىمىزدا كۆپ تەجرىبە قىلىنىپ، ھەركىشىنىڭ نەزەرىدە رىئاللىققا ئايلانغان بىر ھەقىقەتتۇر.

# ئاتا ـ ئاننى قاخشتىشنىڭ گۇناھى

بـالىلار تەرىپىـدىن ئاتـا ـ ئانىلارنىـڭ كـۆڭلىگە تېگـىپ قويـىـدىغان يـاكى ئـۇلارنى رەنجىتىـپ قويـىـدىغان ھەرقانـداق سـۆز ـ ھەرىكەتلەرنىـڭ سادىر بولۇشى ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتقانلىقتۇر.

ئـاللاھ تائالاغـا ئاسـىيلىق بولمايـدىغان ھەرقانـداق ئىشـتا، ئۇلارنىـڭ سـۆزلىرىنى ئـاڭلاپ، ئۇلارغــا ئىتــائەت قىلىــش ئىنتــايىن زۆرۈردۇر. شەرىئەت ئىستىمالى يويىچە ئېيتقانـدا، پەرزدۇر. بۇنىڭغـا ئاساسـەن، ئاتـا ـ ئــانىلار ئېھتىيــاج يــاكى زۆرۈرىــيەت يۈزىســدىن بــالىلىرىنى نەپلــى (ئىختىيــارى) يــاكى پەرز كۇپــايە بولغــان ئەمەللەرنــى تەرك ئېتىشــكە زورلىغان ھالدىمۇ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش لازىم. ئەممـا پەرزئەيـن بولغـان ئىشلارنى قىلىشتىن توسسا ياكى ھارام ئىشلارنى قىلىشقا زورلىسا، بـۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلارغـا بـۇ ئىشلاردا ئىتائەت قىلماسلىق لازىـم. بـۇ ھەقتـە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېـگەن: «ئاللاھقـا ئاسـىيلىق بولىـدىغان ئىشتا بەندىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ»[1].

## ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشىتىش كەچۈرۈلگىسىز گۇناھ

ئاتــا ـ ئــانىلارنى قاخشــىتىش ئەڭ چــوڭ گۇنــاھى كەبىرىلەرنىــڭ قاتارىدىنــدۇر. كىشـى قانچىلىـك ياخشـى بولـۇپ كېتىـپ، ئـاللاھ تائالاغـا شـۇنچە سـادىق بولسـىمۇ، ئاتىسـىنى يـاكى ئانىسـىنى قاخشـاتقان ئىـكەن، ئۇ، ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشـەلمەيدۇ. يەنـى جەنـنەتكە

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

كىرەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشىتىشنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە، ئەڭ قەبىھ، يامان ئادەم ئۈچتۇر: ئۇلارنىڭ بىرى، ئاتا ـ ئانىسىغا مۇتەكەببىرلىك قىلىپ، ئۇلارنى ھېقىر كۆرگەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يالغان ئىغۋالارنى تارقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلغان ئادەم؛ ئۈچىنچىسى، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يالغاندىن گەپ تارقىتىپ يۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بوزۇپ، ئۇنىڭ ئايالىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ئادەم»[1].

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھى كەبىرىلەر توغرۇلۇق سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: «گۇناھى كەبىرىلەر: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ئانىسىنى قاخشىتىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغاندىن قەسەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر»[2].

يەنە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەمگە ئاللاھ جەننەتنى ھارام قىلدى: ئۇلارنىڭ بىرى، ھاراقنى باش ئالالمايدىغان ئادەم؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقان ئادەم؛ يەنە بىرى، دەييۇس ئادەم»[3].

---

(1) ئەبۇ نەئىم رىۋايىتى
(2) بۇخارى رىۋايىتى
(3) ئەھمەد رىۋايىتى

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ پايدىسى يوقتۇر: ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقان ئادەم؛ يەنە بىرى جىھاد مەيدانىدىن قاچقان ئادەم»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ پۈتۈن چوڭ گۇناھلارنىڭ جازاسىدىن خالىغىنىنى قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ، پەقەت ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقانىنىڭ جازاسىنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن، مۇشۇ دۇنيادىلا ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ»[2].

ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقانىنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئىسلام نەزەرىدە ئەڭ كەچۈرۈلگۈسىز، ئېغىر گۇناھ شېرىك بولسا، شېرىكتىن كېيىنلا ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىشنىڭ گۇناھى كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ يەنى: « رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى »[3]
يەنى ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئەڭ ئاۋۋالقى ئىش ـ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەستىن، ئۇنى بىر بىلىپ ئىبادەت قىلىش بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنلا بۇيرۇلغان تەكلىپ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش

(1) تەبەرانى رىۋايىتى
(2) بەيھەقىي رىۋايىتى
(3) ئىسرا سۈرىسى

دېگەنلىكتۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت سانالسا، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشمۇ شۇنچىلىك ئېغىر گۇناھى كەبىرىدۇر.

## ئاللاھ تائالا زۇلۇمنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرمەيدۇ

ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئېغىر گۇناھلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ، زۇلۇم (يەنى ھەقسىزلىق) نىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگىنى يوق. ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش ئۇلارغا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا زۇلۇمنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرسىتىپ كەلدى. ھاياتلىقتىكى تەجرىبىلەر ۋە ياشاۋاتقان جەمئىيىتىمىزدىكى ئاتا ـ ئانىسىدىن قارغىش ئالغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە كۆرگەن، بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز بىزگە ئاچچىق ساۋاق بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. ھەتتا خەلق ماقاللىرىمىزدا: «ئىككى خىل ئادەم ئىشلىمىسىمۇ بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئادەم؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقان ئادەم» دېيىلىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ سۆز توغرا ئېيتىلغان. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان كىشى گەرچە ئاز ئىشلىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىدىن قارغىش ئالغان كىشى قانچىلىك ئىشلىسىمۇ، ئۇ بەرىكەتتىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىشى ئالدىغا ماڭمايدۇ ۋە تاپقانلىرى راۋاج قىلمايدۇ. مانا بۇ رىئاللىقتۇر. دېمەك ئاللاھ تائالانىڭ رىزاسىغا ئېرىشەلمىگەن بىر كىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ياردىمى، رەھمىتى ۋە مەرھەمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ

باللار ئۈچۈن قىلغان ھەرقانداق دۇئاسى تېز ئىجاۋەت بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « ئۈچ خىل ئادەمنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجاۋەت بولۇشىدا ھېچ شەك يوق: ئۇلارنىڭ بىرى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى؛ يەنە بىرى ، مۇساپىر كىشىنىڭ دۇئاسى؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى»[1].

ئاللاھ تائالا تەۋراتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «ئى مۇسا! ئاتا ـ ئاناڭنى ھۆرمەتلىگىن. كىمكى ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان پەرزەنت ئاتا قىلىنىدۇ، كىمكى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقىرىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى قاخشىتىدىغان شەقى بالا ئاتا قىلىنىدۇ»[2].

بۇ ماۋزۇدىكى ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىن مەقسەت، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى دېمەكتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا قىلغان كىشىلەر، گەرچە ئاز ئۆمۈر كۆرسىمۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەر ھاسىل قىلالمىغان ياخشىلىقلارغا ۋە دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە دۇنيادىن ئارمىنى قالمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا ـ قىلمىغان كىشىلەر، گەرچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇئۆمرىگە لايىق دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىغا ۋە ئارمانلىرىغا ئېرىشەلمەستىن، بەلكى ھەسرەتتە كېتىدۇ. ئۆمرى قىسقا بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ـ ئۆمرى بەرىكەتسىز بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۆمۈر

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى
(2) تەۋرات

ئۆزى ياخشىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇزىراپ يامانلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن قىسقىراپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىنسان تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن پۈتۈلۈپ بولغان تەقدىردۇر. پەقەت ئۇنىڭ بەرىكىتى ئۆزگىرىدۇ.

بەشنچی بۆلۆم

# باللار ھەققدە

# باللار نېمەت ۋە ئامانەتتۇر

## باللار ئائىلىنىڭ گۈللىرىدۇر

تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ بىرغايىسى كىشى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۆزىنىڭ ھالال ئايالى بىلەن تەمىن ئېتىشى ئارقىلىق ھارام، پاھىشە ئىشلاردىن ساقلىنىش بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق غايىسى ۋە مەقسىتى پەرزەنت يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. تۇرمۇش قۇرغان ھەرقانداق ئەر ـ ئايالنىڭ قەلبى پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت بولغان بۇ ئارزۇغا ئورتاق تەلپۈنىدۇ. ھەر قانداق ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئارقىلىق نام ـ نىشانىسىنى داۋام قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئائىلە قۇرۇشنىڭ غايىسىنىڭ پەرزەنت يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾يەنى ﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر. ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار﴾[1].

ئاللاھ تائالا پەرزەنتلەرنىڭ ھاياتلىقنى گۈللەندۈردىغان ۋە كىشىگە بەخت ـ سائادەت بېغىشلايدىغان ئەڭ چوڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ﴾ يەنى﴿ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر﴾[2].

---

(1) بەقەر سۈرىسى 223ـ ئايەت

(2) كەھف سۈرىسى 46ـ ئايەت

باللار ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈرەك پارىلىرى، ئائىلىنىڭ گۈللىرىدۇر. ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈرەكلىرى شۇ گۈللەر بىلەن ياشىرىپ تۇرىدۇر. دۇنيادا باللار ئۈچۈن ئاتا - ئانىلاردىنمۇ كۆيۈمچان كىشىلەر بارمىدۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ئاتا - ئانىلارغا باللار ھەققىدە قىلىنغان تەۋسىيەلەردىن باللارغا ئاتا - ئانىلار ھەققىدە قىلىنغان تەۋسىيە ئىنتايىن كۆپتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ئاتا - ئانىلارنىڭ قەلبلىرىگە باللارغا كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن چوڭقۇر مۇھەببەتنى سېلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلارغا باللار ھەققىدە تەۋسىيە قىلمىسىمۇ، ئۇلار باللىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ھەر نەرسىسىنى، ھەتتا جانلىرىنى پىدا قىلىشقا ھازىر.

ئەمما باللار ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ئائىلىسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدا چەككەن مېھنەت - جاپالىرىنى ئوڭايلا ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا باللارغا، ئاتا - ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە كۆپلىگەن تەۋسىيەلەرنى قىلدى ۋە ئۇلارنى ئاتا - ئانىنى قاخشىتىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى.

باللار بىلەن زىننەتلەنگەن ئائىلە ھۇزۇرلۇق ئائىلىدۇر. ئۇ خۇددى مېۋىلىك باغدەك بەرىكەتلىك، گۈل باغچىسىدەك خۇشپۇراق بولىدۇ. باللار يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ ۋە بالا - قازالاردىن ھىمايە قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەلۋەتتە ، ئاتا - ئانىلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سان - ساناقسىز نېمەتلىرىنى تونۇپ، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشى ۋە نېمەت بولۇپ بېرىلگەن بۇ ئەزىز باللارنى قەدىرلىشى لازىم.

**بالىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئامانەتلىرىدۇر**

ئىسلام دىنى پەرزەنت يېتىشتۈرۈشكە ۋە نەسىللەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تۈرلۈك ئامىللار ۋە ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بالىلار ئاتا - ئانىلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك بىر ئامانەتلەردۇر. ئاتا - ئانىلار قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا بۇ ئامانەتلەرنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى بۇ جاۋابكارلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ﴾ يەنى ﴿ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار﴾[1].

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىشىنىڭ بىردىن - بىر چارىسى ئۇستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش يولىدا، بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئىمان، ئىسلامنى ئۆگىتىپ، ياخشى - يامانىنى بىلدۈرۈپ، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىتىپ بۇ ئامانەتنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاتا - ئانىلار يۇقىرىقىلارنى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بويىچە ئادا قىلغاندىن كېيىن،ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى تۈگەيدۇ. كېيىنكى ئىشلارغا بالىلار ئۆزلىرى جاۋابكار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بالا ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلىشقا ھازىر بولغان تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا - ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خرىستىئان

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 - ئايەت

قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ»[1].

دېمەك، ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ قانداق يېتىشىپ چىقىشىدىن مەسئۇلدۇر. ئۇلار باللىرىنى ئىسلام نۇرى ئاستىدا، ياخشى تەربىيىلەپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر باللىرىنى ئۆز ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە قويۇپ بېرىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېتىشتۈرەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تارتىدۇ. يامان بالىنىڭ ئاپىتى ئاتا - ئانىلارنى تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلمايدۇ. ئامانەتنى زايا قىلغان كىشى قانداق جاۋابكالىققا تارتىلسا ، باللىرىنىڭ كېلىچىكىنى زايا قىلىۋەتكەن ئاتا - ئانىلارمۇ، ئۇنىڭدىن ئېغىرراق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى باللار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرغان ئامانەتلىرىدۇر.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

# بالا تەربىيەسى ئاتا-ئانىنىڭ بۇرچى

بالىنىڭ ئەڭ دەسلەپ كۆرىدىغىنى ئۆي ۋە ئائىلىدۇر. بالا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ كۆزىگە چېلىققان ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭ زېھنىگە ئورناپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ زېھنىدە قالغان نەرسىلەرگە قاراپ شەكىللىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەر قانداق نەرسە بالىغا تەسىر كۆرسەتكۈچ ئامىل بولىدۇ.

ئىمام غەززالىي مۇنداق دېگەن: «بالا ئاتا ـ ئانىغا ئامانەتتۇر. ئۇ يېڭى تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھېچنېمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ساپ گۆھەرگە ئوخشايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆزىگە چېلىققان ياكى تەسىر قىلغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىنى زېھنىدە قالدۇرىدۇ. مايىل قىلىنىدىغان ھەر قانداق نەرسىگە دىلى مايىل بولىدۇ. نېمىگە ئۆگىتىلسە شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ چوڭ بولىدۇ. ياخشىلىققا ئۆگىتىلسە ياخشىلىق ئۈستىدە چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاتا ـ ئانىسى، تەربىيىلىگۈچىسى ئىككى ئالەمدە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ناۋادا، ئۇ يامانلىققا كۆندۈرۈلسە، ئۇنىڭ تەربىيەسىگە سەل قارالسا، ئۇ يامان تەبىئەتلىك ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنى تەربىيىلىگەنلەر جاۋابكار بولىدۇ. بالا تەربىيىلەش خۇددى دېھقانىنىڭ ئىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن باغۋەن زىرائەت ئارىسىدا ئۈنگەن ياۋا ئوتلارنى ۋە تىكەنلەرنى يولۇپ ئېلىۋېتىدۇ».

## باللارغا ياخشى ئۈلگە بولۇش كېرەك

ياخشى ئىشلاردا باللارغا ئۈلگە بولۇش ئۇلارنىڭ قەلبىدە ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە. بالا كۆپ ھاللاردا ئاتا ـ ئانىسىنى دورايدۇ. ھەتتا

ئاتا - ئانا بالىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىرلەرنى قالدۇرالايدۇ. شۇڭا باللارغا كامالىغا يەتكەن گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەڭ ئېسىل كەيپىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. باللار ئالدىدا بىراۋغا ئىغىزنى بۇزۇش، غەيۋەت قىلىش، يالغان سۆزلەش بەكمۇ ئەيىب ئىشتۇر. كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇلار باللارنىڭ سەزگۈسىنى ۋە ئەقلىنى تولىمۇ ئاددى چاغلايدۇ. ئەمەلىيەتتە كىچىك باللار ئاتا - ئانىلار تەسەۋۋۇر قىلغانىدىنمۇ بەك سەزگۈر ۋە ئەقىللىقتۇر. بىراۋنىڭ ئۆزى يالغان سۆزلەپ تۇرۇپ، باللىرىنى يالغان سۆزلەشتىن توسقىنى، ئۆزى يامان ئىش قىلىپ تۇرۇپ باللىرىنى يامان ئىشلاردىن توسقىنى پايدىسىزدۇر. چۈنكى باللار ئۆچۈن تەسىر قىلىدىغان نەرسە ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزلىرى ۋە بارلىق ھەرىكەتلىرىدۇر. ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ۋەز- نەسىھەت ۋە تەلىم - تەربىيە ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى﴿ وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا ﴾يەنى ﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرىغىن ۋە ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولغىن﴾[1] دەپ بۇيرىغان. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ باشقىلارنى ئوقۇشقا بۇيرىغان بولسا ئىدى، ئاللاھنىڭ ناماز ئوقۇش بۇيرىقى ئەمەلگە ئاشمىغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى پايدىسىز بولۇپ قالغان بولاتتى. مانا بۇ، ئۈنۈملۈك تەربىيەنىڭ بىرىنچى ئاساسىدۇر.

ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاتا -

---

(1) تاھا سۈرىسى132-ئايەت

ئانىلارغا بالىلىرىنى راستچىل، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەش بۇرجىنى ھەمىشە يادلاندۇراتتى. ئابدۇللا ئىبنى ئاس ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكى بىر قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيدە ئىدى، ئانام مېنى چاقىرىپ: «بۇ ياققا كەل! ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن»دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامدىن «سىز نېمە بەرمەكچى؟»دەپ سورىدى. بۇ ۋاقىتتا ئانام «خورما بىرەي دەۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەگەر بەرمىسىڭىز، سىزگە بىر قېتىملىق يالغان ئېيتقانىنىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ» دېدى. بۇ قىسسىدە ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى راستچىللىقى مۇقەددەس بىلىدىغان، يالغانچىلىقتىن نەپرەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئىشلارغا سەل قاراپ يول قويسا، بالىلار چوڭ بولغانلىرىدا يالغان ئېيتىشنى كىچىك ئىش دەپ بىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ-دە، ئەخلاقىي جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشتىن ئىككىلەنمەيدىغان بولىدۇ.

## نەسىھەت قىلىشقا مۇناسىپ ۋاقىت تاللاش لازىم

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا نەسىھەت قىلماقچى بولغاندا چوقۇم مۇۋاپىق ۋاقىتنى تاللىشى لازىم. چۈنكى مۇۋاپىق پۇرسەتتە قىلىنغان تەربىيە بالىغا بېسىم ۋە زېرىكىش تۇيۇلماستىن، نەق قەلبىگە بارىدۇ. بالىلارغا دوستلىرىنىڭ ئالدىدا، روھىي ـ كەيپىياتى ياخشى بولمىغان ۋاقىتتا نەسىھەت قىلمىغان ياخشى. نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ۋاقىت سەيلى ـ ساياھەت قىلغان، داستىخانغا ئولتۇرغان ۋاقىتلاردۇر.

## بالىلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى

بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىپ بىرىنى يەنە بىرىدىن

ئۇستىن كۆرۈش ياكى مېھرىنى، ياخشىلىقنى بىرىگە ئالاھىدە قىلىش ھەقسىزلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەقسىزلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. باللار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك زىيانلىرى كۆپتۇر. دۇنيادا باللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىققا تەسىر يېتىدۇ، ئارىسىدا بىر - بىرىنى كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. مۇنداق كىشى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

## مىراستا باللار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقى

مىراس مەسىلىسىنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزى بېۋاستە بەلگىلەپ، كىمنىڭ قانچىلىك ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزى ياقتۇرىدىغان باللىرىغا مىراستىن كۆپرەك بېرىشى ياكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان باللىرىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىشى ياكى شۇنداق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇشى ئاللاھ توسقان ھارام ئىشنى قىلغانلىق بولۇپلا قالماستىن، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىگە قارشى چىقىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانلىقتۇر. شۇڭا مۇنداق ھەقسىزلىقنىڭ گۇناھى ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام قانۇنىدا، ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئالىدىغان مىراسى ھەققىدە قالدۇرغان ۋەسىيتى بىكاردۇر. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىنمايدۇ. ئەمما ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان شەكىلدىكى باشقا ماۋزۇدىكى ۋەسىيەتلىرى بولسا يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا مىراس قانۇنى ھەققىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:﴿ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ لَا تَدْرُونَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ لَكُمْ نَفْعًا فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴾يەنى ﴿ئاتا - ئاناڭلار ۋە باللىرىڭلاردىن قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار ئاللاھ

تەرىپىدىن بىكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

## باللارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن رەھىم-شەپقەت تۇرلىرىدە ئىنسانىيەتكە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغىنىدەك، باللارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشتىمۇ ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەقرەئ ئىبنى ھابىس دېگەن كىشى بىلەن ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ باغرىغا باسىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەقرەئ ئىبنى ھابىس بۇ ئىشقا ھەيرانلىقىنى ئىپادىلەپ :"مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم" دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ تاش يۈرەكلىكىگە ئەجەبلىنىپ: «رەھىم-شەپقەت قىلمايدىغانلار رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ»[2] دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك باللارغا بولغان رەھىم-شەپقىتى شۇنچىلىك چوڭ ۋە كۈچلۈك ئىدىكى، ھەتتا نامازنى باشلاپ، ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، «ئانىلىرى بىلەن مەسجىدكە كەلگەن كىچىك باللارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قېلىپ، نامازنى قىسقا ئوقۇدۇم»[3] دەيتتى. بۇ بىر تەرەپتىن باللارغا ئىچ

---

(1) نىسا سۈرىسى 11 - ئايەت

(2) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى

(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئـاغرىتىش يەنە بىـر تەرەپـتىن ئايـاللارنىمۇ مەسـجىدلەرگە ھـازىر بولۇشـقا تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام بىــر كــۈنى نەۋرىلىرىنــى ســۆيۈپ باغرىغــا بېســۋاتقاندا، ســەھرالىق ئەرەبلەردىــن بىــرى، ســاھابىلاردىن:" ســىلەردە بــاللارنى ســۆيۈش ئــادىتى بــارمۇ؟" دەپ ســوراپ قالــدۇ. بــۇ ســۆزنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمگە ئېچىنىــپ: «ئـاللاھ سېنىڭ قەلبىڭــدىن رەھــم-شــەپقەتنى تارتىۋالغــان تۇرســا، مەن ئەمــدى نــېمە قىلالايمەن»[1] دەيدۇ.

بــاللارنى چىرايلىــق كيىنــدۈرۈپ، قورســىقىنى ياخشــى تويغــۇزۇپ باققانلىق ئۇلارغـا رەھـم-شـەپقەت قىلغانلىققا ياتمايـدۇ. بەلكـى ئـۇلارنى كېلىچەكـتە ئەلـگە پايـدىلىق ياخشـى ئـادەم قىلىــپ تەربىــيلەش يولــدا كۆيۈمچـــانلىق كۆرســـىتىش، ئۇلارنىـــڭ ئەقلىغـــا چۈشـــۈپ تـــۇرۇپ مۇشـكۇللىرىنى بىـرگە ھەل قىلىـش، ئـۇلارنى ئۇرماسـتىن، خارلىماسـتىن ياخشـــى ۋە ئۈلگىلىـــك مۇئـــامىلە قىلىـــش رەھـــم-شـــەپقەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بالىلىرىغــا قــاتتىق قوللــۇق قىلىــش، ئۇلارنىــڭ دەردىــگە قــولاق سالماسـلىق، پىكىرلىرىنــى ئاڭلىماسـلىق، كــۆڭلىنى چۈشەنمەسـلىك، باغرىغـا بېسـىپ، پېشانىسـگە سـۆيۈپ كـۆڭلىنى ئالماسـلىق قاتـارلىق بىـر يــۈرۈش ســەلبىي مۇئــامىلىلەر رەھــم-شــەپقەتنى بىلمەيــدىغانلارنىڭ قىلىقىدۇر.

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

بالىلار ھاياتىلىقىنىڭ زىننىتى، كۆڭۈلنىڭ شادلىقىدۇر. بالىسى يوق كىشىلەر يېتىملەرنى بېقىپ، بېشىنى سىلاپ، قاتارغا قوشۇش ئارقىلىق جەننەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن بىلەن يېتىمنى باققان ئادەم جەننەتتە خۇددى مۇشۇنداقمىز»[1]، دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆي، ئۇنىڭدا يېتىم بولۇپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىنغان ئۆي، ئەڭ يامان ئۆي ئۇنىڭدا يېتىم بولۇپ، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىنغان ئۆيدۇر»[2] دېگەن.

**نەسەبنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكى**

بىر ئادەمنىڭ نەسەبى ئۇنىڭ كىملىكىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ نەسەبىنى قوغداشقا زور ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن باشقا بىرىنىڭ بالىسىنى ئۇنىڭ نەسەبىنى ئۆزگەرتىپ، نامىنى ئۆزگەرتىپ بېقىۋېلىشنى مەنئى قىلغان. ئەمما بىراۋ بىر بالىنى بېقىۋالماقچى بولسا، ئۇنى ئۆز ئاتىسىنىڭ نامى ۋە نەسەبى بىلەن ئاتىشى شەرت قىلىندۇ. شۇنىڭدەك، يېتىم بالىلارنى ياكى يولغا تاشلىۋېتىلگەن ئىگىسى يوق بالىلارنى ياكى يېتىمخانىلاردىكى ئىگىسىز بالىلارنى بېقىۋېلىپ، تەربىيىلەپ، ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئەلۋەتتە تولۇق بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن

---

(1) بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

يېتىمنى باققان كىشى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداقمىز»[1] دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەنلىكىمۇ ئەنە ئاشۇ مۇكاپاتنىڭ بېشارىتىدۇر.

## ئاتىنىڭ ئۆز بالىسىغا تېنىشى دۇرۇس ئەمەس

بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ نىكاھىدا بولغان ئايالى تۇغقان بالىنى «مېنىڭ بالام ئەمەس» دەپ ئالدىراپ تېنىۋېلىشى توغرا ئەمەس. ئايالنى قارىلاشقا يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتى بولماستىن، بالىسىدىن تانغان ئادەم گۇناھكار ئادەمدۇر. ئەگەر ئايالنى «بۇ بالىنى باشقىسىدىن تاپقان» دەپ قارىلىماقچى بولسا، ئايالنى قارىلاش ئۈچۈن دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈشى شەرت. ئەمما پاكىتسىز ھالدا ئايالنى قارىلاپ يۈرگەن بولسا، بۇ مەسىلە يۇرت-جامائەتنىڭ ئالدىدا، (ئىسلام شەرىئىتى تەتبىق قىلىنىدىغان مەملىكەتلەردە بولسا، مەھكىمە شەرئىيدە)، ئەر-ئايال«لەنەتلىشىش» ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەر- ئايال ئىككىسى ئايرىۋېتىلىدۇ ۋە بالا ئانىسىغا بېرىلىدۇ.

«لەنەتلىشىش» دېگەن قانداق بولىدۇ؟

«لەنەتلىشىش» ئۇسۇلىنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ وَالَّذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُمْ شُهَدَاءُ إِلَّا أَنْفُسُهُمْ فَشَهَادَةُ أَحَدِهِمْ أَرْبَعُ شَهَادَاتٍ بِاللَّهِ إِنَّهُ لَمِنَ الصَّادِقِينَ. وَالْخَامِسَةُ أَنَّ لَعْنَةَ اللَّهِ عَلَيْهِ إِنْ كَانَ مِنَ الْكَاذِبِينَ. وَيَدْرَأُ عَنْهَا الْعَذَابَ أَنْ تَشْهَدَ أَرْبَعَ شَهَادَاتٍ بِاللَّهِ إِنَّهُ لَمِنَ الْكَاذِبِينَ. وَالْخَامِسَةَ أَنَّ غَضَبَ اللَّهِ عَلَيْهَا إِنْ كَانَ مِنَ الصَّادِقِينَ ﴾ يەنى ﴿ئاياللىرىنى زىنا

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان ھەدىس

بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن، بەشىنچى قېتىمدا: ‹ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن› دېسۇن، ئايالنىڭ ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلىپ، بەشىنچى قېتىمدا: ‹ئەگەر ئېرىم راستچىللاردىن بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى بولسۇن› دېسە، جازاغا تارتىلمايدۇ.»[1]

ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئاجىزلاشقا، ئەخلاقى بۇزۇلغان، دۇنيالىق مەنپەئەتلەر ئاخىرەتلىك ساۋابنى بېسىپ چۈشۈۋاتقان ھازىرقى زاماندا ئۇلارنىڭ قەسەملىرىگە ئىشىنىپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. ھازىر تېببىي تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، بالىنىڭ دادىسىغا تەۋە ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئىشى ئاسانلىشىپ قالدى. مەسىلەن: دادا- بالا ھەر ئىككىسىدىن ئانالىز (DNA) ئېلىش ئارقىلىق بالىنىڭ ئۇنىڭغا تەۋە ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

(1) نۇر سۈرىسى 6 - 9 - ئايەتلەر

# ئاتا ـ بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئاتا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

1. باللارغا ئىسلامىي ئىسىملارنى قويۇش

باللارنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇشتا ئىسلامىي گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش كېرەك. ئەجەپلىنەرلىككى، كۆنىمىزدىكى بەزى مۇسۇلمانلار ئىسلامىي ۋە مىللىي گۈزەل ئىسىملارنى قايرىپ قويۇپ، باللىرىغا مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇۋالىدۇ. بەزىلەر، تېلېۋىزىيەدىن ئاڭلىغانلىكى ئىسىملارنى ئۆزلىرى ئۇچۇن پەخىر بىلىپ باللىرىغا قويۇۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئوخشىتىۋالغانىنىڭ سىرتىدا، ئىسىم قويۇشتىمۇ مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى دورىۋالغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى باشقا قەۋملەرگە (يەنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە) ئۆزىنى ئوخشىتىۋالىدىكەن، ئۇ، شۇقەۋملەردىن بولۇپ كېتىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسىنى ئېسىگىمۇ ئالمايدۇ.

بىز ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ بىر دىنغا مەنسۇپ بولغان بەختلىك مىللەتمىز. بىزنىڭ دىنىمىز ئەڭ كامىل دىن. بۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن دىنىمىزغا ئەگىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنىمىز بويىچە ئىش كۆرىشىمىز لازىم. ئىسلامىي ئىسىملار بىلەن باللىرىمىزنى ئاتاش بىز ئۇچۇن شەرەپ ھەم پەخىردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئاتىنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ھەقلىرىدىن بىرى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ياخشى تاللاش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش» دەپ كۆرسەتكەن[1].

2. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن سەدىقە قىلىش

ئىسلامىي ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈش، ئوغۇل بولسا ئىككى قوي، قىز بولسا بىر قوينى سويۇپ، پېقىرلارغا سەدىقە قىلىشتۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەرزەنت ئاتا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نېمىتىگە شۈكۈر ئادا قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. بۇنداق قىلغان كىشى بىر سۈننەت ئىشنى ئادا قىلغانلىقنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. قىلالمىغان تەقدىردە ھېچ گۇناھكار بولمايدۇ.

3. بالىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش

بالىلارنىڭ ئاتىلارغا ئىتائەت قىلىشى ۋە سۆزىگە كىرىشى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ۋە شەپقىتىنى بېغىشلىشى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىشى كېرەك. بالىلارغا ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئاچچىقلىماسلىق، ئۇلارغا كەمچىلىكلىرىنى تونۇتۇشتا، مۇناسىپ ئورۇندا بىرگە يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ئاندىن كەمچىلىكلىرىنى سىلىق، مەنتىقلىق ئۇسۇلدا ئېيتىپ بېرىپ، ئاندىن توغرا نەسىھەت قىلىش، تەربىيە كۆرگەن ئاتا ـ ئانىلارغا خاس ئالىيجانابلىقتۇر.

(1) بەيھەقىي رىۋايىتى

## 4. باللارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش

باللار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش كېرەك. بىرىنى بىرىدىن ئارتۇق كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە شەپقەت ئىزھار قىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنى رەنجىتمەسلىك لازىم. باللارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلماسلىق ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىر بېرىدۇ. ئاتا ـ ئانىغىمۇ بۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە كەلمەيدۇ. بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىمۇ گۇناھ سانىلىدىغان يامان ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، يېنىغا ئۇنىڭ ئوغلى كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ قىزى كەلگەن ئىدى، ئۇنى سۆيمەيلا يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئادەمگە، «سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلمىدىڭ!» دېدى»

## 5. باللارغا بەددۇئا قىلماسلىق(1)

باللار ھەققىدە بەددۇئا قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە يامان ئىشتۇر. بولۇپمۇ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ ئاز ـ تولا نادانلىقلىرىغا ئاچچىقلانغانلىقتىن ئۆزلىرىنى تۇتالماي، ئېغىزلىرىنى قويۇۋېتىشكە ئالدىرايدۇ، باللىرىغا بەددۇئا قىلىدۇ، ئۇلارنى ھاقارەتلەپ سۆكىدۇ. بۇ ئىسلام نەزەرىدە خاتا ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق

---

(1) يەنى ئۇلارنى قارغىماسلىق

دەپ كۆرسەتكەن: «ئۆزۈڭلارنىڭ، ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ۋە ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھنىڭ نېمە سورالسا بېرىدىغان بىر سائىتى بار، سىلەرنىڭ بەددۇئايىڭلار شۇ سائەتكە ئۇدۇل كېلىپ قالمىسۇن»[1].

6. بالىلارنى ئەپۇ قىلىش

بالىلارنىڭ تەنتەكلىكىنى ۋە قوپال مۇئامىلىلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئاتا ـ ئانىلارغا خاس ئالىيجانابلىق ۋە كەڭ قورساقلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «باشقىلارغا رەھىم قىلمىغانلارغا رەھىم قىلىنمايدۇ»[2].

(1) مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

# باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى

باللارنىڭ ئۈستىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەلۇم ھەق ـ ھوقۇقلىرى بولغىنىدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىمۇ باللارغا ئائىت مەلۇم ھەقلەر باردۇر. ئاتا ـ ئانىلار بۇ ھەقلەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئۈستىدىكى بۇ ھەقلەردىن مەسئۇلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەممىڭلار خۇددى چوپانغا ئوخشاش مەسئۇلىيەت ئىگىسىسىلەر، ھەركىم ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن مەسئۇلدۇر»[1].

يەنى مەيلى ئاتا ـ ئانا بولسۇن، مەيلى دۆلەت باشلىقى بولسۇن، ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولغان كىشى، خۇددى پادا باقىدىغان چوپان قول ئاستىدىكى پادىلىرىدىن مەسئۇل بولغاندەك، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن مەسئۇلدۇر. ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى زايا قىلىۋېتىش بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

## باللارنىڭ ئانىسىنى تاللاش

بۇ ماۋزۇ ئاتىلارغا خاس بولۇپ، باللارنىڭ ئالىيجاناپ، ئېسىل، پەزىلەتلىك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، ئاتىلارنىڭ كېلەچەكتە

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

باللىرىنىڭ ئانىلىرى بولىدىغان ئاياللارنى دىيانەت ۋە ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، ياخشى تاللىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «نەسلىڭلار ئۈچۈن ياخشى ئاياللارنى تاللاڭلار، ھەقىقەتەن، ئاياللار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئوخشاشلىرىنى تۇغىدۇ»[1].

يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئارقىلىق شۇنى ئۇچۇقلايدۇكى، دىنغا، جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق، ياخشى نەسىل يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، شۇ نەسلىگە ئانا بولغۇچى ئايالنى ياخشى تاللاپ، ئىلغاشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭدۇر. چۈنكى نەسىللەر ئانا تەرىپىنىمۇ قىسمەن دورايدۇ. ئانا تەرىپىنىڭ ئېسىل، دىيانەتلىك ياخشى بولىشى، ئۇنىڭ باللىرىنىڭمۇ شۇنداق بولىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ئەگەر ئانا تەرىپى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، تۇغۇلغان باللارمۇ كۆپ ھاللاردا شۇلارغا ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا مەدەنلەرگە ئوخشاشتۇر، جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى ئەگەر ئالىم بولسا ئىسلام دىنىدىمۇ ياخشى بولىدۇ»

يەنى ئىنسانلار ياخشى بولۇش ۋە يامان بولۇشتا، خۇددى مەدەنلەرگە ئوخشاشتۇر، مەدەنلەرمۇ بىر خىل بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇقىرىسى ئالماس ۋە ئالتۇندىن باشلاپ تۆۋىنى كۆمۈرگە قەدەر ھەرخىل مەدەنلەر بار. ئادەملەرمۇ شۇنداقتۇر. ئىنسانلار ئارىسىدا بىر دۆۋە ئالتۇنغا تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان، قەدىر ـ قىممەتلىك زاتلارمۇ بار بولغىنىدەك،

(1) ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى

ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىنى يوقاتقانلىقتىن، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، پەقەت ئادەم سۈرىتىدىلا يەپ ـ ئىچىپ يۈرۈشنى بىلىدىغان ئىنسانلارمۇ باردۇر.

تەلىم ـ تەربىيە كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزگەرتەلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشتىن ئاجىزدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ خۇي ـ پەيلى، مىجەز ـ خاراكتېرى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر نەرسە، ئۇ ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ. تېگى ـ تەكتىدە ناچارلىق بولغان كىشىلەر قانچىلىك تەلىم ـ تەربىيە ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئەسلىنىڭ بەزى تەسىرلىرىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەندەك، تېگى ـ تەكتىدىن ياخشى بولغان، ئېسىل كىشىلەرنىڭ باللىرىمۇ، شۇ ياخشىلىقنىڭ تەسىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرىدۇ. بۇ يەردىكى "تېگى ـ تەكتى ياخشى" كىشىلەردىن مەقسەت، ئەجدادلىرىدىن باشلاپ ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، دىيانەتلىك، ئادالەتلىك ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەر دېمەكتۇر. ئېسىللىك، ياخشىلىق پەقەت دىيانەت بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ. بىراۋنىڭ دىيانىتى بولماستىن، قانچىلىك ئېسىل، شەرەپلىك ئائىلە بولۇپ كەتسۇن، بەربىر ئۇ، ياخشى قاتارغا كىرەلمەيدۇ. شۇڭا ھەرقانداق كىشى نەسىل يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىگە جۈپ تاللاشتا ياخشى، دىيانەتلىك ئايالنى تاللىشى، ئاياللارمۇ كېلەچەكتىكى باللىرىنىڭ ئاتىسى بولىدىغان جۈرىسىنى دىيانەت بىلەن ئەخلاقنى ئاساس قىلغان ھالدا، ياخشى تاللىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

## باللارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش

باللارغا گۈزەل ـ چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇش ئالاھىدە كۆڭۈل

بوۋاقلىشىۋاتقانلىق ئىشلىتىشقا. ئىسلام دىنىنى ھاياتلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كامىل بىر دىن بولغانلىقتىن، ئۇ، بۇ ماۋزۇدىمۇ ئىنسانلارغا بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىشنى ئۇنۇتمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارغا چىرايلىق، گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر قىيامەت كۈنىدە ئىسمىڭلار بىلەن چاقىرىلىسىلەر، شۇڭا باللىرىڭلارغا چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇشنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇ ھەمىشە، يېقىمسىز، سەت ئىسىملارنى گۈزەل، يېقىملىق ئىسىملارغا ئۆزگەرتىپ قوياتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئاسىيە» ئىسىملىك قىزىنىڭ ئىسمىنى «جەمىلە» دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. يەنە بىر قېتىم بىر ساھابىنىڭ «ئاسى» دېگەن ئىسمىنى «ئەزىز» دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتىۋەتكەن.

## ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش

ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش پۈتۈن ساماۋىي دىنلاردا بۇيرۇلۇپ كەلگەن بىر ھۆكۈمدۇر. يەھۇدىي دىنىدىكىلەر ـ گەرچە ئەسلىدىكى يەھۇدىي دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ــ ھازىرمۇ ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئەمما خرىستىئانلار گەرچە ئۆز ۋاقتىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە تەۋسىيەلىرى بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي كەلمەكتە.

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرىدۇر.

## بالىلارنى بېقىش

ئاتىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بالىلارنى بېقىش پەرزدۇر. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىدىن چىقىش پەقەت ئاتىنىڭ ئۈستىگىلا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئاتا بولغان كىشى ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا نەپىقە(چىقىم) قىلىش ئارقىلىق ئائىلىسىنى تەمىن ئېتىدۇ. ئائىلىنىڭ نەپىقىسى سىلە - رەھىم قىلىش، سەدىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ياخشىلىقلاردىن ئەھمىيەتلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلە نەپىقىسىنىڭ ئاداقىلىنىشتا - ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئائىلەڭدىن باشلىغىن، بالا مېنى كىمگە تاشلاپ قويىسەن، ماڭا ئاش - نان بەرگىن! دەيدۇ»[1].

بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتا بولغان ئادەم ھەرقانداق ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆز ئەھلىگە قىلىشى، ئاندىن كېيىن باشقىلارغا قىلىشى كېرەك. ئائىلىسىدىكىلەر قىيىنچىلىقتا تۇرغان ۋاقىتتا باشقىلارغا ياردەم قىلاتتىم دېمەستىن، ئاۋۋال ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى ئەڭ مۇھىمدۇر.

بالىلىرىنى ياخشى باقماي، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى زايا قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ.چۈنكى بالىلارنىڭ ھال -

(1) بۇخارى راۋايىتى

ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماي، ئۇلارنى ئۆز ھاللىرىغا تاشلىۋېتىش ئەڭ ئېغىر گۇناھى كەبىرىلەردىن سانىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلماي، زايا قىلىۋېتىشى، ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر»[1].

## باللارنى تەربىيىلەش

ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنى، ئۆزىنىڭ يەرشارىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشىدا ئۆزىدىن خەلىپە (ئورۇن باسار) قىلىپ ياراتتى. دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى پەقەت ئىنسانلار بىلەن بولىدۇ. ئىنسانلار پۈتۈن كائىناتنىڭ خوجايىنى. شۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىنسان نەسلىنىڭ ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىشى پەقەت بىر ئەر، بىر ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاساستىن قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە. ئائىلە ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىپتىدائى مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ مەسئۇل مۇئەللىملىرى ئاتا بىلەن ئانا ئىككىسىدۇر. ئىنساننىڭ جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق بولۇپ يېتىلىپ چىقىشى، پەقەت ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى تۇنجى قېتىم ئالغان تەلىم ـ تەربىيەسىگە باغلىقتۇر. شۇڭا ئائىلە تەربىيەسى ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

باللارنى كىچىكىدىن ئىمان ئىسلام ئۆگىتىپ ۋە ياخشى ـ يامانىنى

---

(1) ئەبۇ داۋۇت راۋايىتى

بىلىدۇرۇپ، راست سۆزلەيدىغان ۋە توغرا ئىش قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇستىدىكى پەزەنت ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئاتا - ئانىلار ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىرى شۇكى، باللار ئالدىدا ئەخلاق - پەزىلەتكە نوقسان يەتكۈزىدىغان ئەڭ ئاددى ئىشلارنىمۇ قىلىپ سالماسلىقى ۋە يالغان سۆز قىلماسلىقى لازىم. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر باللىرىنىڭ كۆزىدە تاماكا، ھاراق ۋە باشقىمۇ ئەخلاققا تەسىر يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ھېچ ھەزەر قىلىشمايدۇ. بەزىلەر باللىرى ئالدىدا يالغان سۆز قىلىدۇ. ئاددىسى، بىراۋ ئۇلارنىڭ بىرىنى ئىزدەپ كېلىپ، ئىشكنى قاقسا، باللىرىغا: «مېنى ئۆيدە يوق دەڭلار» دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن يالغانلارنى ھېچبىر ئېھتىيات قىلماستىن سۆزلەيدۇ. يۇقىرىقى يامان ئىشلار ئاتا - ئانىلارغا نىسبەتەن ئاددى ۋە ھېچ ۋەقەسى يوقتەكلا كۆرۈنگەن بىلەن باللارغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ تەربىيەسىدە كۆپلىگەن سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى باللار ئاتا - ئانىلارنىڭ پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى دورايدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى يالغان سۆزلەپ، ئۆزلىرى يامان ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ باللىرىنى راست سۆزلەشكە ۋە ياخشى، توغرا ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇغانلىقلىرى پايدىسىز ۋە ئۈنۈمسىز ئىشتۇر.

كىچىك باللار ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن ئىشلارنى ئاتا - ئانىسىغا قاراپ ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەخلاقى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلايدۇ. كىچىك باللار يۇمران كۆچەتكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدا خالىغان رەۋىشتە تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ. مانا بۇ ۋاقىت،

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئۆزلىرى خالىغان بويىچە يېتىشتۈرۈپ چىقىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەتتۇر. باللىرىنى كىچىكىدىن ئوبدان تەربىيىلىمەي، ئۇلارنى خالىغانچە يامان ئەخلاقلارغا كۆندۈرۈپ قويۇپ، كېيىن ئۇلار چوڭ بولغاندا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە كىرمىسە، ئۇلارنى قارغاپ قاخشىغان ئاتا ـ ئانىلار كەمچىلىكنى ئۆزلىرىدىن كۆرۈشى لازىم. چۈنكى ئۇلار باللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئىقتىدارىغا ۋە پۇرسەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى. بۇنداق ئىكەن، كەمچىلىك كىمدە؟ تەبىئىيكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزىدە! ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى راستچىللىققا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بۇنداق تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى يوقتۇر. باللارنى ياخشى تەربىيلەشتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ھەرىكەتلىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. باللارغا يۇقىرىسى ئىماندىن باشلاپ، تۆۋىنى ئۆيگە كىرىشتە ئىشىكنى قېقىپ، ئىزنى سوراپ كىرىشكە قەدەر بولغان پۈتۈن ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر.

باللارنى كىچىكىدىن ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈشمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾يەنى ﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن ۋە

ئۆزلۈكمۇ ئۇنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولغىن﴾[1]

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە ئۇممىتىنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇشقا ۋە ئۇنىمۇ نامازنى چىداملىق بىلەن ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇئايەتتىن شۇنى بىلىۋېلىشىمىزغا بولىدۇكى، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇغان ئادەم، شۇ ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆزى قىلىشى؛ يامان ئىشلاردىن توسقان ئادەم، ئاۋۋال ئۆزى ئۇنىڭدىن قول ئۈزىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى سۆزىگە مۇۋاپىق كەلگەن بولىدۇ. ئەمەلىيىتى سۆزىگە مۇۋاپىق كەلگەن كىشىنىڭ قىلغان تەربىيەسى ئۈنۈملۈك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «باللىرىڭلارنى ئۇلار يەتتە يېشىغا كىرىشى بىلەن نامازغا بۇيرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ئۇلارنى نامازغا كۆندۈرۈش يۈزىسىدىن يېنىك ئۇرۇڭلار ، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىڭلار»[2].

بۇ ھەدىستىن كىچىك باللارنى ئۇلار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇنلا ناماز ئوقۇشقا ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە كۆندۈرۈشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز. چۈنكى ئىسلام دىنىدا نامازدىن باشقا ئىش ئۈچۈن باللارنى ئۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسىدىكى: «ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار» دېگەن سۆزى ئارقىلىق بىز تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان بىر يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىزغا كۆزىمىزنى ئاچماقتا. ئۇ

(1) تاھا سۈرىسى132-ئايەت

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

بولسىمۇ قىز ـ ئوغۇللارنى بىر ئۆيدە ياتقۇزۇشنىڭ خەتىرىدۇر. بولۇپمۇ، كۆپ ساندىكى ئۆيغۇرلاردا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىلمەي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ئوغۇل ـ قىزلارنى ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن ياشلىرىدىمۇ بىر ئۆيدە ياتقۇزۇش بولۇپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئوبدان بىلىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان بىر زات تەرىپىدىن كەلگەن ۋە مۇكەممەل قانۇن ـ پرىنسىپقا ئىگە بىر دىندۇر. ئىنسان شۇنداق ئاجايىپ يارىتىلغان بىر مەۋجۇداتكى، ئۇنىڭدا پەرىشتىلەردە بولىدىغان روھانىيلىق ۋە ئىبلىس پەزىلەتمۇ بار؛ ئۇنىڭدا ھايۋانلاردا بولىدىغان شەھۋانى كۈچمۇ بار. شۇڭا ئىنساننىڭ روھانىيلىقى ۋە پەزىلىتى ئۇنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋاقىتدا، بۇنداق ئىنسان پەرىشتىلەر بىلەن تەڭ، بەلكى پەرىشتىلەردىنمۇ يۇقىرى پەزىلەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى ۋە شەھۋانىي كۈچى ئۇنىڭ روھانىيلىقىغا ۋە ئەقلىگە غالىپ كېلىپ قالسا ، بۇنداق ئىنسان ھايۋانلارغا ئوخشاش، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ئەسىر بولغانلارنى: «ئۇلار ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇنلاردۇر» دەپ سۈپەتلەيدۇ. بىرەر ھاياسىزلىقنى كۆرسەك ئۇنى: «ھايۋانىي قىلىق» دەيمىز. ئەمەلىيەتتە بىز، بۇ سۆزىمىزدە ھايۋانلارغا ناھەق ھاقارەت قىلغان بولىمىز. چۈنكى بەزى ئىنسانلار قىلغان ئىشلارنى ھايۋانلارمۇ قىلمايدۇ. مەسىلەن: ئەركەك ھايۋان بوغاز بولۇپ قالغان چىشى ھايۋانغا ئېتىلمايدۇ. بەلكى ھەۋىسىنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرۇپ بۇ ئىشتىن يانىدۇ. ئەمما

ئىنسانلارچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ئەقىل ئىدراكقا، ۋىجدان — غۇرۇرغا ئىگە بىر مەۋجۇدات، ھايۋان بولسا، نە ئەقىل - ئىدراكتىن، نە ۋىجدان - غۇرۇردىن مەھرۇم ھايۋان!

ئىنسان ئەقىل - پاراسەتكە، ۋىجدان - غۇرۇرغا ئىگە بولغان ئىبىل مەۋجۇدات بولسىمۇ، ئۇنىڭ دىيانىتى ۋە ئەخلاقى ناچار، ياكى يوق بولسا، ئۇ، ھايۋاندىن بەتتەر ئىشلارنى قىلىشتىن ھېچ ئۆكۈنمەيدۇ. 10 ياشتىكى باللار بۇرۇنقى ئەسىرلەردە جىنسىي ھەۋەسنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ھازىرقى كۈندە ئۇلار 7 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ئۇنى بىلىپ بولىدۇ. ئۇلار تېلېۋىزوردىن بېرىلىۋاتقان چەتئەل فىلىملىرىكى ئەدەپسىز، ھاياسىز ھەرىكەتلەرنى كۆرۈپ، ئۆسۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ جىنسىي قابىلىيىتى يېتىلىشتىن بۇرۇنلا، ئۇلارنىڭ جىنسىي ئىشلارغا بولغان ئەقلىي جەھەتتىكى قابىلىيىتى ۋە پىكرى ئەلۋەتتە يېتىلىپ بولىدۇ. شۇڭا، ئوغۇل باللار بىلەن قىز باللارنىڭ ياتىدىغان جايلىرىنى ئۇلار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇنلا ئايرىۋېتىش، بالاغەتكە يەتكەن ۋە يېتىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ياشلىرىدا، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىش — ئوغۇللارنى ئايرىم ئۆيدە، قىزلارنى ئايرىم ئۆيدە ياتقۇزۇش ناھايىتى زۆرۈردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىستىكى كۆرسەتمىسىنىڭ روھى مانا مۇشۇ.

قىش كۈنلىرىدىكى سوغۇقنى — ھەممىلا ئۆينى ئىسسىتالماسلىقنى باھانە قىلىپ، ئاتا - ئانا، ئوغۇل - قىز ھەممىسى بىر ئۆيدە يېتىۋېلىش ئىسلام ئەخلاقىغا ۋە پىرىنسىپىغا دۇرۇس كەلمەيدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئاز، ئۆزلىرىنىڭ چارىسىز ئىكەنلىكىنى ئۆزرە قىلىپ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنداق ئۆزرىمۇ قوبۇل ئەمەس. چۈنكى كىشى قانچىلىك كەمبەغەل، قانچىلىك چارىسىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ،

ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشنىلا نىيەت قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿ وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجًا﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن ، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾ دەيدۇ[1].

كىشىلەردە دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا ئازراق بولسىمۇ ھىممەت بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار قىلالايدۇ. كەمبەغەللىك، كېسەللىك، چارىسىزلىك ۋە باشقىمۇ سەۋەبلەر ئۇنىڭغا توسقۇن بولالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇغان ئەمەس. كىچىكلەرنىڭ جايلىرىنى، چوڭلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋەتمىگەندە، قىز ـ ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ھايا ـ ئەدەپ، ئېپپەت ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىمانى ئاجىزلاشقان، ئەخلاقى ئۆزگەرگەن سەۋەبتىن باللارمۇ دىنىي ۋە مىللىي ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرىدىن تېگىشلىك نېسىۋىلىرىنى ئالالمىغان، تېلېۋىزوردا بېرىلىۋاتقان ئەدەپسىز چەتئەل فىلىملىرىنىڭ مىللىتىمىزگە ئاتا قىلغان «ساخاۋىتى» بىلەن قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىلار بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىمۇ ھايا پەردىلەر ئېچىلىپ كەتىكەن، ھەتتا قىسمەن ئائىلە ئەزالىرى تېلېۋىزوردىكى ئەخلاقسىز جىنسىي فىلىملارغا بىرلىكتە قاراشتىنمۇ ئاستا ـ ئاستا ئويۇلمايدىغان بولۇپ قالغان مۇشۇ كۈنىمىزدە، ئىنسانلىرىمىزدىن ھەممىنى كۈتۈشكە بولىدۇ. قىز ـ ئوغۇللار بالاغەت ياشلىرىغا يېقىنلاشقان چاغلىرىدىمۇ

---

(1) تالاق سۈرىسى 2 ـ ئايەت

ياتاقلىرىنى ئايرىماستىن، ھەممە بىر ئۆيدە ياتقاندا، ئۇلار گەرچە بىر تۇغقان بولسىمۇ يەنىلا ئىنسان بولغاچقا، شەيتانىي ھاۋايى - ھەۋىسى بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىغا بىرقاراپ، ئىككى قاراپ ھۇزۇرلىنىدىغان، ئەگەر ۋىجدانى ئاجىز، ياكى ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭدىن چوڭراقىنىمۇ قىلىدىغان ئىشلارغا بېرىپ يېتىدۇ. ئۇلارنى يامان نىيەتتە بولمايدۇ، دېگەن تەقدىردىمۇ، قىز - ئوغۇل ئارىلىشىپ ياتقاندا، ئۇيقۇنىڭ مەستانىلىكى بىلەن گاھىدا بىرەرسىنىڭ بەدىنى ئېچىلىپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇلار ئۇيقۇدا بىر - بىرىنى تۇتۇپ سالىدۇ... چۈنكى ئۇيقۇ دېگەن يېرىم ئۆلۈمدۇر. ئوخلىغان ئادەم نېمە قىلغىنىنى بىلمەيدۇ. مانا بۇنداق ئىشلار ئەلۋەتتە، بىر تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېپەت - نومۇسقا، ھايا - ئەخلاققا زىيان يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

## باللارنى ئوقۇتۇش

باللارنى قايسى پەنلەردە بولمىسۇن، ئوقۇتۇش ياكى ئۇلارغا تىرىكچىلىكنىڭ كەسىپلىرىدىن بىرەر كەسىپ ئۆگىتىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىندۇر. باللارغا دىنىي بىلىملەردىن ئالدى بىلەن ئىمان ۋە ئىسلامنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ياخشىلىق - يامانلىقنى، ھارام - ھالالنى، ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى ۋە باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش قائىدىلىرىنى بىلگەنگە قەدەر ئوقۇتۇش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرز ئەيىندۇر. ئەمما باللارنى دىنىي ئىلىملەردە بولامدۇ، ياكى پەن بىلىملىرىدە — دوختۇرلۇق، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، پەلسەپە ۋە باشقىلار قاتارلىق پەنلەرنىڭ قايسىبىرىدە ئوقۇتۇپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش پەرز كۇپايە بولۇپ سانىلىدۇ.

پەرز ئەيىن ـ ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزى بىۋاستە ئىجرا قىلىشىغا بۇيرۇلغان كەسكىن ئەمىر دېمەكتۇر. مەسىلەن: بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، جىھاد قىلىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە باشقىلار.

پەرز كۇپايە ـ پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ زىممىسىغا بۇيرۇلغان بولۇپ، بەزىسىنىڭ ئادا قىلىشى بىلەن باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان ئەمىر دېمەكتۇر. مەسىلەن: مېيىت نامىزى ئوقۇش، بىرەر ئىلىم ساھەسىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ۋە باشقىلار.

بۇ ماۋزۇدىكى پەرز كىپايىدىن مەقسەت، مەلۇم بىر مەھەللىدە بىرەر كىشىنىڭ مەلۇم بىر پەننى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا مۇتەخەسسىس بولۇپ چىقىشى بىلەن، شۇ مەھەللىدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىدىكى شۇ پەننى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت پەرز ساقىت بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ پەننى ئوقۇمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ئەگەر شۇ مەھەللىدىن شۇ پەننى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا مۇتەخەسسىس بولىدىغان بىرەر ئادەممۇ چىقمىسا، شۇ مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى پۈتۈن ئىلىم ـ پەنلەرنى ئوقۇش، ئۆگىنىش مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئىسلام دىنى مەدەنىي ۋە ئىلمىي بىر دىندۇر. ئۇ، ئىلىم ـ پەندىن ئايرىلالمايدۇ. بۇدىننى ئىلىم ـ پەندىن ئايرىغۇچىلار، ئەمەلىيەتتە، بۇدىننى ھاياتلىقتىن ئايرىماقچى بولغان يامان نىيەتلىك مەخلۇقلاردۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپ كەلگەن ۋەھيى «ئوقۇ» دېگەن بۇيرۇق رايى بىلەن باشلانغان. بۇ دېمەك، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈشكە باشلىشىنىڭ ئەڭ

دەسلىپىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئوقۇشقا بۇيرىغان دىگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەرقانداق مۇسۇلمانغا پەرزدۇر»[1].

ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقى بولغان ۋە مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن «ئوقۇش، ئۆگىنىش» بۇيرۇقى، دىنىي ئىلىملەرگىلا ياكى مەخسۇس بىرەر پەنگىلا قارىتىلغان بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ ، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئوقۇتماي ياكى ئۇلارغا بىرەر ھۈنەر ئۆگەتمەي ئائىلىنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا، بەزى بىر قىيىنچىلىقلىرىنى باھانە قىلىپ، ئۆزلىرىگە ياردەمچى قىلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. ئۇلار باللىرىنىڭ بۈگۈنىنىلا ئويلىماستىن، ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىشى لازىم. ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش يالغۇز ئاتىنىڭ ۋەزىپىسى. باللىرىنى ۋە ئايالىنى بېقىش ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرزدۇر. بۇ مەسئۇلىيەتكە باللىرىنمۇ قوشۇۋېلىپ ئۇلارنى ئوقۇشتىن ياكى كەسىپ ئۆگىنىشتىن توسۇپ قويغان ھەرقانداق ئاتا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇنداق كىشى باللىرىنىڭ كېلەچىكىنى زايا قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن گۇناھكار بولىدۇ.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

## باللارنىڭ تويلىرىنى قىلىش

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئوغۇللارنى دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ياخشى يەردىن ئۆيلەپ قويۇش، قىزلارنىمۇ دىيانەتلىك ئەخلاقلىق ياخشى يەرلەرگە ياتلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ياكى باللارنىڭ بەزىبىر تەنتەكلىكىدىن نارازى بولغانلىقنى باھا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىش ياكى ياتلىق بولۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا ئىسلام نەزەرىدە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. باللارنىڭ توي ئىشلىرىنى بېجىرىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۇنۇتقان ئاتا ـ ئانىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا پەرزەنت ھەقلىرىنى زايا قىلغانلىق گۇناھى بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

قىز ـ ئوغۇللارنىڭ توي ئىشلىرىنى بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق ئىجرا قىلىش ئىنتايىن ياخشى بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قىز ـ ئوغۇللار تۇرمۇش قۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى يامان ئىشلارغا بېرىلىشتىن تىزگىنلەپ قالالايدۇ. ھەمدە ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قەدرىگە بۇرۇنراق يېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجىر ـ مېھنەتلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

# تەربىيەنىڭ مەسئۇلىيتى

ئاتا ـ ئانىلار ئەڭ ئاۋۋال بالىلىرىنىڭ تۆۋەندىكى 4 تۈرلۈك تەربىيىسىدىن مەسئۇلدۇر.

1. بالىلارنى ئېتىقادىي جەھەتتىن تەربىيلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

2. بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

3. بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

4. بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

بۇلارنىڭ تەپسلاتى تۆۋەندىكىچە:

## بالىلارنى ئېتىقادىي جەھەتتىن تەربىيلەش

بالىلارنى ئېتىقادىي جەھەتتىن تەربىيلەپ چىقىشتىن مەقسەت: ئۇلار ئەقىل ئىدراكقا ئىگە بولغىنىدىن باشلاپ، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، قەلبلىرىگە ئورنىتىش، ئىسلام دىنى شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە باشقىمۇ ئەمەللەرگە كۆندۈرۈش، مەنئى قىلىنغان بارلىق ھارام ئىشلاردىن ئۇلارنى ئۇزاقلاشتۇرۇش ۋە ئىسلام پىرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرۈش دېمەكتۇر.

ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى دېگىنىمىز:

ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىگە، ئۇ چۈشۈرگەن كىتابلارغا، ياخشىلىق ـ يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەللەردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىغا، جەننەت ـ دوزاخنىڭ راستلىقىغا ۋە بۇلاردىن باشقا

ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان پۈتۈن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش (يەنى ئىشىنىش) دېگەنلىكتۇر. ئېتىقاد ئەڭ مۇھىم مەسىلىدۇر. شۇڭا ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان پۈتۈن ئىبادەتلىرى ۋە ياخشى ئەمەللىرى پايدىسىزدۇر. بالىلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆگىنىدىغان نەرسىسى توغرا ئېتىقاد بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «بوۋاقلىرىڭلارنىڭ تىلىنى ﴿لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ﴾ دېگەن كەلىمە بىلەن ئېچىڭلار»[1].

بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، بوۋاقلارنىڭ پاك قەلبلىرى ۋە تازا تىللىرى ئەڭ ئاۋۋال ئىمان بىلەن بېزەلسۇن ۋە پارلىسۇن، كېيىنمۇ ئۇلار چوڭ بولغانلىرىدا، ئەڭ ئاۋۋال تىلى ۋە دىلى ئېچىلغان شۇ ئىمان بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت يولىدا داۋام قىلسۇن ئۈچۈن ئىدى.

ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەت ئەمەللىرى دېگىنىمىز:

دىنىمىزدىكى ناماز، روزا، زاكات، ھەج، بىلىم ئېلىش، جىھاد قىلىش، سىلە ـ رەھىم قىلىش ۋە باشقىلار قاتارلىق ئىبادەتلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلارنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداشقا، ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ئىشلاردىن قېچىشقا بۇيرۇڭلار، بۇ سىلەرنى ۋە بالىلىرىڭلارنى دوزاختىن

(1) تىرمىزى رىۋايىتى

ساقلاپ قالىدىغان قالقاندۇر»[1].

بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، باللارنىڭ كۆزلىرى كىچىكىدىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئىچىلىشى، خۇددى كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەكلىرىگە تەبىئىي ئىشتىھاسى بولغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشقىمۇ شۇنداق تەبىئىي ھېرىسمەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقلىرىنى ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشتىن تاپىدىغان، گۇناھ - يامان ئىشلاردىن خۇددى ئوتتىن قاچقاندەك قاچىدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى، كېيىن ئۇلار باالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ، شەرىئەتنىڭ بارلىق تەكلىپلىرىنى ھېچ ئېغىر كۆرمەستىن، تولۇق ئادا قىلىدىغان، گۇناھ - يامان ئىشلارغا يېقىنلاشمايدىغان بولۇپ ئادەتلىنىشلىرى ئۈچۈن ئىدى.

ئىسلام پىرىنسىپلىرى دېگىنىمىز:

ئىسلام دىنىدىكى ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، قانۇن ۋە باشقىلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «باللىرىڭلارنى كىچىككىدىن ئۈچ خىسلەتكە ئۆگىتىڭلار: پەيغەمبىرىڭلارنى سۆيۈش، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى سۆيۈش، قۇرئان ئوقۇش. ھەقىقەتەن قۇرئاننى يادلىغان ۋە ئوقۇغان كىشى قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەر بىلەن ئەرشىنىڭ سايىسىدا بىرگە بولىدۇ»[2].

بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، باللارنى كىچىككىدىن پەيغەمبەرنى سۆيۈشكە، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىشقا ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشقا

(1) ئىبنى جەرىر رىۋايىتى.
(2) تەبەرانىي رىۋايىتى

كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەقىقىي دىيانەتلىك، ۋاپادار، ئىتائەتچان مۇسۇلمان ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرگە ئىخلاس قىلغان كىشى ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يانىدۇ. مانا بۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلغانلىقتۇر. چۈنكى پەرمان قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش ئارقىلىق كىشى ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرىنى تاپىدۇ.

ئىمانلىق بولۇپ يېتىشكەن باللار ئەڭ ئاۋۋال ھەرئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتچان بولىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان كىشى ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرىدۇ، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشنى ئاللاھ تائالا نى رەنجىتكەنلىك، دەپ بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ، ئىككى ئالەمدە بەختلىك بولىدۇ.

## باللارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيلەش

باللارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيلەش دېگەندىن مەقسەت: ئۇلارنى كىچىكىدىن ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ۋە ۋىجدانلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دەيدۇ[1].

(1) بۇخارى رىۋايىتى

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق بولغىنىدۇر» دېدۇ[1].

دېمەك، ئەخلاق - پەزىلەت ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى ۋە مېۋىسىدۇر. ئەخلاق بىلەن ئىمان ئىككىسى بىر - بىرىگە ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىدۇر.

يۇقىرىقى ھەدىسلارنىڭ روھى بويىچە، ئەخلاقنىڭ كامىللىقى ئىماننىڭ كامىللىقىغا ۋە ئەخلاقنىڭ ئاجىزلىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىغا دەلىلدۇر. كۆپىنچە ئىبادەتلەر ئۇنى قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولسا، گۈزەل ئەخلاق باشقىلارغىمۇ پايدىلىقتۇر. بىراۋنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن ئومۇم خەلق مەنپەئەتلىنىدۇ. مىللەتلەر گۈزەل ئەخلاقى بىلەن يۇقىرى كۆتىرىلىدۇ ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلىشى بىلەن ئۇلارمۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ.

مىسىرلىق مەشھۇر شائىر ئەھمەد شەۋقى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

إنما الأمم الأخلاق مابقيت      فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا

ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت، راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر.

ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن، زاۋاللىققا ھامان كېتەر.

## ئەخلاق دېگەن نېمە؟

ئەخلاق سۆزى — كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك،

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

باشقىلارنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراش، ئۇلارغا ئازار بەرمەستىن يۇمشاق، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش دېگەنلىكلا ئەمەس. گەرچە بۇ ئىشلارمۇ گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىن سانالسىمۇ، لېكىن ئەخلاقنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن چوڭدۇر، ئەلۋەتتە. گۈزەل ئەخلاق ــ ھەر ئىشتا توغرا بولۇش، ئادىل بولۇش، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ساقلاش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاش، خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپ جاسارەتلىك بولۇش، ھەرئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى كۈتمەستىن ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

شۈبھىسىزكى، ئەخلاقلىق باللار ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە باشقىلارغا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ياخشىلىقلارنى ئايىمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە جەمئىيەتنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ.

## باللارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيەلەش

باللارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيەلەشتىن مەقسەت:

باللارنى كىچىكىدىن شەرئەت ئىلىملىرى، پەن ـ مەدەنىيەت ۋە ھەرخىل پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تەرغىپ قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پىكىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى كېلەچەكتە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىلمىي، مەدەنىي ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش دېمەكتۇر. باللارنى كىچىكىدىنلا ئوقۇتۇش ناھايىتى مۇھىمدۇر.

مەلۇمكى، ئوقۇش، ئۆگىنىش ھەر ياخشىلىقنىڭ بېشىدۇر. ئىسلام

دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقىمۇ كىشىلەرنى ئوقۇشقا چاقىرىشتۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلىق ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە تولۇقلىنىدۇ. بىلىم تۈرلۈك كەشپىياتلارنى ئاچىدۇ. بىلىم قاراڭغۇلارنى يورۇتىدۇ. بىلىملىك كىشىلەر ئۆلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا شۇڭا: ﴿ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴾ يەنى﴿بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ بولامدۇ؟﴾ دەيدۇ[1].

ئاخىرەتتە جەننەتنى قازىنىشمۇ بىلىم بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىلىم ئېلىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[2].

ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئاندىن ئالىم بولۇش پەقەت ئەقىل بىلەن بولىدۇ. شۇڭا ئەقلنى بىلىم ئېلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قورالى دەيمىز.

ئەقىل ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەتىۋارلىق بىر بايلىقتۇر. ئىنسانلار شۇ ئەقىل بىلەن ئۆزىنىڭ رەببىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچلىرىنى ئۆتەيدۇ. نەتىجىدە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئىنسانلار شۇ ئەقىل بىلەن ئىلىم - پەن ساھەسىدە تۈرلۈك يېڭىلىقلارنى، كەشپىياتلارنى ۋە ئىجادىيەتلەرنى يارىتىش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ھاياتلىقتا ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ

---

(1) زۇمەر سۈرىسى9 - ئايەت
(2) بۇخارى رىۋايىتى

بىرەلەيدۇ. زامانىمىزدىكى پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىمۇ ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ئەقلنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىنى قالدۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى قەتئىي ھارام قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەقىل ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ قۇرئاندىكى كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىنى ﴿بۇ ئېيتقانلىرىمىزدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار﴾، ﴿ئىبرەت ئېلىڭلار ئەي ئەقىل ئىگىلىرى!﴾، ﴿بۇلارنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنەلەيدۇ﴾ دېگەن جۈملىلەر بىلەن ئاياقلاشتۇرغان. ئەقىل شۇنچىلىك ئەزىز ۋە قىممەتلىك بىر بايلىق بولغان ئىكەن، ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن قالدۇرۇشقا ياكى ئاجىزلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان بارلىق ئامىللار شەرئەت ۋە ئەقلىنىڭ بىردەك تەقەززاسى بىلەن قەتئىي ھارامدۇر!

ئەقلىلىق ۋە بىلىملىك بالىلار ئاتا - ئانىسىنى قەدىرلەيدۇ، ئاللاھ تائالانى، ئۆزىنى، ئاتا - ئانىسىنى ۋە جەمئىيىتىنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ.

## بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەش

بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەشتىن مەقسەت: بالىلارغا كىچىكىدىن يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىكى سالامەتلىكنى ئاسراش ئۇسۇللىرىنى ۋە تەن ساقلىقىغا پايدىلىق بولغان ھەرخىل تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ساغلام، كۈچلۈك ۋە ئەل ئىشلىرىغا يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

بالىلار بالاغەت ياشلىرىغا (قىزلار 12، ئوغۇللار 14 ياشقا) يېتىشى بىلەن ئۇلار ھەرخىل ئويۇن - تاماشالار ۋە كۆڭۈل ئېچىشلار ئارقىلىق بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇ دەۋر ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەڭ

دىققەتلىك بولۇشىغا تېگىشلىك بولغان ئەھمىيەتلىك بىر دەۋردۇر. باللارنى بۇ ياشلىرىدا، تەن ساقلىقىغا پايدىلىق بولغان پاكىز، تەن - تەربىيە ۋە باشقىمۇ ئىجابىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل قىلمىغاندا، ئۇلار جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك يامان ئادەتلەرگە ئۆگىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئەسلىگە قايتۇرۇش قىيىن بولىدۇ، ھەتتا مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە باللىرىنى ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز يامان دوستلاردىن يىراقلاشتۇرۇشى، جىنسىي ھەۋەسنى ئۆرلىتىدىغان ھاياسىز فىلىملارنى، بولمىغۇر سۆرەتلىك ژۇرناللارنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىشى ۋە باللىرىنىڭ تەن ساقلىقىغا ئەڭ زىيانلىق بولغان تاماكا، ھاراق، زىنا - پاھشە قاتارلىق يامان ئىشلاردىن ئۇلارنى قەتئىي چەكلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

تاماكا — دوختۇرلارنىڭ ئىسپاتلىشى بويىچە، — ئۆپكە ياللۇغى، ئاشقازان ياللۇغى، راك، سىل، نەپەسنىڭ سىقىلىشى ۋە بەدەننىڭ ئاجىزلىشىشى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئەخلاقتا ۋە ئىقتىسادتا زىيانلىقتۇر.

ھاراق — ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، — پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ باشلامچىسى - ئوغۇرلۇق، ئالدامچىلىق، پاسكىنىلىق، قاتىللىق، ئاتا - ئانىسىنى قاخشىتىش، باللىرىنى زايا قىلىۋېتىش، ئۆزىنى خار قىلىش، جامائەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان رەزىل قىلىقلارنىڭ بىردىن - بىر باش رولچىسى ۋە گۇۋاھچىسىدۇر.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنى: «پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ۋە پاسكىنىچىلىقلارنىڭ ئانىسى» دەپ سۈپەتلىگەن. ھاراق پۈتۈن تۈرلىرى بىلەن ھارامدۇر. پىۋا، شامپانىيەلەرمۇ ھاراقنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ھاراق

پۈتۈن تۈرلىرى بىلەن ئەرنىڭ جىنسىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، سپېرمىنى سۇيۇلدۇرىدۇ، بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەرنى تەدرىجى ئەرلىكتىن قالدۇرىدۇ. مۇندىن باشقا، ھاراق ئادەمنى ئۆز غايىسىدىن ئاداشتۇرىدۇ، ئەقلىنى بۇلغايدۇ. مانا بۇلار تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي ۋە ئەمەلىي يەكۈنلىرىدىندۇر.

زىنا ـ پاھىشە بولسا، كىشىنى «ئېيدىز» دىن ئىبارەت ئېپلاس كېسەللىككە گىرىپتار قىلىدۇ، سىل كېسىلى، نەسىل ئەزالىرىدا راك قاتارلىق داۋاسىز يامان كېسەللىكلەرگە دۇچار قىلىدۇ، جەمئىيەتنى كىرلىتىدۇ، ئېپەت ـ نومۇسنى بۇزىدۇ، ئۆزىنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى يەرگە قارىتىدۇ، مۇندىن باشقا، تۈرلۈك رەزىللىكلەرگە ۋە بەختسىزلىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. زىنا ـ پاھىشە ئائىلىلىكلەرنىڭ ئائىلىسىنى پارچىلايدۇ، باللىرىنى يېتىم قىلىدۇ، بەختنى مۇسىبەتكە، مۇھەببەتنى نەپرەتكە ئايلاندۇرىدۇ. شەرىئەت ھۆكۈمى بىلەنمۇ زىنا ـ پاھىشە ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا زىنا ـ پاھىشىنى «يامان يول» دەپ سۈپەتلىگەن. كىشىنىڭ دۇنيا ۋەئاخىرەتلىك سائادىتىنى نابۇت قىلىدىغان زىنا ـ پاھىشىدىن باشقا يامان يول بارمۇ!؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «قانداقلا بىر مىللەتتە زىنا پاھىشە ياكى جازانىخورلۇق ئومۇمىيلىشىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ» دېگەن[1].

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، زىنا ـ پاھىشە ئومۇمىيلاشقان ھەر قانداق مىللەت زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ! پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيى كەلگەن چاغلاردا،

---

(1) ھاكىم رىۋايىتى

پارسلار بىلەن رۇملۇقلار دۇنياغا خوجايىن ئىدى. يەر يۈزى ئۇلارنىڭ سايىسىدىن قورقۇپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا، بۈگۈنكى ئىمپېراتورلۇقنىڭ مۈكەممەل، بىلىم - ھۈنەرلىك مۇتىزىم تەربىيە كۆرگەن، كۈچلۈك ئەسكەرلىرى مەككە تاغلىرىدىن چىققان، ئەسكەر كۈچى تايىنلىق، بىلىم - ھۈنەردە يېتەرسىز ئەرەبلەرگە تەڭ كېلەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بونىڭ سەۋەبى شوكى، روملۇقلاردا ۋە پارسلاردا زىنا - پاھىشە ئومۇمىيلىشىش نەتىجىسىدە ئەخلاق بۇزۇلغان، ئەمما ئەرەبلەردە ۋەھيىنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئەخلاق تۈزەلگەن ئىدى.

تاماكا، ھاراق ۋە زىنا- پاھىشەنى ماختايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك.كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامي ئەخلاق ۋە ھەققىي دىيانەتتىن ئايرىلىپ قىلىپ باشقىلارنىڭ تەھدىدى ئاستىدا باش كۆتىرەلمەسلىكىنىڭ، مۇسۇلمان باللىرىنىڭ تۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرگە ۋە تار كوچىلارغا كىرىپ قىلىپ ھاياتلىرىنى نابۇت قىلىشىنىڭ، ئۇيغۇر تارىخىمىزدىكى ئىقتىدارلىق زىيالىيلارنىڭ ئۆز غايىلىرىدىن ئادىشىپ ھالاك بولۇشلىرىنىڭ قاتىلى ۋە سەۋەبى تاماكا، ھاراق، زىنا - پاھىشە ۋە باشقىمۇ ئەخلاقسىزلىقلارغا بېرىلىش بولۇپ چىققانلىقى بىزگە مەلۇم.

شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى تاماكا، ھاراق ۋە زىنا - پاھىشە قاتارلىق ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەردىن مەنئى قىلىشتا:﴿ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ يەنى﴿ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾[1]، ﴿ وَلَا تَقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ﴾

(1) بەقەرە 195 - ئايەت

يەنـى ﴿ئـۆزۈڭلارنى ئۆلتـۈرمەڭلار﴾[1] دېـگەن ئىبـارىلەرنى سـۈرۈش ئارقىلىق يۇقىرىقى يامان ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئۆزىنىڭ ھالاك بولىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ھـازىرقى زامـان تېببـي مۇتەخەسسـلىرىنىڭ ئىلمـي يەكۈنلىرىدىمۇ: «تاماكا، ھاراق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش كىشىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ»، «تاماكا، ھاراق كىشىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆلتۈرىدىغان قاتىلى» ۋە «زىنا ـ پاھىشە كىشىنى ئاخىرى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان داۋاسىز كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىقى يامان ئادەتلەر باللارنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولۇش بىلەن بىرگە جەمئىيەتكىمۇ زىيانلىقتۇر. شۇڭا باللىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن باغرىنى كاۋاپ قىلىۋاتقان، كۆيۈمچان ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى بۇ ئىشلاردىن قەتئىي توسۇشى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن بۇرۇنراق ئۇلارنى يىراقلاشتۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. باللارنى كىچىكىدىن باشلاپلا بارلىق يامان ئادەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاددى بىرەر يامان ئىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ھوشيار بولمىغاندا، ئۇلار بۇ ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەربىيىلەيمەن، ئەسلىگە قايتۇرىمەن دېگەنلىك خام خىيالدۇر، ئەلۋەتتە.

باللارنى بۇ خىل يامان ئىشلاردىن توسۇشنىڭ بىر چارىسى، ئاتا ـ ئانىلار ئەڭ ئاۋۋال بۇ ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزلىرىنى تارتىشى، ھېچ

---

(1) نىسا سۈرىسى29ـ ئايەت

بولمىغانىدا، تاماكىغا ئوخشاش، يالغان سۆزگە ئوخشاش يامان ئەخلاقلارنى تاشلىيالمىغان ئاتا ـ ئانىلار ــ بۇ ئىشلارنى باللىرىنىڭ ئالدىدا قىلماسلىقى لازىم. دۇنيادا ھېچكىم باللىرىنىڭ يامان ئەخلاقلارغا ئۆگىنىپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. بۇنداق ئىكەن، باللىرىنى بۇ ئىشلاردىن توسۇشتا، ئۇلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىغا، بارىدىغان سورۇنلىرىغا ۋە ئارىلىشىدىغان دوستلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشلىرى كېرەك. ساغلام تەنلىك كىشىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان پايدىلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈچلۈك مۇسۇلمان ئاجىز مۇسۇلماندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر» دەپ كۆرسەتكەن[1].

خەلقىمىزدىمۇ «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دېگەن ھېكمەت بار. ئەقىللىق، ساغلام تەنلىك بولغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ دىنىغا، خەلقىگە ۋە ۋەتىنىگە ئەڭ كېرەكلىك كىشىلەردۇر. ساغلام تەنلىك كىشىلەر ئىبادەتلەرنىمۇ تولۇق ئورۇندىيالايدۇ، دۇنيالىق ئىشلىرىنىمۇ ياخشى ئېلىپ بارالايدۇ.

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

# ئائىلە ھاياتى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار

1. سوئال: ناماز ئوقۇيدىغان، دىيانەتلىك ئۆسكەن قىزلارنى ناماز ئوقۇمايدىغان، دىيانەتتىن يىراق ئۆسكەن ئەرلەرگە ياتلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانى تونۇپ، دىيانەت بىلەن ئەخلاقلانغان ۋە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان قىزلارنى دىيانەتسىز، ناماز ئوقۇمايدىغان ئەرلەرنىڭ بايلىقىنى ياكى ئابرويىنى ۋە ياكى مەنسىپىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۇلارغا ياتلىق قىلىش خاتادۇر. چۈنكى ئاياللار ئومۇمەن ئېرىنىڭ مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. ئاۋامنىڭ «ئايالنىڭ مەزھىبى يوق» دېگەن سۆزىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئېيتىلغان بولسا كېرەك. مۇسۇلمان ئاياللىرىنى مۇسۇلمان ئەمەس ئەرلەرگە ياتلىق قىلماسلىقنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ ئىدى. ئوغۇللىرىمۇ ئائىلە تەربىيەسى ياخشى بولمىغان ئۆزى پارقىراق، كۆڭلى قارا، دىيانەتسىز گۈزەللەرگە ئۆيلەندۈرمەسلىك كېرەك. بۇنداق قىلغان ئاتا ـ ئانا بۇ خاتالىقنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر قىز ـ ئوغۇللار شۇنداقلارنى تاللىغان بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا قارشى چىقىشى ۋە رەت قىلىشى لازىم. گەرچە باللار ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن ئوقۇمۇشلۇق ۋە بىلىم سەۋىيەلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەجرىبىسىگە ۋە يول كۆرسىتىشىگە ھەر زامان مۇھتاجدۇر. چۈنكى ياشلار كۆپرەك ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىلار سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ ئىش كۆرىدۇ. قىز ـ ئوغۇللار بۇ ماۋزۇدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى كۆپرەك ئاڭلىشى كېرەك. چۈنكى دۇنيادا ھېچ قانداق بىر ئاتا ياكى ئانا باللىرىنىڭ بەختسىز بولۇشىنى خالىمايدۇ. بەلكى ئۇلار باللىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. باللارغا نىسبەتەن،

ئاتا - ئانىلار كۆپىنى بىلىدۇ ۋە ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش كېرەك.

2. سوئال: ئاۋامنىڭ ئېتىقادىدا: بىراۋ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئىككىسى ئۆيلەنمەكچى بولسا، بۇ ئىككىسىنىڭ قىلماقچى بولغان نىكاھى چۈشمەيدۇ ، دەيدىغان چۈشەنچە بار، بۇنىڭ دىنىمىزدا ئاساسى بارمۇ؟

جاۋاب: ئاز ساندىكى بەزى ئالىملار بۇنداق نىكاھنى دۇرۇس ئەمەس دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى ۋە باشقىمۇ ئالىملار نىكاھلىنىشنىڭ شەرتلىرى (يەنى قىز - يىگىتنىڭ رازىلىقى، گۇۋاھچىلارنىڭ ھازىر بولۇشى قاتارلىق شەرتلىرى) تولۇق بولغان ئىكەن، بۇنداق نىكاھ دۇرۇس ۋە چۈشىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ الزَّانِي لَا يَنْكِحُ إِلَّا زَانِيَةً أَوْ مُشْرِكَةً وَالزَّانِيَةُ لَا يَنْكِحُهَا إِلَّا زَانٍ أَوْ مُشْرِكٌ وَحُرِّمَ ذَلِكَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ ﴾يەنى ﴿ زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ. زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ. ئۇ مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾ دېگەن[1].

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، زىنا قىلغۇچى ئەر بىلەن زىنا قىلغۇچى ئايال بىر - بىرى بىلەن بولسۇن ياكى باشقىسى بىلەن بولسۇن نىكاھنىڭ شەرتلىرىنىڭ تولۇق بولۇش شەرتى بىلەن نىكاھلىنالايدۇ. بەلكى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى، بىر - بىرى بىلەن زىنا قىلغان ئەر بىلەن ئايال

(1) نۇر سۈرىسى 3 - ئايەت

ئىككىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەنلا ئۆيلىنىشى كېرەكلىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەمما زىنا قىلغۇچى ئەر ياكى ئايال ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ مۇشرىك (بۇتپەرەس) بىلەن ئۆيلىنىشى ياكى ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشى دۇرۇس ئەمەستۇر.

3. ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن بىر - بىرى بىلەن زىنا قىلغان ئەر - ئايالنىڭ بۇ ئۆيلىنىشى ئۇلارنىڭ قىلغان زىنالىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كاپارەت (يەنى كەچۈرۈم) سانىلامدۇ؟

جاۋاب: ياق، ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشى ئۇلارنىڭ بۇرۇن قىلغان زىنالىرىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن كاپارەت سانالمايدۇ. بەلكى ئۇلار گۇناھلىرى ئۈچۈن ئايرىم تەۋبە قىلىشى لازىم. ئۇلار زىنادىن ساقلىنىش نىيىتى بىلەن ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئايرىم ساۋاب تاپىدۇ. چۈنكى، ھارامدىن ساقلىنىش ساۋاپلىق ئىشتۇر.

4. سوئال: ئايال ئۆزىنىڭ مەشغۇلىيتى ياكى ھارغىنلىقى سەۋەبىدىن ئېرىنىڭ رىغبىتىگە ئۇنىمىسا توغرا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئايالنىڭ مەشغۇلىيتى قانچىلىك مۇھىم بولىشىدىن، قانچىلىك ھارغىن بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئېرىنىڭ تەلىپىگە ماسلىششى مۇھىمدۇر. ئەگەر ئايال ئۇنداق قىلمىغاندا، ئېرىنىڭ سىرتقا قاراپ قېلىشىغا سەۋەبكار بولىدۇ. نەتىجىدە، زىياننى ئايال تارتقان بولىدۇ. ئەگەر ئايال ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاك بولمىغان ھالەتتە بولسا، ئېرىنىڭ ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەتكە زورلىشى توغرا ئەمەس. بۇنداق ئەرمۇ گۇناھكار بولىدۇ.

5. سوئال: ئادەت ياكى تۇغۇتنىڭ ئۆزرىسىنى باھانە قىلىپ ئايالنىڭ ئېرىدىن يىراقلىشىپ، ئايرىم يېتىۋېلىشى توغرىمۇ؟

جاۋاب: توغرا ئەمەس، چۈنكى ئەرنىڭ، ئايالى ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتلۇق بولغان ھاللىرىدىمۇ، (كىيىمنى يەشمەستىن) ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتىشى، كۆڭۈل ئېچىشى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا يېقىنچىلىقلارنى قىلىشى ھەققىدۇر. مۇنداق قىلىش ئەر - ئايال ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ياخشى. ئەمما ئەر ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى ئىدارە قىلالماستىن، مەنئى قىلىنغان ئىشنى ئىشلەپ قويۇشىدىن قورقسا بىرگە ياتمىغىنى ۋە ئايالىغا ئارتۇقچە يېقىنلاشمىغىنى ياخشىدۇر.

6. سوئال: ئايالى ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتلۇق بولغان ۋاقتىتا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشى ئۈچۈن كاپارەت كېلەمدۇ؟

جاۋاب: ئەر - ئايال ھەرئىككىسى بۇ ھالەتتە گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر ئېرى ئايالىنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ئىشنى زورلۇق بىلەن قىلغان بولسا، بۇ ۋاقتىتا ئېرىلا گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىشى لازىم كېلىدۇ. ئەمما كاپارەت(ماددىي جازا) توغرۇلۇق بەزى ئالىملار ئۇنىڭغا كاپارەت يوق، پەقەت تەۋبە قىلىشى لازىم كېلىدۇ، دىسە، بەزى ئالىملار تەۋبە بىلەن كاپارەت بىرگە لازىم كېلىدۇ، دەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ گۇناھنى ئىشلىگەن كىشى تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە مال دۇنياسىدىن مەلۇم مىقداردا سەدىقە بېرىپ كاپارىتىنى ئادا قىلسا بولىدۇ.

7. سوئال: ئەر خوتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىش ئۈچۈن جىنسىي فىلىملەرنى كۆرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: قەتئىي بولمايدۇ، چۈنكى ئەر - ئايال بولمىغان ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە تىكىلىپ قارىشى قۇرئاننىڭ ھۆكۈمى بىلەن قەتئىي ھارام بولغان يەردە، فىلىملاردا بولسىمۇ باشقىلارنىڭ ئۇچۇق

بەدەنلىرىگە قاراش قانداقمۇ جائىز بولسۇن؟! بەزىلەر فىلىم دېگەن رەسىم ۋە خىيالدىن ئىبارەت نەرسە بولغاچقا، ئۇنى كۆرسە بولمامدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن ، لېكىن فىلىم رەسىم بولسىمۇ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆز سۈرىتىدۇر. ئۇنى كۆرۈش ھارامدۇر. ئۇ خىيالمۇ ئەمەس، بەلكى ئەينەن سۈرەتتۇر.

8. سوئال: ئۆيلىنىشكە پۈتۈشكەن قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلمىگىنى ئۈچۈن قىزنى ئېلىپ قېچىش توغرا بولامدۇ؟

جاۋاب: توغرا بولمايدۇ، چۈنكى مۇنداق قىلىش گەرچە نىكاھنىڭ شەرتلىرىگە نوقسان يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ، ئىسلام ئەخلاقىغا ۋە تەلىماتىغا خىلاپ ئىشتۇر. قىزلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىش دىنىمىزنىڭ ئەخلاقىدىندۇر.

9. سوئال: ئاتا - ئانىسى مۇۋاپىق كەلمەسلىكتە چىڭ تۇرىۋالسا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: يۇرتنىڭ موتىۋەرلىرىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى، ئۆلىمالارنى ئارىغا سېلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت ئېيتقۇزۇش ـــ ئەگەر ئىككىسى توي قىلمىغاندا، بىر - بىرىدىن ۋازكېچەلمىگەنلىكتىن يولسىز، بىنورمال ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن، ئاتا - ئانىنىڭ ئاخىرى پۇشايمان تارتىپ قالىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىش، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

10. سوئال: بەزى كىشىلەر تىز مەنى تۆكۈلۈشتىن شىكايەت قىلىدۇ. ئۇلار قانداق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان ۋاقىتىدا خىيالىنى باشقا يەرگە بۆرىشى، ھەرىكەتىنى كۆپ قىلماسلىقى، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ھاياجانلانماسلىقى ۋە ئالدىراپ كەتمەسلىكى ئارقىلىق بۇ ھالەتكە تاقابىل تۇرالايدۇ.

11. جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ئېھتىلامدىن باشقا ھاللاردا تۆكۈلگەن سپېرمىنىڭ زىيىنى بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە زىيىنى بار. ئۇ، كىشىنىڭ جىسمىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ھالەتنىڭ ئىنساننىڭ تەن ساقلىقىغا زىيىنى بارلىقىنى تېببىي مۇتەخەسسىسلەر تەكىتلەپ كەلمەكتە.

12. سوئال: ئۆيلىنىشكە شەرت ـ شارائىتى يار بەرمىگەنلەر ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلاش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، روزا تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى روزا تۇتۇش جىنسىي شەھۋەتنى ئازايتىدۇ. مۇندىن باشقا چارىلەرمۇ بار، مەسىلەن: نامەھرەم ئاياللارغا تىكىلىپ قارىماسلىق، قۇرئان ئوقۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىش، جىنسىي ھېكايە، ژۇرناللارنى ئوقۇماسلىق ۋە جىنسىي فىلىملەرنى كۆرمەسلىك، ئەڭ مۇھىمى پىكىر ـ خىيالىنى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىش، ئاياللار توغرۇلۇق ئويلانماسلىق قاتارلىقلار ئۇلارغا سەۋر ـ تاقەت ئاتا قىلىدۇ.

13. سوئال: تۇغۇت جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شېھىدلىق دەرىجىسىدە ئۆلگەن بولىدۇ، دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئاساسى بارمۇ؟

جاۋاب: تۇغۇت جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنى كۆپلىگەن ئالىملار شېھىدلار قاتارىدىن سانايدۇ. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى بىلەن

بولىدۇ.

14. سوئال: قىز ـ يىگىتلەر ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ ئېملداش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپسا ئۇلار نېمە قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئىككىسىنىڭ ئېملداش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھامان نىكاھتىن ئايرىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ ئېملداش ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئۆتكۈزگەن ئەر ـ خوتۇنچىلىقى ئۇچۇن گۇناھ بولمىسىمۇ ، بىلگەندىن كېيىن نىكاھى بۇزۇلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېملداش ئىكەنلىكىنى ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىنمۇ، نىكاھتىن ئايرىلماي داۋام قىلىۋەرسە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى زىنا قىلغان بولىدۇ. ئەمما ئىككىسىنىڭ ئېملداش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋاقىتلىرىدىكى تاپقان باللىرى زىنا باللىرى ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسەبىگە قوشۇلىدۇ.

15. سوئال: ئەرنىڭ ئايالىنى سىرتتا ئىشلەشتىن مەنئى قىلىش ھوقۇقى بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە بار. ئائىلىسىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلىگەن ئەر ئايالىنى سىرتتا ئىشلەشكە چىقارماستىن، بەلكى ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى ئۆزى ھەل قىلىدۇ. ئېرى ئەگەر ئايالىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى نورمال دەرىجىدە قامداپ بېرەلمىگەن بولسا، بوۋاقتتا ئايالىنى سىرتتا، ئۆزىگە مۇناسىپ، شەرەپلىك ئىشتا ئىشلەشتىن توسالمايدۇ.

16. سوئال: بەزى ئاياللار تىرناقلىرىنى بويىۋالىدۇ، بۇ بوياق ئۇلارنىڭ تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسلى قىلىشىغا توسقۇن بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە توسقۇن بولىدۇ. چۈنكى تاھارەت ۋە غۇسۇلدا سۇنى يۇيۇلغان ئەزالارغا ئۆتكۈزۈش شەرتتۇر. ھالبۇكى، تىرناقلىرىنى بويىۋالغان ئايال تاھارەت ئالسا ياكى يۇيۇنسا سۇ ئۇنىڭ تىرناقلىرىغا ئۆتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلە قىلىشتىن بۇرۇن تىرناقلىرىدىكى بوياقلىرىنى تازىلاپ چىقىرىپ بولۇپ، ئاندىن تاھارەت ئېلىشى ياكى يۇيۇنۇشى كېرەك. ئەمما تەبىئىي خېنە بىلەن پۈت-قوللىرىنى بويىغان ئايال تاھارەت ئالغاندا ياكى يۇيۇنغاندا، بۇلارنى چىقىرىشقا ھاجەت يوق.

17. سوئال: تۇغۇلماقچى بولغان بالىنىڭ ساغلىق تەرەپتىن كەمتۈك تۇغۇلىدىغانلىقى دوختۇرلار تەرىپىدىن بىلىنسە، ئۇنى چۈشۈرىۋېتىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: توغرا بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش بىر جانغا جىنايەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇنى خۇددى بېجىرىم تۇغۇلىدىغان بالىنى كۈتىۋالغاندەك، كۈتىۋېلىش، قالغىنىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش كېرەك.

18. سوئال: نىكاھنى يۇرتنىڭ موتىۋەر ئۆلىماسى ياكى مەسجىدنىڭ ئىمامى قىلىشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: نىكاھنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولۇشى شەرتى بىلەن نىكاھنى ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ كىشى ئوقۇسا بولىدۇ. ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھچىنى ھازىرقىلىپ تۇرۇپ ئەر - خوتۇن بولماقچى بولغان ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ نىكاھلىرىنى «ئالدىم» ۋە «تەگدىم» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئورۇندىسىمۇ بولىدۇ. نىكاھنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى دېگىنىمىز يوقۇرىدا «نىكاھنىڭ شەرتلىرى» دېگەن بۆلۈمدە ئېيتىلغاندەك، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ

رازىلىقــى ۋە مۇســۇلمان ئىككــى ئەر گۇۋاھچىنىــڭ ھــازىر بولۇشــىدىن ئىبارەتتۇر.

19. ســوئال: ئەرـ ئايــاللار تۇرمۇشــتا بەختلىــك بولالمىغــانلىق يــاكى باشــقا ســەۋەبلەر بىــلەن ئاجراشــقاندا، ئەرنىــڭ ئايالىغــا بــۇرۇن بەرگەن تويلۇقى ياكى مەھرىدىن بىر قىسمىنى ئېلىۋېلىشى ياكى تەلەپ قىلىشى دۇرۇسمۇ؟

جــاۋاب: ئەرنىــڭ ئايالىغــا بەرگەن نەرســىلىرىنى ئېلىۋېلىشــى يــاكى ئــۇنى تەلەپ قىلىشــى جــائىز ئەمەســتۇر. چــۈنكى ئايالىغــا بېــرىلگەن نەرســىلەر ئۇنىڭغــا نىكاھنىــڭ ســەۋەبى بىــلەن بەلگىلەنــگەن ھەقتــۇر. ئاجراشــقان ســەۋەبتىن ئــۇنى ئېلىــۋېلىش يــاكى ئېلىشــنى تەلەپ قىلىــش تــــوغرا ئەمەس. بەرگەن نەرســــىلىرىنى قــــايتۇرۇپ بېرىشــــكە زورلاپ ئايالىنىــــڭ خېتىنىــــى بەرمەي ئارقىغــــا سۈرۈشــــمۇ ھەددىــــدىن ئاشــــقان نامەرتلىك ۋە چۈپەيلىكتۇر. ئاياللار ئـاجىز ۋە شـەپقەتكە ئېھتىيـاجلىق بىـر جىنس. ئۇلارغا شەپقەتلىك ۋە كەڭ قورساق بولـۇش كېـرەك. ئەگەر ئايـال ئــۆز ئىختىيــارى بىــلەن ھېچبىــر زورلۇقســىز ھالــدا، تــويلاقتىن يــاكى مەھرىدىن بىر قىسىم نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى خالىسا، ئۇنى ئالسا بولىدۇ. چـۈنكى ئايـال بـۇ ۋاقىتتـا ئـۆز رازىلىقـى بىـلەن ئـۆز ھەققىـدىن كەچكەن بولىدۇ. ئەمما ئەخلاقلىق، ئېسىل كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئــۇنى قوبۇل قىلىشمۇ ئۇيغۇن توختىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

20. ســوئال: ئايــال بېشــىنى يــۆگەش نىيىتىــدە چېچىنىــڭ ئۇســتىگە ياسىما چـاچ كىيىۋالسـا، بـۇ ئىسـلامدا بۇيرۇلغـان ئىسـلامىي قىيـاپەتتىكى رومال قاتارىغا كىرەمدۇ؟

جــاۋاب: ئاياللارنىــڭ بېشــىغا چــاچ كىيىۋېلىشــى رومــال قاتارىغــا

كىرمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامىي قىياپەتتىكى رومال ئارتىپ بېشىنى ئۇنىڭ بىلەن يۆگىسە، بۇ ۋاقىتتا ئۇ، ئىسلامىي رومال ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بېشى ئوچۇقلا تۇرىدىكەن، ئۇ، ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

21. سوئال: ۋەسىيەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەسىيەت ـ بىراۋ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەسەررۇپ قىلىشقا تاپشۇرۇشى دېگەنلىك بولۇپ، ۋەسىيەت ئۆلگۈچىنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن قەرزىسى بولسا تۆلەش ياكى ئۆز تەلىپىگە ئاساسەن، بىراۋغا بىر نەرسە بېرىش ياكى ئومۇمغا پايدىلىق بولغان ئىشلارغا سەرپ قىلىش قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ.

22 . سوئال: ۋەسىيەت قاچان ئورۇندىلىدۇ؟

جاۋاب: ۋەسىيەت مىراسنى تەقسىم قىلىشتىن ئاۋۋال ئورۇندىلىدۇ.

23. سوئال: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ شەرتى تۆۋەندىكىچە:

(1) ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ بالاغەت يېشىغا يەتكەن بىرى بولۇشى.

(2) ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇشى.

(3) ۋەسىيەتنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان بولۇشى، زورلانغان بولماسلىقى.

(4) ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئۆز ئىلكىدە بولۇشى، باشقا بىرىنىڭ ھەققى ياكى تېخى قولىغا ئۆتمىگەن نەرسە بولماسلىقى.

(5) ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ھالال نەرسىلەردىن بولۇشى، ھاراق، تاماكا ۋە ھەر قانداق بىر ھارام نەرسە بولماسلىقى.

(6) ۋەسىيەتنىڭ ۋارىسلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولماسلىقى.

24. سوئال: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟
جاۋاب: ۋەسىيەت قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى پەرز، يەنە بىرى، مۇستەھەبتۇر.
25. سوئال: قايسى ۋاقىتتا ۋەسىيەت قىلىش پەرز بولىدۇ؟
جاۋاب: ئۈستىدە بىراۋغا تۆلەشكە تېگىشلىك قەرز ياكى بېرەلمىگەن زاكات بولسا، مۇنداق كىشىنىڭ بۇ ماۋزۇدا ۋەسىيەت قىلىشى ۋە ۋەسىيەتنى ھۆججەت قىلىپ يازدۇرۇپ قالدۇرۇشى پەرزدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلمىغاندا ھەق - ھوقۇقلار جايىغا تەگمىگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «قانداقلا بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەسىيەت قىلىدىغان بىرەر ئىشى بولۇپ، ۋەسىيەت ھۆججىتىنى تاماملىماستىن بىر كېچىدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكۈزۈشى جائىز ئەمەس»[1] دەپ كۆرسەتكەن.
26. سوئال: قايسى ۋاقىتتا ۋەسىيەت قىلىش مۇستەھەب (ساۋابلىق) بولىدۇ؟
جاۋاب: ئۈستىدە قەرز ياكى بېرەلمىگەن زاكات قالمىغان كىشىنىڭ مال - دۇنياسىدىن بىر قىسمىنى خالىسانە ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىش ياكى مىراسخورلىرىنىڭ سىرتىدىكى مەلۇم شەخسلەرگە بېرىش ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىشى مۇستەھەبتۇر. ئەمما ۋارىسلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش تەرىقىسىدە ۋەسىيەت قىلىش ھارامدۇر.
27. سوئال: ۋەسىيەتنى كىملەرگە قىلىشقا بولمايدۇ؟
جاۋاب: بىراۋنىڭ ئۆز ۋارىسلىرىدىن بىرەرسىگە ياكى بىر قانچىسىغا ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن، تېگىشلىك مىراستىن تاشقىرى ئارتۇق بىر

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

نەرسە بېرىلىشىنى ۋەسىيەت قىلىشى توغرا ئەمەس. مۇنداق ۋەسىيەت يۈرگۈزۈلمەيدۇ. ئەگەر باشقا ۋارىسلار بۇ ۋەسىيەتنى يۈرگۈزۈشكە رازى بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ مەزكۇر ۋارىسلارنىڭ ھەدىيەسى ياكى ياردىمى سۈپىتىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

28. سوئال: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ قانداق ساۋابى بار؟

جاۋاب: ۋەسىيەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەت قىلغان ياخشى ئەمەللەردىن بىرى بولۇپ، مۇكاپاتى قىيامەت كۈنى بېرىلىدىغان، ساۋابى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىپ تۇرىدىغان، كىشىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان پەزىلەتلىك ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەلى ئۈزۈلۈپ، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ ساۋابىلا داۋام قىلىدۇ. ئۇلار: سەدىقە جارىيە (داۋام قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى ئىش)، پايدىلىق ئىلىم، ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت»[1] دەپ كۆرسەتكەن. يەنى ئادەم ئۆلۈشتىن بۇرۇن يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنى ياكى بۇلاردىن بىرەرسىنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ.

29. سوئال: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

جاۋاب: ۋەسىيەتنىڭ كۆپلىگەن پايدىلىرى بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇنۇلار:

(1) ھەق ـ ھوقۇقلارنى زايە بولۇشتىن قوغداش. چۈنكى ۋەسىيەت قىلغان ئادەم ئۈستىدە باشقىلارغا بېرىشكە تېگىشلىك ياكى ئۇلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك ھەقلەرنى ياكى ئۆزىدە قويۇلغان ئامانەت بولسا ياكى

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

بىرىلمىگەن زاكات بولسا ياكى ئورۇنداشقا تېگىشلىك مەنىۋى مەنپەئەتلەر بولسا، ئۇلارنى بايان قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەق-ھوقۇقلار ئۆز جايلىرىغا يەتكەن بولىدۇ.

(2) مەسجىد بىنا قىلىش ياكى دوختۇرخانا سېلىش ياكى يول ياساش ياكى قۇدۇق كولاپ قويۇش ياكى مەكتەپ ـ مەدرىسە ئېچىشقا ئوخشىغان ياخشى ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەن ئادەم تا قىيامەتكىچە بۇ ياخشى ئىشى ئۈچۈن ساۋابتىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئومۇم خەلق بۇ ياخشى ئىشلارنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ.

(3) كەمبەغەللەرنىڭ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى قامداشنى ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەن ئادەم ئۇلارنى دەرتتىن چىقارغان، ئاخىرەتتە ساۋابىنى كۆرگەن بولىدۇ.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھاياتىدىن كېيىن ئورۇندىلىشىنى ۋەسىيەت قىلغان ئادەم بۇ ۋەسىيىتى ئۈچۈن كۆپ ساۋاب قازىنىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر ۋە كىشىلەرنىڭ ياخشى دۇئالىرىغا سازاۋەر بولىدۇ.

(4) قىلىنىپ كېلىۋاتقان خەير-ساخاۋەت ياكى قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى ۋارىسلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋام قىلدۇرۇشىنى ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەن ئادەم بۇ ۋەسىيىتىنىڭ ساۋابىنى ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ، بۇ دۇنيادىمۇ ئۇنىڭ ياخشى نامى يادلىنىپ تۇرىدۇ.

30. سوئال: مىراس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بىراۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيا ۋە باشقا ھەر قانداق نەرسىسى «مىراس» ياكى «تەرىكە» دەپ ئاتىلىدۇ.

31. سوئال: تەرىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار قايسىلار؟

جاۋاب: تەركىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار تۆۋەندىكىلەر بولۇپ، مۇنۇ تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ:

(1) مېيىتنى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە يۇيۇپ. تاراش، كېپەنلەش ۋە دەپنە قىلىشقا قەدەر بولغان پۈتۈن چىقىملار ئۈچۈن مېيىتنىڭ تەركىسىدىن ئىسراپ ياكى كەم قىلماستىن قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

(2) مېيىتنىڭ ئۈستىدە قەرز بولسا ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ.

(3) مېيىتنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش. مېيىتنى مىراس ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ۋارىسلىرىغا مىراسىنىڭ سىرتىدا پۇل ـ مال بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى توغرا ئەمەس. شۇنداق ۋەسىيەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ، بۇ ۋەسىيەت يۈرگۈزۈلمەيدۇ. ئەمما مېيىت ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بولمىغان بىرىگە پۇل ـ مېلىدىن بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇ مېيىتنىڭ تەركىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بولماسلىق شەرتى بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ. ﴿(مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك﴾[1]

(4) قالغان تەركە ۋارىسلار ئوتتۇرىسىدا شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم يۇقىرىقى تەرتىپكە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿(مىراس تەقسىماتى) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ﴾[2].

(1) نىسا سۈرىسى12- ئايەت.

(2) نىسا سۈرىسى12- ئايەت.

32. سوئال: مىراس ئېلىشنىڭ سەۋەبلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: ئىككى سەۋەب بىلەن كىشىلەر بىر- بىرىدىن مىراس ئالالايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى نەسەب، يەنە بىرى نىكاھتۇر.
33. سوئال: نەسەب سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار كىملەر؟
جاۋاب: نەسەب سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار- مېيىتنىڭ باللىرى، نەۋرىلىرى، بىر تۇغقانلىرى، بىر تۇغقانلىرىنىڭ باللىرى، ئاتا - ئانىسى، بوۋا - مومىلىرى، دادا تەرەپ تاغىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى قاتارلىق يېقىن تۇغقانلىرىدۇر.
34. سوئال: نىكاھ سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار كىملەر؟
جاۋاب: نىكاھ سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار ئەر - خوتۇنلار بولۇپ، بىراۋ بىر ئايالغا نىكاھلىنىپ تېخى ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويماستىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھايات قالغىنى ئۆلگەن جورىسىدىن مىراس ئالىدۇ.
35. سوئال: مىراس ئېلىشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلار كىملەر؟
جاۋاب: مىراس ئېلىشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلار ئىككى خىل كىشى بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:
(1) مىراس قالدۇرغۇچىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، يەنى بىراۋ ئاتا- ئانىسىدىن بىرەرسىنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مىراسىغا ئىگە بولالايدىغان كىشىلىرىدىن بىرەرسىنى (تۇغقىنىنى ياكى جورىسىنى) قەستەن ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن مىراس ئالالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «قاتىل ئۆزى ئۆلتۈرگەن كىشىسىنىڭ مىراسىدىن ھېچ نەرسە ئالالمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(1) ئىبنى ئابدۇلبىر رىۋايىتى.

(2) مېيت بىلەن ۋارىسنىڭ بىر دىندا بولماسلىقى يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيت مۇسۇلمان، مىراس ئالغۇچى مۇسۇلمان ئەمەس ياكى مىراس قالدۇرغۇچى مۇسۇلمان ئەمەس، مىراس ئالغۇچى مۇسۇلمان بولسا، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «كاپىر مۇسۇلماندىن، مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالالمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ مۇرتەد بولۇپ كەتكەن كىشىمۇ بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

36. سوئال: مىراس ئېلىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مىراس ئېلىشنىڭ شەرتلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:

(1) مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆلگەن ياكى ئۆلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنغان بولىشى. مەسىلەن: ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئادەمگە «ئۆلدى» دەپ رەسمىي مەھكىمىدىن ھۆكۈم چىقىرىلغىنىغا ئوخشاش. چۈنكى تىرىك ئادەمنىڭ مىراسى تەقسىم قىلىنمايدۇ.

(2) مىراس قالدۇرغۇچى ئۆلگەن ۋاقىتتا ۋارىسنىڭ ھايات بولىشى. چۈنكى مىراس قالدۇرغۇچىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۇنىڭ مىراسىنى ئالالمايدۇ. مەسىلەن: بىراۋ ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۆلۈپ كەتكەن بۇ كىشىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بوۋىسىنىڭ تەركىسىدىن ئاتىسىنىڭ مىراسى سۈپىتىدە مىراس ئالالمىغىنىغا ئوخشاش. ئەمما ئۇلارنىڭ نەۋرە سۈپىتى بىلەن مىراس ئېلىشى باشقا مەسىلە.

---

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# پايدلنلغان ماتيرياللار


1- خلق المسلم

2- أدب معاشرة زوجية

3- أدب إسلامي في نظام الأسرة

4- يسألونك في الدين والحياة

5- أصول التشريع الإسلامي

6- الدر المختار

7- فتح القدير

8- مناهج الشريعة الإسلامية

9- الهداية

10- أدب الأسرة في الإسلام

11- فتاوى معاصرة

12.فقه السنة

13.فقه الحلال والحرم